# تارىم

6

1987



جۇ يىگاۋ فوتوسى

**باش مۇھەررىر:** ئابلىمىت سادىق.
**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

---

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى** (ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە):
ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال )

# TARIM

6

1987

37 - يىلنەشرى

# بۇساندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۆسمۈرلەر گۈلزارى

رۇقىيە غېنى ...... بۇ ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس(نەسىر) ...... 5
زۇلھايات ئۆتكۈر ...... باھار (نەسىر) ...... 7
ئەكرەم ھەسەنبەك ...... چۈشىن بىلەن چۈمۈلە(مەسەل) ...... 8
تاھىر خالىق ...... باھار ...... 10
ئايگۈل نىياز ...... ۋەتەن مۇھەببىتى ...... 10
دىلبەر ۋارىس ...... مەكتىپىم ...... 10
نىجات ئۆمەر ...... كىتاب ...... 11
ئارزۇگۈل ئابدۇللا ...... مۇئەللىم ...... 11
رەناگۈل روزى ...... مەن نوتا كۆچەت ...... 11
ئالىمجان ئازات ...... مېگىۋاتىمىز ...... 11

## نەسرىي ئەسەرلەر

ماھمۇت مۇھەممەت ...... ئايالىمنىڭ دوستى(ھېكايە) ...... 12
ئامانگۈل مامۇت ...... قارلىغاچلار نېمە دەيدۇ؟(نەسىر) ...... 25
ئالىمجان ئىسمايىل ...... يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ ...... 37
ئەخمەت ھاشىم ...... توينىڭ خۇلاسىسى (ھېكايە) ...... 83

## شېئىرلار

مۇختەر سوپى ...... ئىزگۈ ھېسلار ...... 28
ئەخمەتجان ئوسمان ...... مۇھەببەت لىرىكىلىرى ...... 31
ئىلھامجان ئابلىز ...... ھايات سۈرەتلىرى ...... 33
رەپقەتجان خېلىل ...... شېئىرلار ...... 34
دىلشات مۇسەللىم ...... ئەپسۇسلانىما ...... 35
...... دوستلارغا ...... 35

تارىم

—

غۇلام ئابدۇرەھىم ........................ سۇ ئىچىدە يانغان ئوت ........................ 36
زاھىر يۇسۇپ ........................ قۇياش ۋە چاقماق........................ 36
ئەنۋەر زىياۋۇدۇن........................ شېئىرىمدا ئۇندەش كۆپ........................ 36
ئوسمانجان ساۋۇت ........................ شېئىرلار ........................ 71
مىرزايىت كېرىمى ........................ باھاردا ئېچىلغان غۇنچىلار........................ 77
ئابدۇللا سۇلايمان........................ ئىككى شېئىر ........................ 79
روزى سايىت ........................ شاراب ھەققىدە پارالى........................ 79
سەلەي قاسىم........................ شېئىرلار........................ 81
مەمتىمىن زىبىبۇللا........................ ئۈچ شېئىر........................ 82
ئايگۈل مۆيدىن........................ ھەزەر ئەيلە........................ 82

## تەرمە گۈللەر

خالىدە ئىسرائىل........................ ئىبە، ھايات(ھېكايە)........................ 91
ماھىنۇر ئوسمان........................ ئاپا، بىزنى تاشلاپ كەتمە!........................ 104
مالىك كېۋىر........................ ياخشى يېزىلغان ھېكايە(ئوبزور) ........................ 107
زاھىر ئابدۇراخمان........................ ئۆكسۈگەن نەپەسلەر(شېئىر)........................ 108

## باللار ئەدەبىياتى

تۇرسۇنتاي ھۈسەيىن........................ كەنجى ئاسلان بىلەن كىچىك چاشقان
توغرىلىق ھېكايە(ھېكايە)........................ 109
تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن........................ ئىككى شېئىر........................ 116

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەتتمەن بارى ......... شېئىرلار ......... 117
ھەسەن تىلمۇالدى ......... قايىل بولدى ئانىسى ......... 118
ئابدۇللا ئىدرىس ......... كېپىنەك ......... 119
جېلىل مۇھەممەد ......... باغچا ناخشىلىرى ......... 119

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

چىن يۈك ......... ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مېتودولوگىيە مەسىلىسى (ئوبزور) ......... 121

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

ئىشچىلىقتىن يازغۇچىلىققا ......... 143

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

«دوختۇر ژىۋاگو»نىڭ ئوڭۇشسىز تەقدىرى ......... 147

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

فرانسىيە كافكا (ئاۋستىرىيە) ......... يېزا دوختۇرى (ھېكايە) ......... 152

## ئەدەبىي ھايات

خەۋەرلەر ......... 160




«1- ئىيۇن» باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆسمۈر-غۇنچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن «ئۆسمۈرلەر گۈلزارى» سەھىپىمىزدە بىر قىسىم باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى باستۇق.

— تەھرىر

**رۇقىيە غېنى**

## بۇ ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس

(نەسىر)

مەن بۇرۇن بىرەر پارچە ماقالە ياكى بىرنەچچە كۇپلېت شېئىر يېزىشنى «ناھايىتى ئاسان ئىشقۇ» دەپ ئويلايتتىم.

بىر كۈنى ئەدەبىيات دەرسىدىن كېيىن، ئايگۈل مۇئەللىم ھەر بىر ساۋاقداشنىڭ خالىغان تېمىدا تۆت كۇبلېتلىق شېئىر ياكى بىرەر پارچە نەسىر يېزىپ كېلىشىنى تاپشۇردى. ئەتىسى ئەتىگەندە مۇئەللىم تاپشۇرۇقلىرىمىزنى يىغدى. مەن ناھايىتى ئارسالدىلىق ئىچىدە دەپتەرنى مۇئەللىمگە بېرىۋېتىپ، قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ساۋاقداش: «مۇئەللىم سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى، مەن ئىشخانىغا كىرگەندە مۇئەللىم ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى ۋە قولىدىكى ژۇرنالنى قويۇپ، ئىشكاپ ئىچىدىن تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى ئالدى.

— بۇنى سىز ئۆزىڭىز يازغانمۇ؟— دېدى ئۇ مېنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىمنى كۆرسىتىپ مۇلايىملىق بىلەن.

يۈرىكىم يەنە جىغ قىلىپ كەتتى، مەن ھودۇقۇپ يەر ئاستىدىن مۇئەللىمگە قارىدىم. ئۇنىڭ مۇلايىملىق يېغىپ تۇرغان ئىللىق چىرايى، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزلىرى ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— مەن... مەن... ئۆ...زەم...

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي قالدىم. ئايگۈل مۇئەللىم ئىشكاپتىن يەنە بىر ژۇرنالنى ئالدى. بۇ ژۇرنال ماڭا ناھايىتى تونۇش ئىدى. چۈنكى مەن تاپشۇرۇق دەپتىرىمگە يازغان «كۆچۈرمىكەشلەر» دېگەن شېئىرنى ئاشۇ ژۇرنالدىن كۆچۈرگەنىدىم. «مۇئەللىم سېزىپ قاپتۇ، ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن...»

— ئالىيە! سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىز توغرا بولماپتۇ، — مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۆلدى، ئۇ سۆزلىگەچ ژۇرنالدىن مەن كۆچۈرۈۋالغان ھېلىقى شېئىر بار بەتنى ئېچىپ ئالدىمغا قويدى، — قاراڭ، بۇ شېئىردا كۆچۈرمىچىلىكنى قاتتىق پاش قىپتۇ، سىز كۆچۈرۈش كويىدىلا بولۇپ، مەزمۇنىغا دىققەت قىلماپسىز.

بۇ سۆزدىن يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك بولدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. مۇئەللىم يېنىمغا كېلىپ، بېشىمنى مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— ئالىيە، يېزىقچىلىق قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس، ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى چوڭ بولغاندا يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇ، كىچىكىدىن باشلاپلا تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئىزدىنىشى لازىم. كۆچۈرمىكەشلىك نومۇس ئىش.

ئىچ-ئىچىمدىن يىغا تۇتۇپ، مۇئەللىمنىڭ ئاخىرىدا نېمىلەر دېگىنىنى بىلەلمىدىم، كۆزۈمدىن چىقىۋاتقان ياشلار مەڭزىمنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. مۇئەللىم تاپشۇرۇق بەرگەن كۈنى مەن ئۆيگە بېرىپ، خېلى ھەپىلىشىپ ئارانلا يېرىم بەت قىلىپ بىر نەسىر يازدىم. يېزىپ بولۇپ قايتا-قايتا ئوقۇپ كۆرسەم، بىرئازمۇ قاملاشماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى يىرتىۋېتىپ، شېئىر يازماقچى بولدۇم. لېكىن زادىلا يازالمىدىم. مەن ئاخىرى ھېلىقى ژۇرنالنى بىرمۇبىر ۋاراقلاپ «كۆچۈرمىكەشكە» دېگەن شېئىرنى مۇۋاپىق تاپتىمدە، چېكىت، پەشنىمۇ قويماي كۆچۈرۈپ چىقتىم... مەن مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا خاتالىقىمنى تونۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز كۆچۈرمىچىلىك قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ قايتىپ چىقتىم.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن ھەر قېتىم تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە، ئوقۇتقۇچىنىڭ «كۆچۈرمىكەشلىك نومۇس ئىش!» دېگەن سۆزىنى ئەسلەيمەن-دە، جاپاغا چىداپ ئىزدىنىپ، تاپشۇرۇقنى ئۆز ئەقىل-پاراسىتىم ۋە ئەمگىكىم ئارقىلىق ئىشلەيمەن. ھازىر مەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم، بىرەر ئەسەرنى ئوقۇغان چېغىمدا «بۇ ئەسەرگە يازغۇچىنىڭ قانچىلىك تەرى سىڭگەندۇ-ھە!» دەپ ئويلايمەن ھەمدە ناتونۇش بىر گەۋدىنىڭ ئۇستەل ئالدىدا كۆكۈل قويۇپ ئەسەر يېزىۋاتقان ئوبرازىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن.

زۇلھايات ئۆتكۈر

# باھار

(نەسر)

ئارزۇلۇق باھار كۈنلىرى كەلدى.

ئالتۇن قۇياش ئۆز نۇرىنى كەڭ زېمىنگە سېخىلىق بىلەن چاچماقتا، پۈتۈن كائىنات يېشىللىققا پۈركەنگەن. ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان تاغلار، ئېدىرلار، ئويمانلار....يېشىل گىلەم سېلىپ قويغاندەك ياشىرىپ كەتتى. قىشچە يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەر بىخ چىقىرىشقا باشلىدى. ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى ئاقماقتا.

پاھ، باغلارنىڭ گۈزەللىشىپ كەتكىنىنى، قارا!

كۈمۈشتەك ئۇرۇك چېچەكلىرى بىلەن ئورالغان باغلار گويا ئاق شايىغا ئورالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ھالرەڭ شاپتۇل چېچەكلىرى باغقا ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ چېچەكلەردىن قانچىلىك شېرىن مېۋىلەر چۈشەر - ھە!

تاغ باغرىدا ــ يېشىل چىملىق ئۈستىدە ئاپئاق قويلار ئوتلىشىپ يۈرىدۇ. بۇ مەنزىرە يىراقتىن قارىغاندا، يېشىل يىپەك قولياغلىق ئۈستىگە كەشتىلەنگەن ئاق گۈللەرگە ئوخشايدۇ.

ئەنە، دېھقان تاغلار يەرگە ئۇرۇق چاچماقتا. دېھقان قىزلىرى بولسا، باھار سۆيىدە تارىغان بوستان چاچلىرىغا ئۇرۇك چېچەكلىرىنى قىسىپ تەبىئەتنىڭ ھۇزۇرىدىن شادلانماقتا.

ئېھ، باھار! مەن سېنىڭ بۇ گۈزەل ھۆسنۈڭنى تاماشا قىلغانىدا، قەلبىم ئاجايىپ شېرىن ھېسلارغا تولدى. مەن خۇشاللىقىدىن «خۇش كېلىپسىز گۈزەل باھار يۇرتۇمغا!» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم!

ئەكرەم ھەسەنبەك

# چېۋىن بىلەن چۈمۈلە

(٥٨-يىل)

بىر كۈنى چۈمۈلە ھېرىپ-ئېچىپ قارا تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا بىر تال گۈرۈچ دانىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. قاياقتىندۇر بىر چېۋىن گىڭىلداپ ئۇچۇپ كېلىپ، چۈمۈلىدىن ئىككى-ئۈچ قەدەم نېرىغا قوندى. چۈمۈلە ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ئالدى بىلەن چېۋىن ئېغىز ئاچتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، چۈمۈلىجان! — دېدى ئۇ چۈمۈلىگە يېقىنلاپ. ئۇنىڭ ئالدى پۇتى سەل ئاقسايتتى. چۈمۈلە ئۇنىڭ پۇتىغا دىققەت بىلەن قارىغاندىن كېيىن، سالام قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، چېۋىنجان! ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ پۇتۇڭغا نېمە بولدى، ئاقساپ قاپسەنغۇ؟

چېۋىن ئېغىر بىر خورسىنىپ قويدى-دە:

— ھەي ئاداش، دېسەم دەرد تولا، ئىككى ئاي بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپ كىرىپ، پەتنۇستىكى شىرنىلەرگە ئېغىز دېگە-تەگمەيلا ھېلىقى كىشى قوغلاپ، پالاق بىلەن بىرنى ئۇرغاندى، مۇشۇ پۇتۇمغا تېگىپ كېتىپ، سۇندۇرۇۋەتتى. ھەي! ھازىرقى كىشىلەر ھەقىقەتەن مېھماندوست ئەمەسكەن، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا قەددىنى رۇسلاپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا، — ھەرنېمىدېگەن بىلەن چاققانمەن جۇمۇ! بولمىسا شۇ قېتىم پالاق ئاستىدا قېلىپ، ئۇ دۇنياغا كېتەتتىم، — دېدى.

چېۋىننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چۈمۈلە:

— لەنەت ساڭا! — دېدى كۆز ئالايتىپ، — ھارام تاماقلىق قىلىپ يەنە خىجىل بولماي، ماختىنىپ كەتكىنىنى تېخى!

نېمىگە خىجىل بولاتتىم، ئۇ مېنىڭ جاپالىق ئەمگىكىم! — دېدى چېۋىن.

چۈمۈلە ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— چېۋىنجان، گېپىمنى ئاڭلا، سەن ئاشۇنداق نازۇ-نېمەتلەرنى يەيمەن دەپ كۈن بويى قورقۇنچ ئىچىدە ياشىغاندىن كۆرە، بىزدەك جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ھالال يەپ، كۆڭلۈڭ تىق، غېمىڭ يوق، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسەڭ بولمامدۇ؟

چېۋىن يەنىلا كاجلىق قىلىپ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى:

— خۇدا سېنى ۋە مېنى يارىتىپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن جان بېقىشقا قويغان،

راستىنى دېسەم، شۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە ياشىسامۇ نازۇ - نېمەتلەرنى يەپ، خۇشال - خورام ئۇيناپ يۈرگىنىمگە خۇشالمەن. مەن ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل تېرىكچىلىك يولىنى ئۆزگەرتمەيمەن ھەم ئۆزگەرتكۈم يوق.

— دېمەك، سەن كۆن بويى ئاشۇ نىجاسەت، ئەخلەتخانىلاردا ئايلىنىپ، ئوغرىلىق، ھارام تاماقلىق بىلەن جان بېقىش ئادىتىڭنى مەڭگۇ ئۆزگەرتمەيدىكەنسەن - دە، — دېدى چۈمۈلە غەزەپلىنىپ.

— شۇنداق، — دېدى چىۋىن قاناتلىرىنى كېرىپ گىدەيگىنىچە، — ئەگەر سەنمۇ مەندەك تۇرمۇش كەچۈرسەڭ، ھەرگىز زىيان تارتمايسەن!

چۈمۈلە ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاتتىق بىر ئالايدى - دە، كېتىپ قالدى.

* *

ئەتىسى چۈمۈلە ئۇۋىسىدىن چىققىشى بىلەنلا كۆزىگە چىۋىننىڭ ئۆلۈكى كۆرۈندى. پالاق زەربىسىدىن بولسا كېرەك، بېشى ئېزىلىپ تېسىلگەنىدى. چۈمۈلە ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى - دە، ئاستا كېتىپ قالدى...

دوستلار، ئويلاپ بېقىڭلار، ئارىمىزدا چىۋىن ۋە چۈمۈلىدەك ئادەملەر بارمۇ - يوق؟!

## يۇمۇرلار

— يېقىندىن بېرى قايسى ئەسەرلەرنى ئوقۇدىڭىز؟

— مەن ئوقۇغۇچى ئەمەس، يازغۇچىمەن.

* *

— سىز قايسى يازغۇچىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز؟

— ...

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— بۇ سوئالنى مېنى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن سوراڭ.

* *

— سىز نېمىشقا سەھنىدە ھە دەپ ۋارقىراۋېرىسىز؟

— ئاۋازىمنى باشقىلار ئاڭلىسۇن دەيمەن - دە.

* *

— يېقىندا سىزغان سۈرىتىڭىزدىكى ئات ئاتقا ئەمەس كالىغا ئوخشاپ قاپتۇ. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— مەن رەسسامەن، فوتوگراف ئەمەس - تە.

* *

— سىز سەھنىدە ھەر دائىم ئەجايىپ روللارنى ئوينايدىكەنسىز، ئائىلىدىمۇ شۇنداقمۇ؟

— تاماشىبىنلارنىڭ ئېيتىشىدا ياخشى ئادەم ئىكەن، دېگەن تەسىرات قالدۇرالىسام كۇپايە.

(«ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات - سەنئىتى» گېزىتىنىڭ 1987 - يىللىق 27 - فېۋرال سانىدىن ئېلىندى).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاھىر خالىق

## باھار

باھار كېلىپ بىزنىڭ يېزىمىزغا،
گۈزەللىشىپ كەتتى كائىنات.
نەۋ باھارغا چۆمۈپ يېزىمىز،
ئاڭا قاراپ كۈلدى بۇ ھايات.

پۈركىمەك بوپ يېزىنى گۈلگە،
ئالدۇق قولغا كەتمەن ۋە گۈرجەك.
يەڭنى تۈرۈپ ئەمگەك باشلىدۇق،
يايراپ كەتتى، بۇ ئىشچان يۈرەك.

ئورەك كولاپ، توپا تىندۇرۇپ،
تىكتۇق باغقا رەتمۇ - رەت كۆچەت.
كىرسە كۆچەت بالدۇر مېۋىگە،
بېرەر ئەلگە ھوسۇل ۋە شەربەت.

باھار پەسلى بىر گۈزەل پەسىل،
ئۇ پەسىلنىڭ كۆركەم، نەپىسى.
دېھقانلارغا شادلىق بېغىشلاپ،
مول - ھوسۇلدىن خەۋەر بەرگۈسى.

ئايگۈل نىياز

## ۋەتەن مۇھەببىتى

قايناپ تاشتى شىجائەت،
بۇ ۋەتەن دىيارىمدا.
ئىقبالغا قەدەم قويدۇم،
بەختىيار زامانىمدا.

ياشناتتى ئۇلۇغ دەۋرىم،
ياشلىق گۈل باھارىمنى.
ئارزۇلار چېچەك ئاچتى،
ۋەتىنىم دىيارىمدا.

ۋەتىنىمنى گۈللەيمەن،
ئالغا بېسىپ ھەر دائىم.
چاقنايدۇ بەخت نۇرى،
ھۆسنۈدە چىرايىمدا.

دىلبەر ۋارىس

## مەكتىپىم

ئىلىم نۇرى چاقنىغان،
نۇرلۇق ماكان مەكتىپىم.
مەن سېنىڭدە ئۆگەندىم،
ئىلىم - ئېرپان مەكتىپىم.

ئەمدىم ئىلىم شەربىتى
سېنىڭ سېخى كۆكسىڭدىن.
قەلبىم تولدى ئىلھامغا،
سېنىڭ گۈزەل ھۆسنىڭدىن.

سېنىڭ گۈزەل قوينىڭدا
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
ساڭا بولغان مېھرىمنى
شاد ناخشامدا كۈيلەيمەن.

نىجات ئۆمەر

## كىتاب

چىرىغى سەن دانىشمەنلەر قەلبىنىڭ،
جەۋھىرى سەن ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ.
سەن گوياكى كەڭ جاھاننىڭ ئەينىكى،
ئۇزاق ئۆتمۈش ھەمدە پارلاق ئەتىنىڭ.

دۇرلەر قېزىپ ئىلمۇ ھېكمەت كېنىڭدىن،
سۆيۈنگەنتىم زوققا تولۇپ دىلىمدىن.
ئەقىدەمنى باغلىغانتىم باشتىلا،
ئۆمۈر بويى ئايرىلماسقا سېنىڭدىن.

سانسىزلىغان مۇتەپەككۇر دانىشمەن،
سۆزلەشمەكتە سەن ئارقىلىق مەن بىلەن.
تاپماقتىمەن دىلغا ئەقىل، كۆزگە نۇر،
جەڭدە قۇدرەت، ئىشتا ھېكمەت سەن بىلەن.

سېنى سۆيۈش پۈتمەس بەخت-سائادەت،
سەندە تاپار پاراستىم كامالەت.
بولۇپ تەشنا كاراب بولۇپ ئۈزەرمەن،
مىسرالىرىڭ دەرياسىدا تا ئەبەت.

ئارزۇگۈل ئابدۇللا

## مۇئەللىم

باغۋەن بولۇپ مېھرىڭنى
بېرىپ بىزگە، مۇئەللىم.
بىلىم ئەخلاق ئۆگەتتىڭ،
ئوغۇل - قىزغا، مۇئەللىم.

تەربىيەڭدىن نۇر ئېلىپ
ئۆستۇق كۈلۈپ، مۇئەللىم.
پارتىيىگە، خەلققە
سادىق بولۇپ، مۇئەللىم.

خىسلىتىڭدىن تۈگىمەس
ئوزۇق ئالدۇق، مۇئەللىم.
روشەنلەشتى كۆزىمىز،
ئالغا باستۇق، مۇئەللىم.

ئورۇن ئالدى تەرىپىڭ
قەلبىمىزدىن، مۇئەللىم.
قوبۇل قىل، سالام ساڭا!
ھەممىمىزدىن، مۇئەللىم.

رەناگۈل روزى

## مەن نوتا كۆچەت

ئۇستازىم باغۋەن،
مەن نوتا كۆچەت.
بەردى ئۇ بىلىم،
ئالغا يېتەكلەپ.

مەكتەپ چىرايلىق،
مەن ئاڭا ئامراق.

چىندىن باغلىدىم،
پەنگە ئىشتىياق.

ياخشى ئۆگىنىپ،
ساغلام ئۆسەمەن.
ئۆرلەپ كۈنسېرى،
شەرەپ قۇچىمەن.

ئالىمجان ئازات

## مېڭىۋاتىمىز

مېڭىۋاتىمىز - مېڭىۋاتىمىز،
دادىل قەدەم كېتىۋاتىمىز.
يېڭىمىزنى تۈرۈپ جەينەككىچە،
ئىلىم چوققىسىغا ئۆرلەۋاتىمىز.

قولنى قولغا تۇتىشىپ،
كەلگۈسىگە قاراپ كېتىۋاتىمىز.
پەن - مەرىپەت دەرياسىدا،
غۇلاچلاپ ئالغا ئۈزۈۋاتىمىز!...

ماھمۇت مۇھەممەت

# ئايالىمنىڭ دوستى

(ھېكايە)



بۈگۈن خىزمەتتىن بالدۇرراق قايتتىم. چۈنكى كەچتە ئۆيگە ئايالىمنىڭ چەتئەللىك دوستى كەلمەكچى ئىدى. چۈشتە ئايالىم كەچقۇرۇن بالدۇرراق قايتىشىم، يولدا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ھېلىقى بىرنەچچە «ئادىمىي شەيتان» ئاغىنىلىرىمنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىرەر ئاشپۇزۇلدا چۆكۈپ قالماسلىقىم...ھەققىدە يېتەرلىك دەرس ئۆتكەنىدى.

راست گەپ، ئايالىمدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ دىپلوماتىك خاراكتېرىگە ئىگە دوستى ئالدىدىكى، يەنە كېلىپ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈشمىگەن قەدىناس سىردىشى ئالدىدىكى ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆيگە كۈندىكىدىن خېلىلا بالدۇر قايتىپ كەلدىم. چەت ئەللىك مېھماننىڭ پارىژنى ئاڭلاشقا بولغان قىزىقىشىمۇ بىر سەۋەب ئىدى، ئەلۋەتتە.

ھويلىغا كىرىشىمگىلا، ۋېلىسىپىتىمنىڭ تاراقلىشىنى ئاڭلىدى بولغاي، ئايالىم مېھمانخانىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە كۆزۈمگە ئاجايىپ بىر خىل يېقىملىق تىكىلگىنىچە كۈلۈمسىرەپ:

— كەلدى، — دېدى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ، چىرايى كۈندىكىدىن ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئالدىغا، خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئىشلەتمىگەن، گۈللۈك رەخت-

يتىن تىكىلگەن پەشتامنى تارتىۋالغانىدى.

ئايالىمنىڭ زورلىشى بويىچە قولۇمنى يۇيۇپ ئۇستىبېشىمنى بىر قۇر ئۇڭشىدىمدە، ساراي ئۆيىگە كىردىم. ئاياغ تاۋۇشىمنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، مېھمان ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇۋالغانىدى. كۆزۈم ئالدىمدا تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان ئايالغا — بەستلىك ۋە تولۇقتىنا كەلگەن، چىرايى ھەددىدىن زىيادە ئاپئاق، كۆكۈش سۇرمە سۇرتۇلگەن بادامقاپاقلىرىنى تال - تال، ئۇزۇن قارا كىرپىكلەر بېزەپ تۇرغان، تولىمۇ ئىسكەتلىك ئايالغا چۈشتى. مەن ئايال بىلەن ئىمكان قەدەر ئېھتىراملىق سالاملاشتىم ۋە ئۇنى كۆرپىگە تەكلىپ قىلدىم. شۇ ئارىدا يېنىمدىلا تۇرغان ئايالىمغا ۋە مېھمان ئايالغا ئارقا - ئارقىدىن كۆز يۈگۈرتۈۋالدىم. ئىچىمدە بولسا: «ھەر ئىككىلىسى قىرىقتىن ھالقىغان ئاياللار، بىراق ئارىسىدا ئۇن، ئۇن بەش ياشلىق پەرق باردەك - ھە؟!...» دەپ ئويلاپ ئولگۇردۇم.

تاماقتىن كېيىن ئايالىم قازان- قومۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خاتىرجەم بولۇپ كىردى. باللار باشقا ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى. بىر بولساق ئايالىم قايتا راسلىغان مول نېمەتلىك داستىخان ئالدىدا سۆھبەتكە كىرىشتۇق.

ئايالىمنىڭ شاھىدە ئىسىملىك بۇ دوستى چىرايلىق بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى تولىمۇ پاراڭچى، يەنە كېلىپ يۇمۇرلۇق، مەنىلىك گەپ قىلىدىغان ئايال ئىكەن. ئۇ توغرىلىق ئىلگىرى ئايالىمدىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىللە «ئاغچايلام» ئويناپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان. تولىمۇ يېقىن دوستلار دىنكەن. ھەتتا مەھەللە - كۆيدىكىلەرمۇ، ئۇلارنى كىچىكىدە «قوش مېغىزلار» دەپ چاقچاق قىلىشىدىكەن. شاھىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا، دۇنيا بىلەن بالدۇر ۋىدالاشقان دادىسىنىڭ ئورنىغا، تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا پىركازچىك بولۇپ ئورۇنلىشىپتۇ. ئايالىم سەلىمە بولسا ئوتتۇرىچىدىكى تىببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كېتىپتۇ. ياندۇرقى يىلى شاھىدە بىرسى بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئۇ بىر ئايالنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ چىقىپ كەتكەن، — دەپ پاراڭ سالاتتى ئايالىم، مۇشۇ دوستىنى ئەسلەپ قالسىلا، — ئۇ ئەرنىڭ چەت ئەل پاسپورتى بار ئىكەن، ئەسلىدە ئايالىنى ۋە بىر ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى ئىكەن، كېيىن بىزنىڭ شاھىدە...ھەي قويسىڭىزا...

ئەنە شۇ ئايال — بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ بىر ئەرنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، يالغۇز ئانىسىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ، ئاتابوۋىسى كۆرمىگەن ئىككىنچى بىر ئەلگە چىقىپ كەتكەن ئون تۇققۇز ياشلىق گۈزەل قىز، ھازىر بولسا ھەر كۈنى ئەينەك ئالدىدا يېرىم سائەتلەپ پەداز ئىشلەتمىسە ئىسكەتىنى ساقلاپ قالالمىغۇدەك بولۇپ قالغان مۇشۇ شاھىدە ئىدى.

— ئاڭلىسام سىز يازغۇچى ئىكەنسىز، ئابدۇللا، — دېدى شاھىدە بىر پەس جىم - جىتلىقتىن كېيىن، باياتىن ئۇنىڭ ئويناق قارا كۆزلىرى خېلىغىچە يەرگە، گىلەم ئۈستىگە قادىلىپ، بىر پەسكە ئۆزلىرىنىڭ شوخ چاقنىشىنى تەرك قىلغانىدى. مەن ئۇنىڭ تاسادىپەن باشلانغان بۇ سۆزىدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ، دەررۇ ئايالىمغا قارىدىم. ئايالىم

ئاستىنقى كالپۇكىنى ئەيىبلىكتەك چىشلەپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ماڭا، ئاندىن كېيىن دېرىزە تەكچىسىگە قارىدى. بۇرۇلۇپ قارىدىمۇ، تەكچىدە تۇرغان ئۆزەمنىڭ ئىككى پارچە كىتابىمغا كۆزۈم چۈشتى.

— ھېكايە يازىدىكەنسىز، — شاھىدە سۆزىنى داۋام قىلدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ سەل ئالدىمغا قىمدىنىپ، كۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئۇۋپا بىلەن ئاقارتىلغان ھال رەڭ يۈزىگە تىكتىم، — مەن بۇ قېتىم ئۆزەمنىڭ ۋەتىنىمگە كەلگەندىن بۇيان نۇرغۇن - نۇرغۇن كىشىگە: سورىغانمۇ، سورىمىغانمۇ كىشىلەرگە بىر ئۆمۈرلۈك كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. سىز كەلمەستە باياتىن سەلىمەگە ئېيتقانىدىم. بېشىمدىن كەچكەن ئاشۇ كەچۈرمىشلىرىمنى سىزگىمۇ سۆزلەپ بەرسەم، مەن توغرىلىق بىرەر ھېكايە يازارسىزمۇ؟ — شاھىدە ئالدىدىكى گۈللۈك، نەپىس پىيالىنى چىرايلىق بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ چايدىن بىر ئوتلىۋالدى، — مەن بىلمەيمەن، يازغۇچىلار باشقىلارنىڭ «مېنى يېزىپ بېرىڭ» دېيىشىدىن ئەڭ قورقىدۇ. لېكىن سىز مېنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىمنى ھېكايە قىلىپ يازسىڭىز، خۇشال بولغان بولاتتىم.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن نېمىشقىدۇر سەل يېنىكلەشكەندەك بولۇپ ۋە ئاندىن چاقچاق قىلدىم، — بىراق ئالدى بىلەن ئاڭلاپ باقمىسىز - دە! ھېكايە بولامدۇ - بولمامدۇ...

— ھېكايە ئەمەس، چوڭ بىر رومان بولىدۇ، — دېدى شاھىدە ئىشەنچ بىلەن، كېيىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئۆزىگە - ئۆزى سۆزلىگەندەك ئېيتتى، — كىم بىلىدۇ، ماڭىغۇ شۇنداق بولىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

ئەزىز مېھماندىن ھە دېمەيلا چىقىۋاتقان بۇ پاراڭلار مېنى ھەم ئەجەبلەندۈردى، ھەم، تەبىئىتىمنى قىزىقتۇردى.

شاھىدە شۇ ئاپتا خۇددى چوڭقۇر يارلىقنىڭ تېگىگە تىكىلگەن ئادەمدەك، مۇڭلىنىشمۇ يارىشىدىغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا خەنجەردەك قادىغانىدى.

— ئادەمنىڭ بالىلىق، بولۇپمۇ ياشلىق چاغلىرى ئۆمۈرۋايەت، بىر مەزگىللىكمۇ ئۈزۈلۈپ قالماستىن ئېسىدە ساقلىنىدىكەن، — شاھىدە گېپىنى ئەنە شۇنداق باشلىدى، — بولۇپمۇ ئايال كىشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قىزلىق دەۋرى، مۇھەببەت ئوتىغا ئەمدىلا تۇتىشىپ دۇچار بولۇۋاتقان دەۋرى زادىلا ئەستىن چىقمايدىكەن. سەلىمە، سېنىڭ تېببىي ئىنستىتۇتتا ماڭغان يىلىڭ، مېنىڭ ئەنە شۇ ئوتقا گىرىپتار بولغان يىلىم بوپقالدى. شۇ چاغقىچە سەنمۇ، مەنمۇ بىرەر يىگىتنىڭ پارىڭىنى باشقىچە ھېسسىياتتا قىلىشمىغان ئىدۇق-قۇ! ئۇ چاغلاردا قىزلار مۇھەببەتكە ئانچە ئالدىرىمايتتى. ھازىرقى قىزلارغۇ باشلانغۇچنى تۈگىتىپلا ئوغۇللارنىڭ قەددىمىنى بايقايدىغان بولۇپ كېتىشتى...

شاھىدە سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە مۇڭلۇق قىياپىتىنى بىر مىنۇتتا قىزىقچىلىقا ئۆزگەرتىپ سەلىمەگە ۋە ماڭا قارىدى. سەلىمە ئادىتى بويىچە شەلپەردەك قىزىرىپ، يەر ئاستىدىن ماڭا نەزەر سالدى. مەن كۈلۈمسىرىشىمنى تەسلىكتە باستىم.

— سەن ئۈرۈمچىگە كېتىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىنغۇ دەيمەن، — شاھىدە گېپىنى داۋام ئەتكۈزدى، — مەن تۇيۇقسىزدىن بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇدۇلىمدا ئولتۇرغان ئايالىم كۆزۈمگە لاپپىدە قارىدى. «دىققەت قىلىڭ، ھېلىقى مەن سىزگە دېگەن

ئەرنىڭ پارىڭى!...» دېگەندەك مەنىنى
سەلىمەنىڭ بىردە چاقناپ كەتكەن قوي
كۆزلىرىدىن ئوقتۇم.
مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن،
مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇھەببەت ھەققىدە
نۇرغۇن خىياللارنى قىلغان بولسامۇ كۆپ
كىتابلارنى ئوقۇغان بولسامۇ، بىراق
مۇھەببەتنىڭ مۇنداق تاسادىپىي، مۇنداق
ئاجايىپ ھالەتتە ئۇچراپ قېلىشىنى، توغرى-
سىنى ئېيتقاندا ماڭا مۇشۇنداق نېسىپ بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم...
ئۆزەمنى ماختىغانلىق ئەمەس، قىز
ۋاقتلىرىمدا ئاجايىپ ھېسسىياتچان، ئۆزەمچە
تېخى ئاز-تولا شائىرانە مىجەزلىك بولىدى-
غان. بەلكى سەلىمە مەن توغرىلىق سىزگە
پاراڭ سېلىپ بەرگەندە بۇ ھەقتىمۇ ئېيتقان
بولغىيتتى. كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەرنى كۈندى-
لىك دەپتەرگە يېزىپ تۇراتتىم. گايىدا
ھېسسىياتلىرىم تاشقىنلاپ كەتسە شېئىرلار-
نىمۇ يېزىۋەتەتتىم تېخى... راستىمنى ئېيتسام
سەلىمە دوختۇرلۇققا قىزىقىپ يۈرگەن چاغ-
لاردا، مەن «كەلگۈسىدە جەزمەن شائىرە
بولىمەن. ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن» دەپ خىيالمۇ
قىلاتتىم. سەلىمە، بىر قېتىم ماڭا بۇ ئار-
زۇيۇمنى ئېيتقانىدىمغۇ دەيمەن؟
— ئېيتقانىدىڭ ئاداش، — دېدى
ئايالىم ھاياجان بىلەن دەررۇ.
— شۇ چاغدا سەن نېمە دېگەنىدىڭ؟
— سەن جەزمەن ئۆزبېك شائىرەسى
زۇلپىيەدەك بولالايسەن، سەندە شائىرلىق
دىت بار، دېگەنتىم.
شاھىدە كۈلدى. خۇددى ئاشۇ قىز
ۋاقتىدىكى، سەلىمە ئىككىسىنىڭ سۆھبىتىدە
سەلىمە بەرگەن جاۋابنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا
كۈلگەندەك جاراڭلىق، غەمسىز كۈلدى. بىراق
ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى بىر مىنۇتقىلا داۋاملاش-
تى-دە، كېيىن تاش چۈشكەن بۇلاقتا ھاسىل
بولغان چەمبەر سىزىقلاردەك ئاستاغىنا غا-
يىپ بولدى.
— بايا ئېيتتىم، — شاھىدە ئۇچبۇر-
جەكلىك پەكۋاي ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچىنى
تىرناقلىرىغا قىپقىزىل لاك سۈرتۈلگەن ئۇزۇن
ئاپئاق بارماقلىرىدا ھېمىرىپ ئوينىغىنىچە
گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇھەببەت ھې-
كايىلىرىنى قەۋەتلا قىزىقىپ بېرىلىپ ئو-
قۇيتتىم. نېمىشقىدۇ، ھىندىستان يازغۇچىسى
تاگۇرنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالايىتەنلا ئىشتىياق
باغلىغانىدىم. ئۇ كىشىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى
قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ ۋە رەڭگىرەڭ
مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ
مۇھەببەت ھەققىدىكى سېھىرلىك بايانلىرى
يۈرىكىمنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ «ھا-
لاكەت»، «نۇر ۋە كۆلەڭگىلەر» دېگەندەك
كىتابلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈنلا مەن سىلاۋىيان
يېزىقىنى كۆپ جاپا بىلەن ئۆگەنگەن. بو-
لۇپمۇ ياش قەلبىمگە، قىزلىق يۈرىكىمگە
ئالاھىدىلا تەسىر قىلغىنى تاگۇرنىڭ «ئىس-
كېلىت» دېگەن ھېكايىسىدىكى ھېلىقى ستۇ-
دېنت يىگىتنىڭ ياتقان ئۆيىدىكى تامغا ئې-
سىقلىق ئىسكېلىتنىڭ — ئەينى ۋاقتىدىكى
ئاجايىپ گۈزەل بولغان ئون سەككىز ياشلىق
قىزنىڭ سۆزلىگەن تولىمۇ مۇڭلۇق ۋە قالتىس
سەرگۈزەشتى بولدى. ئېسىڭىزدىمۇ، كىشىلەر-
نى ئەيمەندۇرگۈدەك گۈزەل قىز ئويلىمىغان
يەردىن بىر ئائىلە دوختۇرىغا، يەنە كېلىپ
ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى يېشى ئۆزىدىن خېلىلا
چوڭ بولغان خىزمەتكار خادىمغا ئاشىق بولۇپ
قالىدۇ. دوختۇر بۇ سۆيگۈدىن بىخەۋەر، بە-
چارە قىز ئاخىرى ئۆزى ياخشى كۆرگەن
كىشىنىڭ باشقا بىراۋ بىلەن توي قىلىدىغان-
لىقىنى بىلگىنىدە، مۇھەببەت تىلسىماتىنىڭ
كۈچى بىلەن، ئۆزى ئېرىشەلمىگەن ئادەمگە،

زەھەر بېرىۋېتەمدۇ... ئېسىڭىزدىمۇ؟

بۇ ئەلۋەتتە ئېسىمدە ئىدى. بۇ ھېكايىنى مەنمۇ بىر ئەمەس، بىر نەچچە قېتىم ئوقۇغانىدىم. بىراق شاھىدەنىڭ پاراڭ ئارىسىدا مۇنداق دەيدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم.

— مەن ئەنە شۇ ھىندى قىزىنىڭ مۇھەببەت تەقدىرىدەك تەقدىرگە دۇچكەلدىم. مەن «ئىسكىلىت» ھېكايىسىنى ئوقۇپ ئانچە، ئۇزۇن ئۆتمەستىن بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئىشىنەمسىز، ئون تەققۇز ياشلىق، ئۆز زامانىسىدىكى قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى خېلىلا گۈزەلمەن دەپ يۈرگەن، يەنە كېلىپ، شۇ يېشىغىچە بىرەر يىگىت بىلەن ئىشقىي - مۇھەببەت پاراڭى قىلىشمىغان بىر قىز ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلى خالىشىپ تېپىلاشقان سادىقىنا ئايالى ۋە ئەمدىلەتىن قىلىق چىقىرىۋاتقان بىر ياشلىق ئوغلى بولغان بىر ئەرگە، مەن تاگۇر ئەسەرلىرىدە ئوقۇغان ھېلىقى تەقىي - تۇرقى ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىتلەرگە ئوخشايدىغان بىر كىشىگە كۆيۈپ قالدىم.

بۇ ۋەقەنى بۇنىدىن بۇرۇن ئايالىمنىڭ ئاغزىدىن نەچچە - نەچچە قېتىملاپ ئاڭلىغانلىقىمغا قارىماستىن يۈرىكىم ئەنسىز بىر دۈكىلدىگەندەك بولدى. بۇنى مەندىن بۇرۇنراق ۋە ياخشىراق بىلىدىغان ئايالىمۇ دەل شۇ سۆزلەر ئېيتىلغاندا چۆچۈپ ئەنسىدىكتى.

— بايا «مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن» دېدىمغۇ دەيمەن؟ — دېدى شاھىدە. «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ غەمكىنلىشىپ كەتتى. سۇرمە تارتىلغان كۆكۈش بادام قاپاقلىرى يوغان ئېچىلدى، — تىپى سورۇندا تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قالغان شۇ كىشىنى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىدىغان، قولاقتىن كىرىپ يۈرەككە تەسىر قىلىدىغان سىرلىق مۇھەببەت ناخشىلىرىنى، ئاجايىپ جىلۋىلىك تەبەسسۇم، مەردانە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئېيتىدىغان كارمەنچىنى بىر كۆرۈپلا، تۇك تېپىۋەتكەن ئادەمدەك بوپقالدىم. «ئۇنىڭغا يېنىغان» دەك دەل مەن ئاشۇنداق سېزىمغا، ساراسىمغا چۈشكەن پەيتىنىڭ ئۆزىدە، قۇرغۇر كارمەنچى سېھىرلىك ئاۋاز بىلەن مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

ياش كۆڭۈللەر كارمونچىدا،
كارمونچىغا يار بولچۇ،
كارمونچىغا يار بولمىساڭ،
يار سۆيۈشكە زار بولچۇ.

پۈتۈن بىر كېچە ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئالماستىن ئولتۇردۇم. قولاق تۈۋىمدە پەقەت ئۇنىڭ ھېلىقى ناخشىسىلا جاراڭلىغاندەك بولاتتى:

كارمونچىغا يار بولچۇ....

سەۋدىردىن ئىسمىلىك بۇ كارمەنچى نېمىشقىدۇر مەن ئىزدەپ يۈرگەن ياكى مەن ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك بولغان، ماڭا ئۆمۈرلۈك جورا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئادەمدەك بىلىنىدى. شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن كۆيۈك ئوتى كۈنسېرى، سائەتسېرى، مىنۇتسېرى ئۇلغىيىپ، يالقۇنجاپ باردى. يۈرەك - باغرىمنى ئۆرتەپ - ئۆرتىۋەتتى. ئىشىنەمسەن جېنىم سەلىمە؟

ئايالىم ئۇنچۇقمىدى، پەقەت «ئىھ.... دەپ ئۇلۇغ تىندى. بۇ ھاياجانمۇ، خورسىنىشمۇ، ئەيىبلەشمۇ... مەن بىلەلمىدىم. ئۆزەم بولسام تەپەككۇرسىز، ھېسسىزدەك بىر ھالەتتە شاھىدەنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قالغانىدىم. بىلەتتىمكى، مەندەك بىر ھېسسىياتچان قەلەمكەش ئۇچۇن بۇ خىل ھالەت پەقەت قاتتىق

ھاياجانىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەندىكى ئىپادىسى ئىدى. ھازىر ئۆيۈمدىكى بېغىر رەڭ تاشلىق خاتىرەمنىڭ بەتلىرىگە شۇ كۈنلەردە يېزىلغان سۆزلەرنى ھازىرمۇ قۇرمۇ قۇر ئېيتىپ بېرەلەيمەن، — شاھىدە شائىرانە بىر خىل جۇشقۇنلۇق بىلەن ئورنىدىن بىر قىمىرلاپ ئوڭشىلىپ ئولتۇردى-دە، كۆزلىرىنى سەل خۇمارلىق قىسىپ، تورۇسقا تىكىلدى ۋە ئېغىز ئاچتى:

— «سۆيگۈ — ئىنساننىڭ ئەڭ نازۇك سىرىدۇر. يۈرەككە چۈشكەن بۇنداق ئوت ياكى ئارمانغا يېتىپ پەسىيىدۇ، ياكى چوقۇم شۇ كىشىنى بىرەر تاسادىپىي ئىشقا دۇچار قىلىدۇ. «ئىشق بىلەن ئويناشما» دېگەن سۆزمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولسا كېرەك». «ئىشق ئىنتايىن چىڭ ئەقىدىدۇر. ئەگەر كۆڭۈل بىراۋنى ياخشى كۆرۈپ قالسا بۇ ھالدا ھېچقانداق توسالغۇ بۇ مۇھەببەتنىڭ كەينىگە چېكىنىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ.» «ئەگەر ئىنسانغا ھەقىقىي مۇھەببەت نېسىپ بولۇشى مۇمكىن ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا ئۇنىڭغا يېتىشكە ھەرىكەت قىلماسلىقى كېرەك ئىكەن؟»، «مۇھەببەت ھەركىمنىڭ قەلبىدە ئۆزىچە ياشايدۇ.»، «بىر قېتىم كۆرۈش بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغان نەرسەڭ يۈرىكىڭگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، سەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ سېنىڭ قەلبىڭدە مەڭگۈ ياشايدۇ...»

شاھىدە تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدەك قۇرلارنى، ئەينى ۋاقىتتا قەلبىنى جۇشقۇنلاتقان ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت تەقدىرىنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولغان سەتىرلەرنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن بىردىنلا ئاۋازىنى تەجرىبىلىك دېكتوردەك سىلىق پەسەيتتى: — لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ بەخت دەپ ھېس قىلغان نەرسەمگە، يەنى ئۆز مۇھەببىتىمگە ئېرىشتىم. مەن ئۇ كىشىنى قايتا كۆرۈشكە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھەرىكەت قىلدىم ۋە كۆردۈم. نۆۋەتتىكى بىر ۋېچېر سورۇنىدا مەن ئۇنىڭغا ئىمكانقەدەر يېقىن ئولتۇرۇشقا، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا، سۆزلىشىشكە ھەرىكەت قىلدىم. ئەتەي ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ ئاخىر ماڭا قارىدى ۋە ئىككىنچىلەپ مەندىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالدى. تەبىئىي ئەمەسمۇ، سورۇندىكى قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ چىرايلىقى بولغان بىر قىز ئۆزىگە قاراۋاتسا، قايسى ئەر كىشىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدىمەيدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ ئەگەر بۇ تەبەسسۇم كۈتۈلمىگەن تەلەي تۇرسا! گارمونچى يىگىت ئاكاردىيوننى باشقا بىر سىمگە تۇتقۇزدى-دە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىمغا كەلدى. مېنى ۋالىسقا تەكلىپ قىلدى. ئاھ، ئىشىنەمسىلەر، مەن شۇ مىنۇتتا بەختتىن ئۆزەمنى يوقۇتۇپ قويۇشقا تاسلا قالدىم. ياق، توغرىسى مەن ئۆلۈپ قېلىشقا ئازلا قالدىم. ماڭا بەخت، مۇھەببەت، گۈزەل كېلەچەك ۋەدە قىلغان بۇ تارغىنا ۋېچېر سورۇنى، مەن ئۈچۈن ئەرشتىكى ھۆرلەر سورۇنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئەۋزەلدەك بىلىنمەكتە ئىدى. يېرىم كېچىگىچە مەن بىرلا يىگىت بىلەن — سەۋىردىن بىلەنلا ئويىنىدىم، بەختتىن مەس بولۇپ تويۇپ-تويغىنىمچە پىقىرىدىم. ئۇ ھەرقېتىمقى مۇزىكا باشلىنىش بىلەنلا مېنى تارتاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ دەل شۇنداق قىلىشىنىلا تەلەيتتىم...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە شاھىدە سۆزىنى توختىتىپ، بېشىنى ئەگدى. كۆزلىرى يۇمۇلغان، تېز-تېز نەپەستىن ئۇنىڭ چوڭقۇر ئويما ياقىلىق كەرشىناۋاي كۆڭلىكىنى ئالاھىدە

كۆتۈرۈپ تۇرغان سۆلەتلىك كۆكرىكى دىرىلدەپ تەۋرىنەتتى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بارغانچە تەسىرلىك سۆزلىنىۋاتقان بۇ كەچۈرمىشتىن ئۆزىمىزچە تەسىرلىنىپ ئولتۇرماقتىمىز.

— شۇ كېچىسى ۋېچېردىن سەۋىردىن ئىككىمىز بىللە قايتتۇق، — شاھىدە گېپىنى ئۇلىدى، — نېمىسىنى يوشۇراي، ئايدىڭ كېچىدە، ئادەمسىز كوچىلاردا ئاستا قەدەم تاشلاپ مېڭىشىپ، ھەممە گەپنى قىلىشتۇق. مۇھەببەت قۇرغۇرنىڭ كۈچىنى كۆردۈڭلارمۇ، سەۋىردىن ماڭا ئۆزىنىڭ ئايالى، بىر بالىسى بار ئىكەنلىكىنى ئېھتىيات بىلەن ئاشكارىلىغان چاغدىمۇ ئۆزەمدە ھېچقانداق غەيرىي ھالەتنى سەزمىدىم. ئەتىسىمۇ، تاكى بىز ئەر-خوتۇن بولغىچىمۇ سەزمىدىم. شۇ كېچىسى بىز بىر-بىرىمىزگە كۆڭۈل-ئىختىيارىمىزنى بېرىشتۇق. ھەتتا بىرنەچچە يىللىق ئاشىق-مەشۇقلەردەك بولۇشۇپ كەتتۇق. ئەنە شۇنداق قىلىپ سەۋىردىننىڭ ئائىلىسىدىن، بىزنىڭ ئۆيدىن، قىسقىسى پۈتۈن جەمئىيەتتىن خۇپىيانە ھالدا مۇھەببەت كوچىلىرىدا كېزىپ يۈرۈشكە باشلىدۇق. مەن بولسام ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سەۋىردىنگە شۇنچە ئىخلاس، شۇنچە ئىشتىياق بىلەن بېرىلەتتىم، باغلىناتتىم... ئاشۇ شېرىن بەختلىك مۇھەببەت كېچىلىرىمىزنىڭ بىرىدە سەۋىردىن ماڭا مۇھىم بىر گەپنى ئېيتماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ قولىدا چەت ئەل پاسپورتى بار ئىكەن. ئەسلىدە ئايالى، بالىسى ئۈچ جاننىڭ ئانكېتىنى تولدۇرۇپ قويغانىكەن. ئەمدى ئۇ مېنىڭ پىكرىمنى ئالماقچى بوپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىشكە قوشۇلسام، ھېلىقى رەسمىيەتنى بىكار قىلىدىكەن-دە ئايالى بىلەن ئاجرىشىدىكەن. ئاندىن...

شاھىدە «ئاندىن» سۆزى بىلەن تەڭلا بىزگە گۇناھكارانە نەزەر بىلەن بىر-بىر قارىدى. بىر ئۆكسۈدى. ماڭا ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇڭايسىزلىنىپ بېشىمنى ساڭگىلاتتىم. كۆڭلۈمدە غەلىتە بىر سېزىم تاشتەك بېسىلىپ ياتاتتى.

شاھىدە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ئالدىمدا مۇھەببەتنىڭ قىيىن ئۆتكەللى تۇراتتى. بىرى، ئەزىز ۋەتىنىمدىن، ئەزىز ئانام، قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ، بىر ئەركىشىگە ئەگىشىپ ئاتام-ئانام كۆرمىگەن يات بىر ئەلگە چىقىپ كېتىش؛ يەنە بىرى باشقا قىزلارنىڭ بېشىغا كەلمىگەن ئاجايىپ ئىشقىنىڭ سەۋدايىسى بولۇپ، بىر ھالال خوتۇننىڭ ئىسسىق ئۇۋىسىنى بۇزۇپ، ئۆزىنى تۇل، بالىسىنى تىرىك يېتىم قىلىش... كاشكى، شۇ چاغدا سەۋىردىننىڭ ئەقلىنى بولسىمۇ مۇھەببەت پەردىسى توسىۋالمىغان بولسا ياخشى بولغانىكەن...

مەن سەۋىردىنگە ئۈچ كۈندىن كېيىن جاۋاب بېرىشكە ۋەدە قىلدىم. ئۇ ئۈچ كۈنگە كۆنمىدى. «باشتا سىز ماڭا كۆڭۈل بەردىڭىز، ئەمدى مەن سىزگە، سىزدىن بەتەر باغلاندىم، مەن سىز ئۈچۈن ھەممە نەرسەمنى، ھەتتا جېنىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن...» دېدى، ئىشىنەمسىز، ھەتتا ئالدىمدا تىزلاندى، ئەركەك تۇرۇپ كۆزىدىن ياش چىقتى. مەن ئۇنىڭغا «ئەمسە ئەتە كەچتە كۆرۈشەيلى» دېدىم.

ئەتىسى كەچكىچە مەن بىر ئىنساننىڭ بىر ئۆمۈر سۈرگىنىگە تەڭ كەلگۈدەك خىيالىنى سۈردۈم دېسەم بەلكى لاپ بولماس، قانداق قىلاي، مۇھەببەت ھەممىدىن غالىب چىقتى. ئەتىسى كەچتە مەن سەۋىردىننىڭ قۇچىقىغا ئۆزەمنى ئاتتىم، ئۇنىڭغا بارلىق ئىختىيارىم-

www.uyghurkitap.com

نى تاپشۇردۇم... ئىشلار سەۋىردىن ئېيتقاندەك بولدى. توغرىسى، مەن ئۇنىڭ ھەر قانداق ئىشىنى توسمىدىم، ئۇ چاغلاردا چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتى ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك، بىلىنمەستىنلا ئۇنىڭ ۋە مېنىڭ نامىمدىكى پاسپورت تەييار بولدى. مەن قېرى ئانامنىڭ — بەلكى ھازىرمۇ مېنىڭ دېغىمدا كۆيگەن قەلب يارىلىرى ساقايمىغان ھالدا قەبرىدە ياتقان جان-جىگەر ئانامنىڭ نالە-پەريادىغا، قېرىنداشلىرىمنىڭ، دوستلىرىمنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماي، ئۆزەم ئۆيىنى بۇزغان ئەر بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتتىم. ئۇ چاغلاردا سەن ئۈرۈمچىدە ئەمدىلا بىر يىللىق ئوقۇشۇڭنى تاماملاش ئالدىدا تۇراتتىڭ سەلىمە، بەلكى ئابدۇللا بىلەن تونۇشمىغان ۋاقىتلىرىڭ بولغىيدى...

تامدىكى كاككۇك سائەت داڭ ئۇردى، سترېلكا ئون بىرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. سەلىمە دوستىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىگە كۈلۈپ ئەمەس، ئۆكسۈپ جاۋاب بەردى. ئايال كىشىنىڭ ھېسسىياتىغا نېمىمۇ دېگىلى بولىدۇ. لېكىن مېنىڭ يۈرىكىممۇ شۇ تاپتا ئاشۇ تام سائىتىدەك داڭ ئۇرماقتا ئىدى. شاھىدە بولسا بۇ چاغدا پومادا بىلەن قىپقىزىل قىلىنغان چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ، ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك، بىر يىغلىسا زادىلا توختىماي ھۆكۈرەپ، ئۇزاققىچە يىغلايدىغاندەك ھالەتتە ئولتۇراتتى... نىھايەت، ئۇ ھېكايىسىنى داۋام ئەتتى:

ئەنە شۇ ئىشقا توپتوغرا يىگىرمە ئالتە يىل بوپتۇ. چەت ئەلدىكى يىگىرمە ئالتە يىللىق ھاياتىم ھەققىدە سىزلەرگە نېمىلەرنى دەپ بېرەي؟ ئىشقىلىپ ئۇ يەرگە يىغلاپ-قاخشاپ كوندۇق، ئۆي-ماكان تۇتتۇق، ياشىدۇق. ئالتە بالا تاپتۇق. ئۈچى ئوغۇل، ئۈچى قىز. چوڭ قىزىمىز ساجىدەنى ئۇزاقى يىلى ياتلىق قىلدۇق. ھازىر زاھىدە ئىسىملىك ئوماققىنە نەۋرەممۇ بار...

نىھايەت، ئىچكىپ كەتكەن ئوماق نەۋرىسىنىڭ ئىسمى تۈپەيلى بولسا كېرەك، شاھىدە كۈلۈمسىرىدى، بىراق بۇ كۈلۈمسىرەش بۇلۇتلۇق ئاسماندا غىل-پال كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقاپ كەتكەن قۇياشتەك دەررۇ غايىپ بولدى.

— مەن سىزلەرگە چەت ئەلدە ئۆتكەن يىگىرمە ئالتە يىلىمنى ئاشۇنچىلىكلا ئېيتىپ بەردىم. بۇنىڭدىن ئارتۇق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. تۇرمۇشىمىز ياخشى، پىكاپىمىز بار، ئېرىم سەنئەتتىكى قابىلىيىتى تۈپەيلى قالتىس ئابروي ۋە پۇل تاپتى، مەنمۇ كونا كەسپىم بولغان پېركازچىكلىقتىمەن... بۇ گەپلەرنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ پەقەت سىلەرگە ئەمدى رەھمەتلىك ئېرىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قىلغان ۋەسىيىتى توغرىسىدىلا پاراڭ قىلىپ بېرەي.

شاھىدەنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپ بىلەن تەڭلا مەن چۆچۈپ ئايالىمغا قارىدىم. سەلىمە بولسا «شۇنداق، سىزگە بۇنى ئېيتماپتىمەن» دېگەن مەنىدە كۆزۈمگە قارىدى. كۆڭلۈمدە ھېسداشلىق تۇيغۇلىرى لەپپىدە كۆتۈرۈلدى-دە، شاھىدەنىڭ مۇڭلانغان چىرايىغا تىكىلدىم.

— ئېرىمنىڭ ۋاپاتىغا تېخى ئىككى ئاي بولمىدى، مەن ئۇنىڭ قىرىقى نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشۇمغىلا بۇياققا ئۆتكەن رەسمىيىتىم تەستىقلىنىپ قالدى. ئەسلىدە ئىككى كىشىلىك رەسمىيەت ئۆتكەن ئىدۇق، بىراق... بىراق مەن ئۆزەم يالغۇز كەلدىم...

ئايال كىشىگە خاس ئاجىز، ئىچىنىشلىق

يىغا ئاخىرى شاھىدەدىن پارتلاپ چىقىپ ئۆي ئىچىنى سۆرۈنلەشتۈرۈۋەتكەندەك بوپ قالدى. شاھىدە پەكۋاي ياغلىقىنىڭ باياتىن ئۆزى غىجىملاپ ئولتۇرغان ئۇچىنى كۆزلىرىگە دەممۇ دەم بېسىپ، بىرھازا غىچە يىغلىدى. ئاياللارمۇ قوشۇلۇپ يىغلىدى. مېنىڭ كىرپىكلىرىممۇ نەملەشكەنلىكىنى تۇيدۇم.

— سەۋر قىلىڭ، ئاللانىڭ ھۆكمى شۇنداق. ھەممىمىز ئاخىر ئۆلۈمىز! — مەن سىپايىلىق بىلەن شاھىدەگە تەسەللىي بەردىم. سەلىمەمۇ ئېسەدىگەن ھالدا دوستىغا تەسكىن بەرمەكتە ئىدى.

— بولدى يىغلىماي، مەن يىغلاپ بولغانمەن، ھازىرغىچە يىغلاپ، كۆز ياشلىرىممۇ قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى. ئاشۇ، جەت ئەلدە جەسىتى قېپقالغان ئېرىم ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن يىگىرمە ئالتە يىلىم ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ۋەتىنىمىزدە قاڭغىر قاخشاپ قېپقالغان جان - جىگەرلىرى ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك يىغلىغانمەن. لېكىن ئاخىرقى يىغىنى مەن كېچىكىپرەك يىغلىدىم... راست، مەن بۇ يىغىنى كېچىكىپ يىغلىدىم. جەت ئەلگە چىققاندىن كېيىنكى نۇرغۇن يىللارنى سەۋىردىن ئىككىمىز بەختلىك ئۆتكۈزدۇق. چۈنكى ياش ئىدۇق. كېيىن بىلىنمەي ئالدى - ئارقىمىزنى بالا باستى. يىللار ئادەمنى تۇيدۇرماي خورىتىدىكەن، يېشىمىز بارغانچە چوڭىيىپ، ئادەمنى خىيال، ئەسلىمە، پۇشايمانلار ئازابلىغىلى تۇردى. تەبىئىكى، سەۋىردىن مەندىن بالدۇر قېرىشقا باشلىدى. يىگىرمە ئالتە يىل مابەينىدە ئۇ مېنى بىر قېتىممۇ رەنجىتكەن ئەمەس. ھەر قاچان مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپتى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ تولىراق مۇڭلىنىپ قالىدىغان بوپقالغانىدى. ئالتە بالىسى دەرقەمتە ئەتراپىغا ئۆلىشىپ، ئۆيىمىزنى ئاۋات بازار قىلىۋەتكەن چاغلاردا، مەن ئۇنىڭ يەتتىنچى بىر بالىسىنى، توغرىسىنى ئېيتقاندا بالىلىرىنىڭ ئەڭ تۇنجىسىنى ئويلاۋاتقىنىنى سېزىپ قالاتتىم. گاھ دۇمسىياتتىم، گايىدا كەپ تەگىشەتتىم، گايىدا بولسا ئۈنچىقمايتتىم. بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردا ئۈنچىقمايدىغان، ئۇنىڭ خىياللىرىغا ھالاقىت بەرمەيدىغان بولغانىدىم.

بۇنداق يوشۇرۇن بىئاراملىق تاكى ئېرىم ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، كېسەلى ئېغىرلاشقان كۈنلەرگىچە داۋام قىلدى. ئاشۇ كۈن زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى ئۆيدە ئېرىم ئىككىمىز يالغۇز ئىدۇق. سەۋىردىن قۇرۇپ قاخشال بوپقالغان قوللىرىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يىگىرمە ئالتە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم يۈرىكىدىكى يوشۇرۇن گېپىنى ئاشكارىلىدى:

— شاھىدە، يىغلىماستىن گېپىمنى ئاڭلاپ تۇر، مەن ئەمدى ئۆرە بولالمايمەن. سىلەر مەندىن يوشۇرغان بىلەن، ئۆزەمگە ئايان. ئۆلۈم مەن ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس، مەن پەقەت بىر نەرسىنى ساڭا ئېيتالماي كېتىپ قېلىشتىن قورقىمەن. ئەگەر مېنى چىن دىلىڭدىن سۆيسەڭ ئۆلەر ۋاقتىمدا مېنى رازى قىلاي، دۇئايىمنى ئالاي دېسەڭ گېپىمنى رەنجىمەي ئاڭلىغىن. ئورۇنلاشقا ۋەدە بەرگىن.

مەن جان - دىلىم بىلەن ۋەدە بەردىم، يىغلاپ - ئېقىپ تۇرۇپ ۋەدە بەردىم. سەۋىردىن دېمى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ تۇرۇپ مۇنۇلارنى ئېيتتى:

— بۇنىڭدىن يىگىرمە ئالتە يىل

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى ئائىلىمىز ئەزىز تۇپرىقىمىزنى، ئەزىز ئادەملىرىمىزنى، ھەممىنى تاشلاپ، بۇ يەرگە كەلدۇق. ساڭا ئايان، مېنىڭ چىرايىدا ساڭا تەڭ كەلمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە چۇشلۇق ھۆسنى بار، ۋاپادار ئايالىم ۋە بىر ياشقا تېگەي دەپ قالغان قەمەردىن ئىسىملىك ئوماق ئوغلۇم بار ئىدى. مەن ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىپ، سېنى ئەگەشتۇرۇپ بۇ يەرگە كەلدىم. بۇ ئەيىب ھەرگىز سەندە ئەمەس، پۈتۈنلەي مەندە. مەن گۇناھكارمەن، مەن ھەتتا سېنىڭ ئالدىڭدىمۇ گۇناھكارمەن. سېنىڭ ئاناڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ ئالدىدىمۇ گۇناھكارمەن. مەن بىر يىگىت تۇرۇپ، سەندىن ئون ياش چوڭ ئەركەك تۇرۇپ ئۆزەمنى ئىشقى-ھەۋەس ئالدىدا تۇتۇۋالالمىدىم... خەيرىيەت، بۇمۇ تەقدىر پېشانە!

ساڭا مەلۇم، مەن گەرچە ئاغزىمدا بىر نېمە دېمىسەممۇ، ھامان ئوغلۇم قەمەردىننى ئويلاپ، سېغىنىپ يۈردۇم. بۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋال، ۋەتەنگە تۇغقان يوقلاپ بارغان بىر ئاغىنەمنى قەمەردىن ئىسىملىك بىر بالا ئىزدەپتۇ. بىلەمسەن شاھىدە، مېنىڭ ئوغلۇم مېنىڭ ئىزدەك - سوراقىمنى قىپتۇ، مېنى ئىزدەپتۇ... ، ئاللا نېسىپ قىلغان بولسا بۇ قېتىم سەن بىلەن بىرگە ۋەتەنگە قايتىپ ئاشۇ ئوغلۇمنى كۆرمەكچى ئىدىم. مېنىڭ ئوغلۇمنى مەڭگۈ جاپادا بېقىپ، چوڭ قىلغان ئانىسىدىن — بىرىنچى ئايالىم توختىگۈلدىن ئىزلىنىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىماقچىدىم... بىراق بۇنىڭغا مۇمكىن بولمايدىغان ئوخشايدۇ. رەسمىيىتىمىز پات ئارىدا تەستىقلىنىپ چىقمايدىغاندەك، چىققان ھالەتتىمۇ بۇ ھالىتىم بىلەن ئۇ تەرەپكە بارالمايمەن. ۋەتىنىمدىن شىرقامەت چېغىمدا ئايرىلدىم. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەستىن، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن چىرىگەن تېنىمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىمۇ ئالتە بالىمىز، ئۆي - ماكانىمىز بار. ئەمدىكى ئۈمىدىم سەندە، مەيلى خالا، مەيلى خالىما، لېكىن ۋەتەنگە بارغىنىڭدا مېنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئوغلۇمنى، ئۇنىڭ جاپاكەش ئانىسىنى تاپقىن، مېنىڭ ئۈچۈن ئوغلۇمنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويغىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىدا مەن ئۈچۈن ئۈچ قېتىم تىزلىنىپ، ئەپۇ سورىغىن، مەن ئۈچۈن...

شاھىدە بۇ گەپلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ دېدى. مەنمۇ، ئايالىممۇ كۆزلىرىمىزنى ھە دەپ ئىشقىلىغىلى باشلىدۇق. مېنىڭ قەلبىم تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ھەقىقىتى ئالدىدا زىلزىلىگە كەلگەنىدى.

— ئېرىم ئاشۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن بىر ھەپتىگە قالماي ئالەمدىن ئۆتتى. يىغلىدۇق، قاخشىدۇق، نېمە ئامال؟ بالىلىرىم ئاتىسىز، مەن ئەرسىز قالدىم. يىگىرمە ئالتە يىل ئىلگىرىكى ھېلىقى سۇمباتلىق، جادۇ كۆز گارمونچى يىگىتنى تۇپراق تېگىگە كۆمۈپ قويدۇم. يەنە كېلىپ ئۇنىڭمۇ، مېنىڭمۇ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلمىگەن بىر ئەلگە كۆمۈپ قويدۇم...

مۇسىبەتلىك بۇ ئاۋازدىن ئەمدىگىنە مەن ھەقىقىي شاھىدەنى كۆرگەندەك بولدۇم. كۆزلىرىم يوغان ئېچىلىپ، چەت ئەلنىڭ يېڭى مودىسىدا كىيىنگەن ۋە ياسانغان بۇ سۇمباتلىق ئايالغا پۈتۈن ھېسداشلىقىم بىلەن نەزەر سالدىم، گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا ئالدىرىدىم.

— ئېرىمنىڭ قىرقى نەزىرىنى بېرىش ئالدىدا رەسمىيىتىمىز چىقىپ قالدى.

رەسىمىيەت چىققان كۆنى ئائىلىمىزدە يەنە چوڭ هازا ئېچىلدى. نېمىشقا هازا ئاچمايلى، ئىككى كىشىنىڭ ۋەتەنگە بېرىش رەسمىيىتىنىڭ بىرى سەۋىردىنىڭ — مېنىڭ قىممەتلىك ئۆمۈرلۈك يولدىشىمنىڭ، باللىرىمنىڭ كۆيۈمچان ئاتىسىنىڭ ئەمەسمىدى!؟ ئاخىرى غەيرەتكە كەلدىم، يىغامنى تۇختاتتىم. بېشىمدىكى ئاقنى قىرقى نەزىر كۈنى باشقىلارنىڭ زورى بىلەن، بولۇپمۇ باللىرىمنىڭ زورى بىلەن ئالدىم. باراي، ۋەتەنگە تېزرەك باراي، ئۆزەم ئۈچۈنمۇ، ئېرىم ئۈچۈنمۇ باراي، ئەڭ مۇھىمى، سەۋىردىنىڭ مەندىن كۈتكەن ئەڭ ئاخىرقى تىلىكىنى، قىممەتلىك تىلىكىنى بالدۇرراق ئۆتەش ئۈچۈن باراي ... دەپ ئويلىدىم ـ دە، قىرقى نەزىرنى ئۆتكۈزۈپلا يولغا چىقتىم. بىر كۆزۈم ياش، بىر كۆزۈم قان يولغا چىقتىم.

شاھىدە تەسىرات ۋە هاياجاندىن هاردى بولغاي، بىر هازاغىچە دىمىنى رۇسلىۋالالماي، كەينىدىكى ساندۇققا يۆلەندى. ئايالىم دەررۇ قىزىق چاي يېگىلىدى. شاھىدە تەشنالىق بىلەن چېيىنى سۈمۈردى. ئاندىن ئېغىر تىن ئالدى.

— ۋەتەنگە كېلىپلا قىلغان بىرىنچى ئىشىم سەۋىردىنىڭ تىلىكىنى ئورۇنلاش بولدى. ئانام رەھمەتلىك مېنىڭ دەردىمدە يىغىدىن، غەمدىن باش كۆتۈرەلمەي ئون سەككىز يىل ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. ئادرىسىمنى ئۇقمىغاچقا، تۇغقانلىرىم ماڭاخەۋەر قىلالماپتۇ. ئېيتماقچى، مۇشۇ كەمگىچە مەندىن ۋەتەنگە بىر پارچىمۇ خەت كەلمىگەنىدى. مەندەك تاش يۈرەك پەرزەنتنى ئالىلا هېچكىمگە بەرمىسۇن ... نېمە دەۋاتاتتىما؟ هە راستلا، ۋەتەنگە كېلىپلا تۇتۇنغان بىرىنچى ئىشىم سەۋىردىنىڭ تىلىكىنى ئورۇنلاش بولدى.

ئېرىمنىڭ دەپ بەرگەن ئادرىسىغا باردىم، مەن ئىزدىگەن كىشىلەرنىڭ ئۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىللار بوپتۇ. مەھەللىدىكى قېرىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ، كۆچۈپ تۈگەپ ياشلار، يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بىرەرسىدىن ئېنىقراق ئۇچۇر ئالالماي قايتتىم. ئاخىر نېمە قىلدىڭ دېمەمسلەر، شۇنچە چوڭ شەھەرنىڭ بارلىق بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىنى ساپمۇساق يەتتە كۈن ئايلىنىپ چىقتىم. «ئېرى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن توختىگۈل ئىسىملىك ئايال بارمۇ؟ قەمەردىن ئىسىملىك يالغۇز ئوغلى بار؟» دەپ كۆرگەنلا ئادەمدىن سوراۋەردىم. ئانام ئۆلۈپ، يېقىن تۇغقانلىرىم ئۇيان ـ بۇيان كېتىپ، بۇ شەھەردە پەقەت بىر كىچىك ئانامالا قاپتىكەن. ھەر كۈنى ئەتىگەندە كىچىك ئانامنىڭكىدىن «ياپىرىم» دەپلا چىقىپ كېتىمەن. كەچتە بىراقلا قايتىپ كېلىمەن. ئىچىمدە بىر ئوت بار. شۇ ئوت مېنى ئۆلتۈرغۇزمايدۇ... شۇنداق قىلىپ، يەتتىنچى كۈنى ئۇلارنى تاپتىم. كىمدىن سوراپسەن دېمەمسلەر، سورىغاندىمۇ نەق ئۆزىدىن — ئۆزەمنىڭ بىر چاغلاردىكى كۈندىشىمدىن، سۆيۈملۈك ئېرىمنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ئانىسىدىن سوراپتىمەن.

بۇ كەچقۇرۇن پەيتى ئىدى. بۈگۈنكى سەپىرىدىنمۇ ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، كەلگەن يولۇم بىلەن ئەمەس، سەل نېرىدىكى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ، ئېتىزلىق يولى بىلەن كىچىك ئانامنىڭكىگە قايتىپ كېتەي دەپ تارغىنە ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىۋاتقان بىر ئايالغا كۆزۈم چۈشتى. «توختىغىنا، مۇشۇ ئايالدىنمۇ بىر سوراپ كۆرەي» دەپ سورى-

ۋىدىم، ئايال باش - ئايىغىمغا تېڭىر-
قىغىنىچە بىر نەزەر سېلىۋېتىپ «شۇ ئايال
مەن بولىمەن» دېمەسمۇ، تاس قالدىم،
ئۆستەڭگە غۇلاپ چۈشكىلى، چىشلىرىم
كاسىلداپ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، جالاقلاپ
تىترەپ نېرىقى قىرغاقىا ئۆتۈپ ئايالنىڭ
ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئايال ئېتىز بويىدىكى
قاتار كەتكەن بەش - ئالتە ھويلىنىڭ ئەڭ
چېتىدىكىسىگە مېنى باشلىدى. چىرايىدا
چەت ئەللىكلەرگە سەل قىزىقىسىنىش ۋە
ھەيرانلىقتەكلا بىر ئالامەت بار ئىدى.
پات - پات كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قاراپ
قويغىنىمدا مەن ئۇنىڭدىكى بۇ ھالەتنى
كۆزىتەتتىم. ئۇ مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى،
تۆرگە ئۆتتۈم. كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇ-
ۋېلىپ، ئايالغا تەپسىلىي نەزەر سالدىم.
ئايالنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇنى ئاتمىش
ياشلار چامىسىدا دەپ باھالىغىلى بولاتتى.
چاچلىرىنى، بولۇپمۇ چېكە چاچلىرىنى ئاق
باسقان، چىشلىرىدىن بىرنەچچىسى تۆكۈلگەن،
قىسقىسى ئالدىمدا جاپا چەككەن بىر ئايال
تۇراتتى. ۋۇجۇدۇمنى جىنايەتچىلەردە،
يەنە كېلىپ جىنايىتىنى تونۇغان، پۇشايمان
قىلغان جىنايەتچىلەردە بولىدىغان تۇيغۇ
قاپلىدى. مېنى بۇ تۇيغۇ لەرزىگە سالدى.
ئۇشتۇمتۇت يىغلىدىم. ئايال بۇنىڭدىن
ھەيران قالدى.

— مەن سىزنىڭ بەختىڭىزنى،
ھاياتىڭىزنى تارتىۋالغان جىنايەتچى ئايال
بولىمەن، بۈگۈن ئالدىڭىزغا باش ئېگىپ
كەلدىم. مېنىڭ ئىسمىم شاھىدە ....، —
دېدىم. ئىسمىمنى ئېيتىشىم بىلەن باياتىن
داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالغان ئايال «ۋايەي...
سىز شۇمۇ» دەپلا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى.
تاياق، ئاھانەت كۈتكىنىدىم، ياق، تۇختىغۇل

ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنى قۇچاقلىۋال-
دى. مەنمۇ ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ،
ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ھۆكىرەپ
يىغلىدىم... مەن ئۇ ئايالنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ
ئولتۇردۇم، — دېدى شاھىدە گېپىنى
داۋاملاشتۇرۇپ، — ئېرىم ماڭا ئۇ ئايالنىڭ
ئالدىدا ئۈچ قېتىم تىزلىنىپ ئەپۇ سوراشنى
بۇيرۇغانىدى. مەن ئېرىم ئۈچۈن ئۈچ؛
ئۆزەم ئۈچۈن ئۈچ قېتىم تىزلىنىپ، يەرگە
باش قويۇپ، ھەر قېتىم باش قويغاندا ئۇ
ئايالنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ ئەپۇ
سورىدىم. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆمۈرۋايەت باش
قويسامۇ ئازلىق قىلاتتى. سەۋىردىنىڭ
تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلىدىم، ھەتتا ئارتۇقراق،
بارلىق جاۋابكارلىقىنى ئۆزەمگە ئېلىپ
ئورۇنلىدىم. مەندەك بىر ھالى چوڭ ئايال
ئۈچۈن ئىلگىرى بۇ ئىشلارنىڭ مىڭدىن
بىرىمۇ ئېغىر كېلەتتى. ھازىر بولسا بۇلار-
نىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن
..



قىلدىم. چۈنكى ئېتىقادىم بىلەن قىلدىم. توختىگۈل ئىككىلەن يىغلاشتۇق، قاخشاشتۇق، مۇڭداشتۇق. ئۇ مېنى ئەپۇ قىلدى. قەمەردىننى يىگىرمە يەتتە ياشقا يەتكۈزگىچە تارتقان جاپالىرىنى، ئەرسىز ئۆتكەن پۈتۈن ھاياتىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىدەك ئۆركەشلەپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ تىڭشىدىم. توختىگۈل بىر چاغدا قەمەردىننى ياغاچچىلىق قىلدۇاتقان دۇكىنىدىن باشلاپ كەلدى. قەمەردىننى كۆرۈپلا يىگىرمە ئالتە يىل ئىلگىرىكى سەۋردىننى كۆرگەندەك بولدۇم. تەبئىكى، يىغام ئەۋجىگە چىقتى. قەمەردىن ماڭا خېلىغىچە ئېچىلىپ پاراڭ قىلمىدى. يىغلىدىم، يېلىندىم، سەۋردىننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ۋە ئەلۋەتتە ئۆزەم ئۇچۇنمۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئانىلىق مېھرىم بىلەن يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدۇم. ئاخىر بىچارە بالامنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلىدىم. شۇ كۈنى تۈنبويى بىز ئۈچىيلەن سەۋردىننىڭ ھازىسىنى ئاچتۇق...

شاھىدە ئاخىرى تامامەن ھاردى. تام سائىتى كېچە ئىككىدىن بەلگە بېرىپ ئۇرۇلدى. ئۆيىنى خېلىلا ئۇزاق سۈكۈنات قاپلىدى. پەقەت ئېسەدەشلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، بولدىلا، سىزلەرنى توخۇ چىللىغىچە ئۇيقۇدىن قويدۇم، — دېدى بىر چاغدا شاھىدە ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ ۋە كۈلۈمسىرەشكە ھەرىكەت قىلىپ. مەن بولسام ئۇنىڭ غەمدىن سولغان چىرايلىق يۈزىگە ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قالغانچە ئولتۇراتتىم.

شاھىدەنىڭ ئىككى مەڭزىدە كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى بويلاپ ئىككى ئىز پەيدا بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ھازىرقى كىيىنگەن ۋە ياسانغان ھالىتى بىلەن زادىلا ماسلاشمايتتى.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن شاھىدەدىن. چۈنكى ئۇ ماڭا ئەمدى گەپ قىلمايدىغاندەك بىلىنگەنىدى.

— بەلكى سىز «بۇندىن كېيىن قانداق بولدۇ؟» دەپ سورىماقچى بولسىڭىز كېرەك، — دېدى شاھىدە غەمكىن چىرايىغا سەل - پەل جىلۋە تۇسى بېرىپ، — مەن ھازىر كۈن ئارىلاپ دېگۇدەك توختىگۈلنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن. مەن قايتىپ بېرىپلا قەمەردىننى چاقىرتماقچىمەن. ئالتە قېرىندىشىنىڭ يېنىغا بارسۇن، ئۇلار بىلەن تونۇشسۇن، دادىسىنىڭ قەبرىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشسۇن، كېيىن يەنە ئانىسىنىڭ يېنىغا يولغا سېلىپ قويىمەن. سەۋرىدىننىڭ يىل نەزرىسىنى بېرىپ بولۇپ، باللىرىمنى ئېلىپ، ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئەزىز يۇرتىمىزغا قايتىپ كېلىمەن. توختىگۈل ۋە قەمەردىنلەر بىلەن بىللە ياشايمىز. دۇنيا دېگەن شۇنچىلىكلا نەرسىكەن.

— شۇنداق، — دېدىم مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن شاھىدەنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — بىراق ئىنسانلار دۇنيانى كېچىكىپ چۈشىنىدۇ، بىر - بىرىنىڭ قەدرىگە كېچىكىپ يېتىشىدۇ. ھەقىقىي ئېرىشىشى لازىم بولغان نەرسىگە كېچىكىپ ئېرىشىدۇ. دۇنيا كېچىكىش بىلەن تولغان...

www.uyghurkitap.com

ئامانگۈل مامۇت

# قارلىغاچلار نېمە دەيدۇ

(نەسىر)

ئاھ ... يۈرىكىم! ئەمدى تىپچەلانغىن، پۈتكۈل ھاياتلىقلار شېرىن ھېس- تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەن مۇشۇنداق خەيىرلىك كۈنلەردە پەقەت سەنلا پەرياد چېكىۋاتىسەن. ئەمدى ئاھ ئۇرما يۈرىكىم!

مەن شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلگەن تەبىئەتكە دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا سۇلىرىنىڭ قىرغاق سۆيۈپ ئېقىشلىرىغا پەرىشان ھالدا تىكىلىپ تۇرغىنىمدا دەريا ئۈستىدە گاھ پەسلەپ، گاھ ئۆرلەپ ئۇچۇپ يۈرگەن شوخ قارلىغاچلارغا كۆزۈم چۈشتى، ئىختىيارسىز ئۇلارغا مەسلىكىم كېلىپ: «سىلەر بىزدىن بەختلىك ئىكەنسىلەر!» دەپ پىچىرلىدىم. قارلىغاچلار ماڭا قاراپ كۆزلىرىنى قىسىشىپ، نازۇك تىللىرى بىلەن: «دىلبىرىم مېنى تاشلىۋەتتى دەپ ھەسرەت چېكىۋاتامسەن؟ كەل، بىزنىڭ ئارىمىزغا قوشۇلۇۋال، بىز سېنى ۋاپا، پەزىلەت گۈلزارلىقىدا ياشايدىغان پەرىشتىلەر ماكانىغا ئېلىپ بارايلى...» دەپ تاتلىق خىتاب قىلغىنىدا يۈرىكىم يەنە مۇجۇلۇشقا باشلىدى. بارا- بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقان قارلىغاچلارغا تىكىلىپ تۇرغىنىمدا، مېھرايى كۆز ئالدىمغا كەلدى... ئۇمۇ بىر چاغلاردا ماڭا مۇشۇ قارلىغاچلاردەك تاتلىق سۆزلەپ، ئاجايىپ ۋەدىلەرنى بەرگەن ئەمەسمىدى؟... خىيالىم يەنە شۇ چۈشتىن بۇرۇنقى تۇمانلىق مەنزىرىلەرگە كۆچتى...

قولۇمدا مېھرايىنىڭ تويى باغقى، ئاھ، خۇدا... ئۇ بۈگۈن راستىنلا توي قىلامدىغاندۇ؟... ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرى قاياقلارغا كەتتىكىن...؟

مەن ئىككىمىز يانمۇ يان تۇرۇپ چۈشكەن سۈرەتكە قارىدىم. سۈرەت كۆز ئالدىمدا بىردىنلا جانلاندى، چوڭايدى. ئۇنىڭ مەرۋايىتتەك سۈزۈك پارقىراق يۈزلىرىگە كۈلكە ياماشتى، ئۇزۇن، ھەم بۇلۇق قۇندۇز چاچلىرى دولقۇنلىدى. قاپقارا ئەگمە قاشلىرى يېيىلىپ، يوغان ھەم دۈگىلەك كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، ئوتلۇق تۇس ئالدى، غۇنچىدەك قىزىل لەۋلىرى بولسا، بىلىنەر- بىلىنمەس تىترەپ مۇشۇ تاپتىمۇ ماڭا: «ئىشىنىڭ، ئىشىنىڭ» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ماڭا ئوخشاش يۈرىكى ۋاپاسىزلىقنىڭ رەھىمسىز ئوقى بىلەن ئېغىر جاراھەتلەنگەن بىر دەردمەن مۇشۇ قايغۇلۇق مىنۇتلاردا مېھرايىنىڭ قىلچىلىك ساختىلىق ئىپادىسى كۆرۈلمىگەن سەبى كۆزلىرىنى، قىزغىن مۇھەببەتلىك سۆزلىرىنى ئەسلىمەي تۇرالىسۇنمۇ؟...

مېھرايى، ئىككىمىز مەكتەپتىن ئۆيۈشتۇرغان «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى» ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شەرەپ گۈلى كۆكسىمىزگە تاقالغان شۇ بەختلىك مىنۇتلاردا سېنىڭ كۆزلىرىڭدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان مۇھەببەت ئوتىدىن، مېنىڭ يىگىتلىك كۆزلىرىم نۇر ئالغانىدى. مەن سېنىڭ گۈزەللىك جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايلىق چېھرىڭگە،

www.uyghurkitap.com

تۈن قاراڭغۇسىنى ئەسلىتىدىغان قوڭدۇز چاچلىرىڭغا قارىغىنىمدا، ئۆزەمنى ئاجايىپ بەختلىك سەزسەممۇ، لېكىن: «بۇ قىز مېنى ياقتۇرارمۇ؟ بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرەرمۇ؟» دېگەن ئەندىشىلەر بىلەن ئۆز-ئۆزەمنى قىينايتتىم. راست، سەن مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى كۆزلىرىڭدىنلا ئەمەس، بەلكى لەۋلىرىڭدىكى نازۇك پىچىرلاشلار بىلەن ئاشكارىلاپ، مېنى غەمدىن خالاس قىلغان. ھەتتا: «ئەگەر سەن خالىساڭ بىر ھايات يوللىرىدا بىر ئۆمۈر مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ئالغا ئىلگىرىلىسەك ...» دېگەنىدىڭ.

ئۇ نەقەدەر گۈزەل، شادىمان كۈنلەر ئىدى-ھە!...

ئەمدى، بۈگۈن بىزنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلىرىمىزگە، سېغىنىشلىق تۈنلىرىمىزگە ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىپ تۇرمۇشقا چىقىۋالدىڭمۇ؟... ئاشۇ خاتىرىلەرنى كۆڭۈل-كۆكسۈڭدىن چىقىرىۋېتىش ساڭا شۇنچە ئاسانمۇ؟ بىر سۆيگۈ لەززىتى بىلەن ئۆتكەن قىممەتلىك ياز ئايلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى زىمىستان قىش كۈنلىرىنىمۇ باھاردەك ھېس قىلاتتۇق-قۇ؟ سەن دائىم ماڭا: «گەرچە تەبىئەت دۇنياسىدا تۆت پەسىل بولسىمۇ، بىزنىڭ قەلبىمىز مەڭگۈ باھاردەك...» دەيتتىڭغۇ؟... ئېيتقىنا مېھراي، سەن مېنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرۇغلۇق يەنە نېمىشقا ئۆزەڭگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان باشقا بىرسىگە ياتلىق بولماقچى بولۇپ قالدىڭ؟! ئۇنىڭ بويىندا «ئەمەلدار» لىق تۇمارى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟! ياكى ۋە ياكى... بولدى قوي بۇلارنى سۆزلەپ نېمە قىلاي! لېكىن سەندىن شۇ بىر نەرسىنى سوراپ باقاي: بۈگۈنكى تويۇڭ سېنى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلارمۇ؟... گەپ قىلساڭچۇ!... بېشىڭنى لىڭشىتىۋاتامسىنا؟... ياق، ياق. مەن بۇنىڭغا زادىلا ئىشىنەلمەيمەن، سەن مېنى ھەسەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما! مەن ساڭا ھەسەتخورلۇق قىلغىنىم يوق، بەلكى سەن ياتلىق بولماقچى بولغان «يىگىت» نىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن «خوتۇن بىدىكى» دەپ نام ئالغان نەپرەتلىك بىر شەخس ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئازابلىنىۋاتىمەن، سەن بۇنى بىلەمسەن؟... بىلسەڭمۇ كۆزىڭنى يۇمۇۋېلىپ، قۇلاقلىرىڭنى ئېتىۋالدىڭمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ھوقۇق ئىمتىيازى، ھارامدىن تاپقان بايلىقى سېنى قىزىقتۇرۇۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ كۆزەينەك ئىچىدىكى قۇۋلۇق كۈلكىسى يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگىمۇ ماڭا باققان ئويچان، مۇھەببەتلىك كۆزلىرىڭ بىلەن باقامسىنا؟... شۇ كۆزلەر ساڭا ئۆمۈرلۈك بەخت ئاتا قىلسىلا مەن ئارتۇقچە ئازابلانماس ئىدىم.

ئاھ، مېھراي، سېنىڭسىز ياشاش ماڭا ئېغىر، ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر! مەن ئازابلىنىۋاتىمەن، ھەسرەتلىك ياش تۆكۈۋاتىمەن، بۇ ياشلار كۆزۈمدىن ئەمەس، يۈرىكىمدىن تۆكۈلۈۋاتىدۇ. توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان بۇ ياشلىرىم سېنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقان بۇ جانسىز سۈرىتىڭنى يۇيماقتا... تېنىم جۇغۇلداپ يۈرىكىم چىدىغۇسىز ئاغرىشقا باشلىدى. مېھراي، سەن يۈرىكىمنى چۈشىنىۋاتامسەن... سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامسەن...؟

مەن ھەسرەتلىك خىياللار ئىچىدە باغاقنى پۇرلاپ يەرگە تاشلىۋەتتىم-دە، سۈرەتكە ئاخىرقى قېتىم قارىدىم، ئەپسۇسكى سۈرەتتىكى بۇ گۈزەل دىنىڭ قەلبىمدە خېلىدىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان توختاۋسىز سۆيگۈ خىتابلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، تېخىچە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئاھ... خۇدا، مەھەللە تەرەپتە ناغرا-سونايىنىڭ ئاۋازى ياڭرىماقتا، بۇ نەغمە-ناۋا يۈرىكىمنى ئۆرتىمەكتە. ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باسماقتا، تېخى ھېلىراقتا ئوچۇق تۇرغان ئاسمان قارا

بۇلۇت بىلەن قاپلىنىپ يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. قارلىغاچلار ۋىچىرلىشىپ يەر بېغىرلاپ ئۇچۇشماقتا...

— ۋۇي، سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز؟ — ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئالدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئالدىمدا مېھراينىڭ دوستى دىلنار ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

مەن ھەسرەت بىلەن بېشىمنى چايقىدىم. شۇ تاپتا مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك:

— ھەي... مەنمۇ دەسلەپتە ئاڭگىراپ قالغانىدىم، — دېدى خۇرسىنىپ، — كېيىن مېھراي ماڭا: «ئاڭلىسام پەخىردىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بەك كەمبەغەلمىش، ئاتا-ئانام مەھەممەت جۇيجاڭغا زورلاپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ يېشى مەندىن خېلىلا چوڭ بولغىنى بىلەن پۇلى كۆپ ئىكەن، بوپتۇ دېدىم، ھازىر ھەممە نەرسە پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولۇپ قالدى... ئۇ مېنى ئالتۇنغا كۆمۈۋەتتى... كۆردۈڭمۇ؟» دەپ قولىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ھالقىلارنى كۆرسەتتى. ئۇ ئەزەلدىنلا پۇلغا ئامراق ئىدى. بىراق سىزگە ئۇنداق قىلار دەپ زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن!...

دىلنار مەن بىلەن خوشلىشىپ ئۇدۇل مېھراينىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

مەن قەدەملىرىمنى تەسلىكتە يۆتكەپ، مېھراي بىلەن دائىم بىرگە سەيلى قىلىدىغان، ئادەملەر شالاڭ بەخت كوچىسىنىڭ چېتىدىكى دەريا بويىغا قاراپ ماڭدىم.

تىنىمسىز ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرغىنىمدا، مېھراينىڭ يېنىك شىۋىرلاپ: «مەن سېنى سۆيىمەن، سەن مېنىڭ بەختىم. ھاياتىم!» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولادى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، ياشلىرىم دەرياغا ئېقىپ چۈشۈپ، دەريا سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى...

ئاھ، بەربات بولغان ئەقىدە، سولغان كۆڭۈل، مۇزلىغان يۈرەك!... پۇل! پۇل!... ھەممە نەرسە شۇ پۇل بىلەنلا بولسا-ھە؟!

دەريا سۈيى پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا ئوتقاشتەك يالتىراپ روھىمنى سەل كۆتۈرگەندەك بولادى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ دەريا دولقۇنلىرىغا، دەريا بويىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىشىپ يۈرگەن قارلىغاچلارغا قارىدىم. قارلىغاچلار يەنە ماڭا قاراپ ۋىچىرلىشىپ كەلدى ۋە مېنىڭ پەرىشان كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك: مەن بەختسىز بولۇپ قالدىم دەپ ھەسرەت چېكىۋاتامسەن؟ ياق، بەخت ئۇلا ئەمەس، بەخت تېخى ئالدىڭدا! سەن ئۇمىدۋارلىق بىلەن مۇشۇ پەرىشتىلەر ماكانىغا بارغىن، سېنى پەزىلەت ۋە ساداقەت ئىگىلىرى بولغان گۈزەللەر كۈتمەكتە. بەخت، ھەقىقىي بەخت ئەنە شۇ مەرىپەت گۈلزارلىقىدىكى پەرىشتىلەر ماكانىدا...» دېگەندەك چىرايلىق تىللىرى بىلەن سايراشتى.

«ئاھ! ماڭا يول كۆرسەتكەن قارلىغاچلىرىم، ۋاپا، پەزىلەت ئىگىلىرى تېپىلاشقان مەرىپەت گۈلزارلىقىدىكى پەرىشتىلەر ماكانى قەيەردە...؟» مەن خىتاب قىلدىم.

«كىتابىتا، سەن ئۇ يولنى كىتابتىن ئىزلە» دەپ جاۋاب بېرىشكەندەك قىلاتتى قارلىغاچلار.

توغرا، كىتابىتا. بولىدۇ! ئۆزەمگە شۇنداق خىتاب قىلدىم، — كىتابتىن ئازابلىرىمغا داۋا ئىزلەي، كىتابتىن بەختىمنى ئىزلەي».

مەن كەڭ داللارغا بىر قۇر نەزەر سېلىۋېتىپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ كەينىمگە قايتتىم.

مۇختار سوپى

# ئېزگۈ ھېسلار



مۇختار سوپى 1969 - يىلى 28 - فېۋرالدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن، ھازىر بۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇماقتا.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «ۋەتەن سۆيگۈسى» 1984 - يىلى قۇمۇل ئەدەبىياتىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىت»لىرىدە بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. شېئىرىيەتتە يېڭى ئىزلىنىشلەر بىلەن دادىل قەدەم تاشلاۋاتقان بۇ ياش شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلدۇق.

— تەھرىردىن.

## ئەللەيلىنەر ئاي شولىسى بۇلاقتا...

ئەللەيلىنەر ئاي شولىسى بۇلاقتا،
يۈرىكىمگە سۆيگۈ بېرىپ، ھېس بېرىپ،
قاناتلانغان تەپەككۇرۇم يىراقتا،
ياشلىقىمغا گۈزەللىكتىن گۈل تېرىپ.

ئەللەيلەنسە ئاي شولىسى بۇلاقتا،
ئۆركەشلىنەر قەلبىم گۈزەل تۇيغۇدىن.
ھەر دەقىقەم قالار كۆرمىگەن سوراقتا،
ئويغانغاندا تۇيغۇلىرىم ئۇيقۇدىن.

تەبىئەتتىن سۆيۈنمەن تولىمۇ،
تەبىئەتتۇر گۈزەللىكنىڭ ئانىسى.
گۈزەل ئۇنىڭ چىتلاق باسقان يولىمۇ،
مەن - سەن ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق بالىسى.

ئاھ، تەبىئەت بۇلاقلىرىنىڭ چىرايلىق،
گۈزەللىكنىڭ شەيداسىغا ئايىدە.
ھەر مەنزىرەڭ گۈزەللىككە تولغان لىق،
سىن بېرىدۇ ھۆسنۈڭ ماڭا زىيادە.

ئاھ، كېچىلەر، سۆيگۈ تولغان كېچىلەر،
ئەللەيلىنەي، ئەللىيىڭدىن ئۆرگىلەي.
مېنى ئىجاد قاينىمىغا يېتەكلەر،
ئايدىڭ كېچە، شۇ كېچەڭدىن چۆرگىلەي!

## ھەۋەس يولىدا

باغلاردىكى ئالما نوتىسى
چېچەكلەيدۇ گۈزەللىك ئۈچۈن.
چاراقلايدۇ ئەرك يۇلتۇزى،
مەشئەل بولۇپ ئاسماندا ھەر تۈن،
چېچەكلەيدۇ گۈزەللىك ئۈچۈن.

دەريا ئاقار، يېشىللىق ئىشقى،
يېشىللىقتىن گۈزەل بۇ دۇنيا.
گۈزەللىكنىڭ بولۇپ يارىشقى،
چولپان پارلار چېچىپ نۇر - زىيا.
يېشىللىقتىن گۈزەل بۇ دۇنيا!

ياش كۆڭلۈمنى ھەۋەس قاينىمى،
گاھ چۆكۈرۈپ، گاھى لەيلىتىپ:
كۆرسىتىدۇ گۈلگۈن قىرغاقنى،
كۆڭلۈمدىكى يارنى ئەسلىتىپ،
گاھ چۆكۈرۈپ، گاھى لەيلىتىپ.

بۇلدۇقلايدۇ ياشلىق ھېسلىرى،
گۈزەللىكنىڭ ئىلھاملىرىدىن.
تۇرلىندۇ ئۆمۈر مەنزىلى،
چىگىش ھايات قايناملىرىدىن،
گۈزەللىكنىڭ ئىلھاملىرىدىن.

تىرمىشىمەن ھەۋەس يولىدا،
مەنزىلىمگە يېتىشنى كۆزلەپ.
ئەنە ھايات داۋانلىرىدا
ھەۋەس مېنى يۈرۈيدۇ بەزلەپ،
مەنزىلىمگە يېتىشنى كۆزلەپ.

ھەۋەس ئۈچۈن ئۇنتۇپ ھەممىنى،
تەلمۈرىمەن تاڭنىڭ ھۆسنىگە.
يۈرىكىمدە ئىقبال دەملىرى،
ئۆمىدىمنى ئۈزمەي مەڭگۈگە،
تەلمۈرىمەن تاڭنىڭ ھۆسنىگە.

## كۆل سۈيىدە بىر تال يوپۇرماق...

تۇمان باسقان سەھەر پەيتىدە،
كۆل بويىدا تۇرىمەن تەنھا.
كۆز ئالدىمدا غۇۋا مەنزىرە،
ھېسلىرىمغا بېرىدۇ مەنە،
كۆل بويىدا تۇرىمەن تەنھا.

كۆل سۈيىدە بىر تال يوپۇرماق،
دولقۇنلاردا يۈرۈيدۇ لەيلەپ.
گاھى ئۇنى سۆيىدۇ قىرغاق،
ئەركىلىتىپ ۋە ھەمدە بەزلەپ،
دولقۇنلاردا يۈرۈيدۇ لەيلەپ.

يوپۇرماقنىڭ كەچمىشى قانداق،
بىلگۈم كېلەر سوراپ ئۆزىدىن.
لېكىن مەندىن كەتتى ئۇ يىراق،
رەنجىگەندەك قىلار بىرسىدىن،
بىلگۈم كېلەر سوراپ ئۆزىدىن.

ئېزگۈ ھېسلار يامراپ يۈرەكتىن،
ۋۇجۇدۇمنى تىترەتتى سوراق.
قايسى كەچمىش، قايسى قىسمەتتىن
نابۇت بولغان يېشىل يوپۇرماق؟
ۋۇجۇدۇمنى تىترەتتى سوراق!

يازنىڭ كەپسىز ئاقۇشقاچلىرى
ئايرىغانمۇ ئانا دەرەختىن؟
ياكى شاللاق يامغۇرلار ئۇنى
ئايرىغانمۇ گۈزەل ھاياتتىن؟
ئايرىغانمۇ ئانا دەرەختىن؟

سوئاللاردىن ھالسىراپ يۈرەك،
كۆل سۈيىگە تاشلايمەن نەزەر.
كۆل سۈيىگە بولغانمۇ ئەرمەك،
يوپۇرماقنى ئەللەيلەپ يۈرەر،
كۆل سۈيىگە تاشلايمەن نەزەر.

گۇمانلانغان سەھەر،
يوپۇرماق
گاھ كۆرۈنۈپ، گاھى يوقايدۇ.
كۆزۈم ئۇنىڭ مۈڭلۈق، يالتىراق،
كەچمىشىدىن سوئال سورايدۇ،
گاھ كۆرۈنۈپ، گاھى يوقايدۇ.

يوپۇرماقنىڭ كەچمىشلىرىدىن،
يۈرىكىمدە تۇغۇلار ناخشا.
ئاچچىق ھايات سۆيگۈلىرىدىن
يېشىنىدۇ بۇ سىرلىق دۇنيا،
يۈرىكىمدە تۇغۇلار ناخشا.

تۇمان باسقان سەھەر پەيتىدە،
كۆل بويىدا تۇرىمەن تەنها.
كۆز ئالدىمدا غۇۋا مەنزىرە،
ھېسلىرىمغا بېرىدۇ مەنە،
كۆل بويىدا تۇرىمەن تەنها.

## تىنچسىز ھايات

ئاققۇ ئۇچار باھارنى قوغلاپ...
باھار ئۇچار ئاققۇنى قوغلاپ...

## كىچە مەنزىرىسى

يوقالغاندا كەچكى شەپەق بىمەھەل،
تىمتاس بولۇپ قالدى زېمىن، كۆك ئاسمان،
چىقىپ كەلدى تۈن كېچىگە بېرىپ ھەل،
ئەگەشتۈرۈپ يۇلتۇزلارنى ئاي شۇ ئان.

ئاي، يۇلتۇزلار چۆمۈلۈشتى دەرياغا،
تارىنىشتى ئەينەك قىلىپ كۆلچەكنى.
شامال ئېزگۈ خىيال ئىچرە ئۇلارغا
سوۋغا قىلار ئىدى ئاپئاق چېچەكنى.

يېنىپ چىقتى كۆل سۈيىدىن تولۇن ئاي،
ئەگەشتۈرۈپ يۇلتۇزلارنى (زەپ گۈزەل.)

ئۇشبۇ گۈزەل مەنزىرىدىن ئايلىناي،
ئۆركەشلىدى تۇيغۇلىرىم بولۇپ سەل.
ناخشا ئېيتىپ يۇلتۇز يانغان سەھنىدە،
ئاي ئۇسسۇلغا چۈشتى لەرزان ئايلىنىپ.
مۆكۈپ گاھى بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە،
گاھ ماردى نازاكەتلىك قايرىلىپ.

ناخشا - ئۇسسۇل داۋاملىشىپ تاڭغىچە،
ئاق بۇلۇتلار يېپىلدى ئاق پەردىدەك.
كۆرۈپ كېچە ئويۇننى قانغۇچە،
تارتۇق قىلدىم ئاي، يۇلتۇزغا گۈل-چېچەك.

## ياسىنىپتۇ زېمىن يېشىل بېزەكتە

ياسىنىپتۇ زېمىن يېشىل بېزەكتە،
يەلپۈنىدۇ نازۇك، يۇمران گىيالار.
گۈزەل تۇيغۇ ئويغىنىدۇ يۈرەكتە،
يېشىللىققا چىرمىشىدۇ خىياللار...

يېشىل ياپراق، چىمەنلىك ۋە يېشىل يول،
ئالغانمىكىن يېشىل رەڭدىن ئەندىزە؟
يېشىل دۇنيا، يېشىل زېمىن، يېشىل كۆل
بولامدىكىن يېشىللىققا ئابىدە؟

كۆڭۈل مەپتۇن ئەيلەيدىغان يېشىللىق،
قانداق يېرىپ چىققاندىكىن ئايازنى؟
بېرىپ زېمىن ھۆسنىگە ھەل، گۈزەللىك،
قانداق بەرپا قىلدىكىن بۇ باھارنى؟

تۇغالامدۇ ياكى ئاياز ئانىمۇ؟
يېشىل دۇنيا جۇلا قىلغان ھاياتنى.
يېشىل كىيىم كىيگەن باھار قىزىمۇ،
تاپتى نەدىن شامال ئاتلىق قاناتنى؟

ياسىنىپتۇ زېمىن يېشىل بېزەكتە،
يەلپۈنىدۇ نازۇك، يۇمران گىيالار.

گۈزەل تۇيغۇ ئويغىنىدۇ يۈرەكتە،
يېشىللىقتا چىرمىشىدۇ خىياللار...

### كۆكلەم

كەڭ دالانى كېزىدۇ شامال،
نازۇك تىترەر شاخلاردا چېچەك.
چوققىلاردا ياقۇتتىن رومال،
گىيالاردا كۆك رەڭدىن لىچەك.

ئانا تۇپراق كۆڭۈل مەپتۇنى،
جان ئانامنىڭ باغرىدەك يۇمشاق.
گۈلباهارنىڭ سوۋغا قىلغىنى
كۆكلەم بىلەن ئاق سۈتتىن پۇراق.

تۇغۇلغانتىم كۆكلەم پەيتىدە،
ئۆتتى باشتىن ئون يەتتە كۆكلەم.
قانچە سۆيگۈ يېنىپ يۈرەكتە،
هاياجانغا تولدىكىن سىنەم؟!

گۆدەكلىكنى تاشلاپ ئارقامغا،
كەلدى يەنە، يەنە بىر كۆكلەم.
سالدى كۆكلەم يەنە يولۇمغا
يېشىللىقتىن پاياندازـگىلەم...

كەڭ دالانى كېزىدۇ شامال،
نازۇك تىترەر شاخلاردا چېچەك.
چوققىلاردا ياقۇتتىن رومال،
ئارزۇلىرىم ياياقتا ئېتەك...

### لېكىن...

ئۆۋلايدىكەن كېيىكنى يىلپىز،
ئۆۋلايدىكەن يىلپىزنى ئادەم.
بۇنىڭ بىلەن تىنچىكەن دۇنيا،
بولمايدىكەن قىساسكار، ماتەم.
لېكىن، ئۆۋلاپ ئادەمنى ئادەم
قىلىدىكەن ئالەمنى ماتەم!

**ئەخمەتجان ئوسمان**

## مۇھەببەت لىرىكىلىرى

### دىۋانە

ئىشىكىدە شۇ قىزنىڭ
كۆرۈپ قالدىم مەن ئاينى.
تىلەپ كەپتۇ ئاسماندىن
ئۇندىكى ئۈز چىراينى.

### ئاي گۇناھكار

قالغىنىدا ئۇخلاپ ئورمانلار،
سۆيۈۋالدىم سېنى، ئاي چىراي.
ئاستاغىنە قايرىپ شاخلارنى
كۆرۈۋالدى بىزنى تولۇن ئاي.

شۇندىن بېرى ئايدىن تارتىنىپ،
چىقالمايسەن كېچە ئالدىمغا.
مەن يىغلايمەن ساڭا تەلمۈرۈپ،
ئاي يىغلايدۇ مېنىڭ هالىمغا.

### گۈزىلىم

ئاسمىنىڭدا هىلال ئاي
تۇغىدىيدۇ، گۈزىلىم.
يۇلتۇزۇڭنى سانسام
توگىمەيدۇ، گۈزىلىم.

قۇياش چوڭقۇر ئۇيقۇدا،
ئويغانمىدى، گۈزىلىم.

www.uyghurkitap.com

كېچەك نۇردىن، يورۇقتىن
تويغانمىدى، گۈزدىلىم؟!

تويغان بولساڭ سۆيگۈمنى،
ئۇخلارمىدىڭ، گۈزدىلىم؟!
مېنى يالغۇز قالدى دەپ،
يىغلارمىدىڭ، گۈزدىلىم؟!

## شۇدەريا، مەجنۇنتال، يەنە بىر قىزچاق...

لەرزان ئاققان دەريا ئىدى ئۇ،
سۆيگۈم ئىدى گويا مەجنۇنتال.
تولۇن ئايدەك ئاقارغان ئۈمىد
كېيىن تۈندەك قارايدى دەرھال.
ھېلىغىچە ئاقىدۇ دەريا،
قۇرۇپ قالدى مەجنۇنتال بىراق.
غازاڭلارنى تېرىپ يۈرىدۇ
قىر بېشىدا يەنە بىر قىزچاق.

## غېرىبمەن

سەن يىراقتا، غېرىبمەن،
ئايدىن سورا بىلەرسەن.
سېنى قانچە سېغىندىم،
چۈشلىرىڭدە كۆرەرسەن.
غايىپ بولدۇم غۇربەتتە،
بىلمەسەڭ يىغلاپ تونەرسەن
كۆل بولغۇچە ھىجراندا،
شامال بولۇپ كېلەرسەن.

## ئاشىق ناخشىسى

مۇرادىغا يېتەركەن يارىم
ھالقىسىغا كۆز قىلسا ئايىنى.
تاپالمىدىم ئايىنى كۈندۈزى،
كېزىپ چىقسام مەن پۈتۈن جاينى.
كېزىپ چىقتىم مەن پۈتۈن جاينى،
تاپالمىدىم كۈندۈزى ئايىنى.

كۆردۈم كېچە ئايىنى ئاسماندا،
ئالاي دېسەم قولۇم يەتمىدى.
قانچە قېتىم تاش ئاتتىم ئاتا،
ئاي ھېچ يەرگە چۈشۈپ كەتمىدى.
كېچە ئايغا قولۇم يەتمىدى،
تاش ئاتساممۇ چۈشۈپ كەتمىدى.

يېتەلمەيمەن يارىم ۋەسلىگە،
يىغلاپ چىقتىم مەن تاڭ ئاتقۇچە.
كىم ئۇغرىلاپ كەتكەندۇ ئايىنى؟
كۆرەلمىدىم ئۇنى بۇ كېچە.
تاپالمىدىم ئايىنى بۇ كېچە،
يىغلاپ چىقتىم مەن تاڭ ئاتقۇچە.

## ئۆتۈنۈش

تولۇن ئاي،
قالما ئۈگىدەپ،
سېنى ئېلىپ قاچمىسۇن بۇلۇت.
يۇمران سۆيگۈنىڭ شاھىدى ئۆزەڭ،
ئۆكۈنمىسۇن سەنسىز
ئۇن بەش كېچە
سېنى كۈتكەن،
ساڭا تەلپۈنگەن،
نازۇك يۈرەكتىن سۆيگەن ياش ۋۇجۇد.

1984- 1986 - يىللار، دەمەشق.

ئىلھامجان ئابلىمىز

# ھايات سۈرەتلىرى

## گۈل بەرگىگە ئاقتى بىر يۇلتۇز

گۈل بەرگىگە ئاقتى بىر يۇلتۇز
بىراق گۈلدىن چىقمىدى ئىندا.
كۈلدى ساما، تىترىدى زېمىن،
يۇلتۇز ئۇچۇن دېمەي ئەلۋىدا ...

دەقىق ئۆتمەي يېرىلدى زېمىن،
يۇلتۇز نۇرى ئۆچتى، يەر يۇتۇپ.
كۆكنى قۇچتى زېمىن كۈلكىسى
گۈل ياش تۆكمەس قارىلىق تۇتۇپ.

## سەكراتتىكى تۇمان

باللىقنىڭ خىياللىرىدەك
چوققىلارنى قاپلىغان تۇمان.
ئۇيۇق ئاقۇش ئاچىدۇ چېچەك
سۆكۈت ئىچرە مۆگدەيدۇ ئورمان.

زېمىن ئۆكسۈپ ئىڭغىر تىن ئالار
يە كۆلەڭگە تاشلامدۇ ھىجران؟
تۇمان كۆكسىن يارغاندا نۇرلار
قەبرىلەرگە سىڭىدۇ تۇمان!

## يۇلتۇز مۆككەن باغ

كۆز نۇرىدا يورۇتۇپ باغ ئىچىنى
بىر چال كېزەر گۈللۈكلەرنى ئارىلاپ.
نازۇك ھېسلار قاپلاپ كەتكەن كېچىنى
كۆرۈۋالار بۇلۇتتىن ئاي مارىلاپ.

باغۋەن ھېسى چايقىلىدۇ تىنچسىز،
سەلكىن شامال بېرەر ئاڭا ئارامىلىق.
ئۇ ئېيتىدۇ ئاستاغىنە: بەگىباش قىز—
قىلماي بۇدەم سىلەرگە ھەي... قارامىلىق.

كەپسىگە قايتتى بوۋاي ئۈن-تىنسىز،
كۆردى بۇندا ساقلاپ تۇرغان كەمپىرنى.
نەۋرىسىگە باقىدۇ چال بەك ئەنسىز
ئۇ ئۇيقۇدا، بىلمەس بەلكى بۇ سىرنى؟!

بوۋاي ھېسى تاشار شۇدەم مومايغا،
يېقىلغاندا يۈزلىرىگە-يۈزلىرى.
يۇلتۇز بولۇپ چاقناپ كەتتى بوۋايغا
باغقا مۆككەن تالاي دىلنىڭ كۆزلىرى.

## كەڭلىكلەردە كېزەر خىيالىم

ئەندىكمەڭلار، ساما قىزلىرى،
قېشىڭلارغا كىرسەم سىغدىلىپ،
كەڭلىكلەردە كۆرۈپ سىلەرنى
ئاشىق بولدۇم مەبۇدە بىلىپ.

سۆيگۈ ئىزدەپ كەڭلىكلەر تامان،
خىياللىرىم تىنمايدۇ ئۇچۇپ.
كۆككە بېقىپ تۈنلىرى پىنھان—
سىردىشىمەن، يۇلتۇزنى قۇچۇپ...

شادلىق تاپتىم سىلەردىن چەكسىز،
دىل خانەڭگە سىغمايدۇ ھەتتا.
سىلەر ئىناق، سىلەر پاك، شەكسىز،
جىلۋەڭلەر بار گۈزەل ھاياتتا.

ھېسلىرىمنى ئۇچۇرۇپ شامال،
كەڭلىكلەردە كېزەر خىيالىم.
چەكسىز كەڭلىك كۆرسىتىپ جامال،
كەڭلىكلەردە كۈلەر ۋىسالىم.

## ھېسلىرىمنى كۆمدى ئاق چېچەك

قاي سوغ شامال سانجىدى نەشتەر
ياكى بىۋاخ ئۈزۈلدىمۇ گۈل؟

كۆكتە لەيلەپ ئۇچار بەرگىلەر
ئاقلىقىدىن شادلىنار كۆڭۈل.

تاقىر يەرنى بېزەپ ئاق چېچەك،
ئاقۇسمان پەر يايدى قىرغا.
بۇلۇتلارغا بولغاندەك تۆشەك ــ
كۆرۈندۇ كۆزگە ئېدىرلار.

باغ مۈگدەپ چۈشەيدۇ باھار،
قاخشال شاختا چېچەك جىلۋىسى.
سىرغىغاندەك تۇرنىلار قاتار،
تۆكۈلدۇ چېچەك چاچقۇسى.

سۆيگۈ تارار شۇدەم جىسمىمگە،
گۈل ھىدىدىن مەسخۇش بولبۇلدەك.
تەبەسسۇمدا باقتىم زېمىنگە،
ھېسلىرىمنى كۆمدى ئاق چېچەك.

## سۆيگۈگە سوئال

ھىلال ئايغا كۆيگەنىتىم قەۋەت،
مەن تەرەپكە كۈلۈپ باقمىدى.
تەلمۈرگەنىتىم يۇلتۇزغا رەت ـ رەت،
ئۇمۇ سىرغىپ يەرگە ئاقمىدى.
قالدىم ئاخىر سۆيگۈسىز پەقەت
ئاشۇلارغا نەرىم ياقمىدى...؟

## كۆك سۈزۈلۈپ كۆرۈنەر ئاقۇش

كۆك سۈزۈلۈپ كۆرۈنەر ئاقۇش،
ئەڭ ئاداققى يۇلتۇزلار ئۆچكەن.
يېپىلىنجىغان ياپراقلار ساغۇچ،
تەبەسسۇمۇم ياپراققا كۆچكەن.

خىياللىرىم سۇرىدۇ ئايىنى،
چۇقانلىرىم يۇلتۇز ئۇيغىتىپ.
شۇچاغ بىر قۇش ئۆتتى سىلكىپ پەر،
قىزغۇچ نۇردا كۆڭلۈم يورۇتۇپ...

رەپقەتجان خېلىل

## شېئىرلار

### باقى ئەمەس بىزگە بۇ ياشلىق

تىكىلىپ باقماستىن خۇمار كۆزۈڭگە،
سەپسالسام مومايغا، تاڭ قالدىڭ ئەجەب.
نوقۇدۇڭ نەچچە رەت، قىلمىدىم پىسەنت،
رەنجىدىڭ بەلكى سەن مەندىن شۇ سەۋەب.

رەنجىمە، بىر چاغلار ئاشۇ مومايمۇ،
يارىنى سېنىڭدەك نوقۇغانىدى.
بۇلبۇلنىڭ قەلبىگە سېلىپ كۆيدەشلىك،
ياشلىق غەزىلىنى ئوقۇغانىدى.

قاراپباق، ئەمدىچۇ قېنى ئۇ ياشلىق،
قېنى ئۇ قۇياشتەك نۇرانە كۆزلەر؟!

قېنى ئۇ ئاي بىلەن ھۆسن تالاشقان،
دىللارغا ئوت سالغان جىلۋىدار يۈزلەر؟!

ئەمدى ئۇ تەمترەپ ئاران ماڭىدۇ،
(ياش چېغى بىزلەردەك چەبدەس ئىدىغۇ؟)
ۋارقىراپ سۆزلىسەك ئاران بىلىدۇ،
(ياش چېغى ئۇ ئۇنداق ئەمەس ئىدىغۇ!)

ئېيتقىنا، بىزگىمۇ كەلمەسمۇ شۇ ھال،
بۇ ياشلىق دەۋرىمىز ئەمەسقۇ باقى.
قىرلىق شارابىن ئۆمۈر جامىغا
تۇيدۇرماي قۇيىدۇ رەھىمسىز ساقى.

شۇڭلاشقا بىھۇدە ئۆتمىسۇن ياشلىق،
مەن سېنىڭ، سەن مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ.

تەر تۆكۈپ ئىجادتىن ئۈستۈرەيلى گۈل،
قالغۇچە قىرلىق يېتىپ ھالسىراپ.

### يۈزلەر ...

ئىجادتىن ئىجادلىق كۆكدە ئۇچسام،
تەبەسسۇم ئەيلىدى ساناقسىز كۆزلەر.
بار ئىكەن بۇنىڭدىن ئۆزگىچە ھالمۇ،
ئاڭلىدىم بۇ ھەقتە كۆپلىگەن سۆزلەر:
«ئۇ ئىجاد بېغىغا گۈللەر تېرىپتۇ،
مەنچۇ؟» دەپ ئىزادىن قىزارغان يۈزلەر.
«ئۇ تېخى ئاخشامقى سويما ئىدىغۇ
مەن تۇرسام ...»
ھەسەتتىن تاتارغان يۈزلەر.

قىزارغان يۈزلەرگە ئارتىدۇ مېھرىم،
ئۇلارنىڭ يولىغا پاياندار بولاي.
تاتارغان يۈزلەرگە تاشىدۇ قەھرىم،
مەن دەيمەن ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا ۋاي.

### قانائەت قىلمايمەن شېرىن چۈشلەرگە

كېلىمىز چوڭ يولدا تەكشى قەدەمدە،
بۇ ھالغا يۇلتۇزلار قىلىشار ھەسەت.
تېرەكلەر ئىغاڭلار ئاچچىق ئەلەمدە،
ئاي پەرى ئۇلارغا قىلار نەسىھەت.

شۇندىمۇ تۈگىمەي پاراڭلىرىمىز،
جۆر بولدۇم ھەتتاكى مەلەڭگە قەدەر.
كەلمىدى لېكىن «خوش» دېيىشكە تىلىم،
كۆڭلۈم ئاي چېھرىڭگە يەنە ئەگىشەر.

سەن، بىراق، كۆڭلۈمگە باقمىدىڭ، جانان،
يوقالدى ئالدىمدىن شەھلا كۆزلىرىڭ.
دەرۋازاڭ ئىچىدىن بېقىپ سىڭايان،
دېدىڭ: «خەير ئامرىقىم، ياخشى چۈش كۆرۈڭ!»

ياق، جانان، تىلىمە ماڭا شېرىن چۈش،
بوۋاقتا سالغاندەك قۇرۇق ئىمىزگە.
رېئاللىق بولماس مىڭ چۈشتىن بىر ئۇلۇش،
بەخت ئۇ كەلمەيدۇ تەبىرىمىزچە.

شۇڭا سەن شېرىن چۈش تىلىمە، جانان،
خام خىيال ئىلكىدە ئۆتكىنىم يېتەر.
خىيالىي ئارزۇغا باقماس بۇ جاھان،
بەخت، ئۇ مېھنەتكەش ئەرنى دوست ئېتەر.

دېمەك، سەن تىلىگىن ماڭا جاسارەت،
قانائەت قىلمايمەن شېرىن چۈشلەرگە.
بۇ رېئال دۇنياغا بولغان مۇھەببەت
ئالدانماس مەۋجۇتسىز گۈزەللىكلەرگە.

دىلشات مۇسەللىم

### ئەپسۇسلانما

دېڭىز كەبى داۋالغۇپ تۇرغان،
بۇ قەلبىمگە تاشلاندىڭ ئۆزەڭ.
بىلمىگەچكە ئۆزۈڭنى زىنھار،
ھەسرەت چەكتىڭ، ياشلاندى كۆزۈڭ.

ئەپسۇسلانما، بولدى قىل، جېنىم،
بىلىنسەمۇ بەك يىراق قىرغاق.
دولقۇنلارغا مىنگۈزۈپ ئۆزەم،
چۆكتۈرمەيمەن لەيلىتىپ ھەرۋاق.

### دوستلارغا

ئەي دوستلار،
بولمايلى بەڭباش،
باشقىلار بىزگە كەتمىسۇن كايىپ.
ئۆتسە گەر ۋاقىت
غۇيۇمدەك قىلىپ،
گۈزەل ياشلىقمۇ بولىدۇ غايىپ.
ئاھ! يېپيېشقاق قىرلىقمۇ،
تۇرمايدۇ ھەرگىز،
تارتىشىپ - داجىپ ...

www.uyghurkitap.com

غۇلام ئابدۇرەھىم

## سۇ ئىچىدە يانغان ئوت

ئۇچرىشىپ دەسلەپتە دەريا بويىدا، ئۆچەتتى يالقۇنىمۇ چۈشىسىلا سۇغا.
ئۈينىشىپ ئىتتەردىڭ مېنى دولقۇنغا بىلمىدىم يۈز بەردى ئاجايىپ بىرھال.
يىقىلىپ كەتمەسچۈن ئىسلام ساڭا، لاۋىدەك ئۇلغايدى قەلبىمدە بىر ئوت،
يىقىلدىڭ گىرە سېپ مېنىڭ بويىنۇمغا. مىڭ دەريا بۇ ئوتقا قىلالماس ئامال.

زاھىر يۈسۈپ

## قۇياش ۋە چاقماق

قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقىدۇ چاقماق، قۇياش تىنۋىشسىز چىقىپ ئۇپۇقتىن،
يېنىپ شۇ ھامان ئۆچىدۇ بىراق. سېخىلىق بىلەن نۇر چاچار ئۇزاق.

ئەنۋەر زىياۋۇدۇن

## شېئىرىمدا ئۇندەش كۆپ

سوراپ قالدىڭ: «نېمىشقا شېئىرىڭدا ئۇندەش كۆپ؟»
ئېيتىپ بېرەي سىرىنى، ھاجەت ئەمەس سۆزلەش كۆپ:
كۆرەلمەيدۇ بەزىلەر ياخشىلارنى قەۋەتلا،
نەتىجىنى، ئۇتۇقنى ئەشۇلاردىن كۈنلەش كۆپ.
ئىجادكارغا بەرمەيدۇ شارائىتنى، ئىمكاننى،
مەغلۇپ بولسا ئىشىدا باشقىلارغا دۆڭگەش كۆپ.
تاپساڭ ئەگەر شان - شەرەپ، تۇرار ئۇلار چىش بىلەپ،
ئالغان ھوسۇل، مېۋەڭنى «مېنىڭ» ئېتىپ جۆندەش كۆپ.
ئەجەپ ئەمەس شۇنداقلار تاشلىسا ئۆز خۇيىنى·
شۇ مەخسەتتە نەزمەمدە ياخشىلىققا ئۇندەش كۆپ.



(پوۋېست)①

ئالمجان ئسمايل

5

ئابلەت برنەچچە كۈنگىچە هېچكىمگە كۆرۈنمىدى. ئۇ يىغىنلارغىمۇ كەمدىن كەم چىقاتتى، ئىشخانىسىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ سائەتلەپ خىيال قىلاتتى، ماتېرىياللار كۆرەتتى. ئۇ بۇنداق بولارىنى، ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى هېس قىلمىغان، لى شۇجى چوقۇم مېنى قوللايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. يىغىنىنىڭ ئەتىسى ئابلەت لى شۇجى بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشكەندىمۇ بۇنى هېس قىلدى.

— مەن سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى قېرى شۇجى كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ نىيىتىڭىز ياخشى، ئىسلاهات روهىڭىزنى قەتئىي قوللايمەن، ئەمما شەهەرنىڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسى چوڭ تارماق، نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەر، سىياسەتكە تاقىشىدىغان ئىشلار بار. بۇ يېزىلاردىكى يەرنى كۆتۈرە بېرىشكە ئوخشىمايدۇ، بۇنى ئەتراپلىق ئويلاش كېرەك. ئالدىراپ كەتمەيلى ئاسىجاڭ!...

تېپىك كونسېرۋاتىپلىقنىڭ ۋەكىلى، ئابلەتنىڭ ئېسىگە 80 - يىللاردىكى ئىشلار كەلدى، شۇ چاغدىمۇ مۇشۇ ئادەم يېزىلاردا يەرلەرنى كۆتۈرە بېرىشكە قارشى چىققان، شۇڭا شەهەرنىڭ يېزا ئىسلاهاتى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئەڭ كېيىن ئەمەلىيلەشكەنىدى.

ئابلەت بۈگۈنمۇ ئىدارىدىن روهى چۈشكەن هالدا ئۆيىگە ياندى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ دەرۋازىدىن چىقىشىغا غېيۇر ئۇنىڭغا يېتىشىپ كەلدى.

— ئابلەت، ئۆيگە ياندىڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ يانداپ مېڭىپ.

— هەئە، ئۆزەڭچۇ؟

— بىكار، ئابدۇللانىڭكىگە بېرىپ كېلەي دەيمەن.

— قايسى ئابدۇللا؟

— گېزىتخانىدىكىچۇ؟ ئابدۇللا پۇچۇق... باياتىن تېلېفون بېرىپتۇ، بىر كېلىپ كەتسەڭ دېگەنتى.

— هە، يولىمىز بىر ئىكەن.

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

شەھەر ئۈپۈقىدا باش قويغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ شەپەق نۇرىغا چۆمگەنىدى. ۋېلىسىپىتلارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى، ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى، ئىستولبىلاردىكى رادىئو كانىيىدىن بېرىلىۋاتقان مۇزىكا ئاۋازى قوشۇلۇپ كوچىنى ۋاڭ-چۇڭغا تولدۇرغانىدى، بىر كۈنلۈك ئىشتىن ھارغان كىشىلەر ئۆيلىرىگە ئالدىراشماقتا، كىشىلەر خۇددى سەلدەك ئاقماقتا...

— ئابلەت، — دېدى غوپۇر بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، — بۇ نەچچە كۈندىن بۇيان خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ مىجەزىڭ يوقمۇ - يە؟

— ھېچنەرسە بولمىدى، — ئابلەت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.

— ياق، يوشۇرما، ھەقچان بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئىشى سېنى بىئارام قىلىۋاتىدىغۇ، دەيمەن.

— سەنمۇ ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىمايچۇ، — غوپۇر مىيىقىدا كۈلدى، — شەھەردە ھەرقانچە مەخپىي يىغىنلارمۇ ئەتىسىلا ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — ئابلەت ھەيران بولدى، — كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— بۇنى سورىما، ئىشقىلىپ ئاڭلىدىم.

— خوش، ئاڭلىغان بولساڭ سېنىڭ كۆز قارىشىڭ قانداق؟

— ھىم، نېمە دېسەم بولار؟ — غوپۇر كەپكىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى، — بۇ ئىشتا سېنىڭمۇ توغرا، ئۇلارنىڭمۇ توغرا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— سېنىڭمۇ توغرا دېگىنىم، سەن شەھەردىكى ئاساسلىق ئاجىز ھالقىنى تۇتتۇڭ، بۇ ئۇزۇندىن بۇيان ھېچكىم قول تىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان چىگىش ئورۇن. سەن ئىسلاھات روھى بويىچە بۇ ئورۇننىڭ ئىشىنى ھەل قىلىۋەتمەكچى بولدۇڭ، بۇ نىيىتىڭ توغرا. لېكىن سەن بۇ ئىشنى تولىمۇ ئاسان چاغلاپ قېلىدۇڭ، بۇ ئۆتكەندىكى شەھەر بويىچە تازىلىق ئېلىپ بېرىش، مۇھىتنى بېرەش ئىشىدەك ئوڭاي ئەمەس. تازىلىق — كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تېگىشلىك بولمايدۇ. ئەكسىچە، كىشىلەر ئۇنى خالايدۇ، سەن ئۇنى چىڭراق تۇتۇپ قويۇۋىدىڭ، ئۆزىلا يورۇشۇپ كەتتى، قاراپباق، شەھەرنىڭ قىياپىتى ھازىر ھەقىقەتەن ئۆزگەردى، بۇنى ئىلگىرىكى رەھبەرلىك تۇتمىغان، كارى بولمىغانىدى، بىراق، بىناكارلىق شىركىتىنىڭ مەسىلىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، بۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مەنپەئىتىگە، ھەتتا ھوقۇق - مەنسىپىگە تاقىشىدىغان ئىش .... ئوھۇ، ئۆيۈڭگە كېلىپ قاپتۇق - قۇ؟ ...

— يۈر، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، — ئابلەت ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتتى، كۆڭلىدە ئۇ غوپۇرنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالغانىدى.

— خوش، ئەتىگىچە پاراڭلىشارمىز، — غوپۇر ئوڭايسىزلانغان ھالدا داجىدى.

— خوشنى قوي، پارىڭىمىز تۈگىمىدىغۇ، — ئابلەت قاتتىق تۇرۇۋالدى، — بىر قانداقلا بولمىسۇن ساۋاقداش، ئەمدى بولسا، بىر يەردە ئىشلەۋاتىمىز، ئۆزەڭنى ئۇنچىۋالا تارتىپ كەتمە.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۈگۈن تەسادىپىيلا ....

— بولدى، بولدى، تەكەللۇپنى ئاز قىلىپ ئۆيگە يۈر، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز، مەنمۇ زېرىكىپ تۇرىمەن.

غوپۇر ئارسالدى بولۇپ قالدى. ئۇ ئابلەتنىڭ بوسۇغىسىغا قانداق ئاياغ بېسىشنى بىلمەي تېڭىرقىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەرخىل خىياللار كېلىپ ئۆتتى. ئابلەت زادى نېمە قىلماقچى؟ ئۆزىگە تارتماقچىمۇ؟ ئېھتىمال ئۇ شەھەردە ئۆز تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى، يالغۇزلۇقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇنى ئۆزىگە قارىتاي دەۋاتامدىكىن؟ غوپۇر ئۇنچىۋالا گول ئەمەس، كىم مىلتىق ئوتتۇزۇپ ئات دېسە، ئېتەۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭمۇ مەقسەت-مۇددىئاسى بار، ئۇ بىكاردىنلا شۇنچە يىل ئاشۇ ساۋاتسىز راخمان مۇدىرغا مۇرت بولمىدى-دە، ئەسلىدە شەھەر باشلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئورۇن ئۇنىڭكى ئىدى، ئەمما يۈسۈپ ۋالىي كۈچلۈك كېلىپ قالدى، خەيرىيەت، جاھان ئۇزۇن، ئۇ تېخى ئۈمىدىنى ئۈزگىنى يوق... ياكى ئابلەت راستىنلا تۈز كۆڭۈللۈكىگە ئېلىپ، كونا ساۋاقداشلىقنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتامدۇ؟ ئەمما ئۇ شېرىنگۈل بىلەن ئىككىسىنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنى بىلەتتىمۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ ۋىجدانى كۆتۈرەرمۇ؟ بۇنىڭدىن خەۋپ ھېس قىلماسمۇ؟... شېرىنگۈلنىڭ ئىسمى غوپۇرغا تولىمۇ ئەلەملىك، شۇنداقلا ئاجايىپ تاتلىق خاتىرىلەرنى ئەسلەتتى، ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىدى، ئاخىرى بۇ سېزىم ئۇنى يەڭدى، ئۇ ئابلەتنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپ كەينىدىن ماڭدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە شېرىنگۈل مېھمانخانا ئۆيىدىكى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئەينىكى ئالدىدا يېڭى تىكتۈرگەن كۆڭلىكىنى كىيىپ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ دالاندىكى ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئىتتىك ئەينەكنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى ۋە ئىشىككە بېرىشىغا پەردىنى قايرىپ كىرىۋاتقان غوپۇرغا دوقۇرۇشقىلى تاس قالدى. ئۇ غوپۇرنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپلا قالدى.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى غوپۇرمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

شېرىنگۈل ۋىللىدە قىزاردى.

— ياخشىمۇسىز ... — دېدى ئۇمۇ ئارانلا ۋە «نېمە ئىش» دېگەندەك ئابلەتكە قارىدى.

ئابلەت بولسا، ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك شېرىنگۈلنىڭ قارىشىغا دىققەت قىلمىدى، چاپىنىنى سېلىپ كىيىم ئىلغۇچقا ئاستى ۋە غوپۇرغا مۇراجىئەت قىلدى :

— قېنى يۇقىرى ئۆتكىن، ماۋۇ كرېسلوغا كەلگىن.

شېرىنگۈل تېخىچە تېڭىرقاپ تۇراتتى. ئابلەت ئۇنىڭغا بۇرۇلدى:

— باللار يوققۇ؟

— ئاچاملارنىڭكىگە بارىمىز، دەپ كېتىشتى.

— ھە ... ئۇنداق بولسا شېرىنگۈل بىزگە غاچچىدە بىر نەرسە قىلىۋېتىسىز-دە، — ئابلەت قولى بىلەن تەخسىنىڭ شەكلىنى كۆرسەتتى، — غوپۇر ئىككىيلەن بىردەم مۇڭدىشايلى.

— ياق، ئاۋارە بولمىسۇن، — غوپۇر دەرھال ئۆزرە ئېيتتى.

— نېمىشقا، قۇرۇق ئولتۇرامدۇق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقمۇ ئاچ-تە.

— مەن تاماق قىلىپ قويغان، ئەكىرەي — شېرىنگۈل سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىردەمدە ئىككى تەخسىدە گاڭپەن كۆتۈرۈپ كىردى.

www.uyghurkitap.com

— ۋاھ، تازا ئامراق تاماقنى قىلىپسىز - دە، ئابلەت شېرىنگۈلگە قاراپ ئاچچىق كۈلدى.

— بىرەر قېتىم يېسىڭىز ھېچنەرسە بولماس، شېرىنگۈل ئۇنىڭ ئالدىغا تەخسىنى ئىتتىرىپ قويدى، — ھېلىمۇ سىزنىڭ دەستىڭىزدىن بۇ ئۆيدە گاڭپەن ئەتمەيمىز. سىزنىڭمۇ خۇشىڭىز يەنىمىتىكىنتاڭ، — شېرىنگۈل غېپۇرغا قارىدى.

— ياق، مەن تېخى ئامراق.

— قېنى، ئەمىسە ئالە، — ئابلەت غېپۇرنى تەكلىپ قىلدى ۋە شېرىنگۈلگە قاراپ كۈلدى، — ئەمىسە، ھېلىقىنى غاچچىدە كەلتۈرۈۋېتىسىز - دە.

— ئۆزلىرى بۈگۈن قالتىسقۇ، — شېرىنگۈل ئىنچىكە قاشلىرىنى سوزۇپ ئابلەتكە قارىدى، — بىرەر خۇشاللىق بارمۇ نېمە؟

— خۇشاللىق قۇرۇسۇن، — ئابلەت قولىنى سىلكىدى، — جاپادىن باشقا ھېچنېمە يوق، كەچكىچە غەم - ئەندىشە، بولۇڭ، تېزرەك سەي قورۇڭا!

شېرىنگۈل ئەجەبلەنگەن ھالدا بىر ئابلەتكە، بىر غوپۇرغا قارىدى، غوپۇر قانداقتۇ بىر خىجالەتچىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. شېرىنگۈل ھېچنېمىنى چۈشەنمەستىن بېشىنى چايقىدى - دە، ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— ھە، چوڭ - چوڭ ئالە، — ئابلەت غوپۇرنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، — باياتىدىن نېمە دەۋاتاتتىڭ، گېپىڭ ئۈزۈلۈپ قالدى.

— سەن تېخىچىلا شۇ گەپتىمۇ؟ — غوپۇر كۈلدى.

— تاماق يېگەچ سۆزلىشەيلى، راستىنى ئېيتسام، مەن سەل تېڭىرقاپ قالدىم. سەن شەھەرگە كونا، ماڭا قارىغاندا ئۇلارنى ئوبدانراق بىلسەن... ياكى مەن خاتا قىلىۋاتىمەنمۇ - يا؟

— ياق، سېنىڭ يولۇڭ توغرا، بۇنىڭغا ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ، تۆۋەندىمۇ سەن توغرىلىق ئىنكاس ياخشى. مەسىلە بۇنىڭدا ئەمەس، مەن بايا دېدىمغۇ، ھەممە نەرسە مەنپەئەتكە بېرىپ تاقىلىۋاتقان ئىش. لى شۈجى سېنى نېمىشقا جۇرئەتلىك قىلىسىمەندى؟ بۇنىڭ سەۋەبى بار. ئۇنىڭ ئوغلى تۆي قىلىدىغان چاغدا پۈتۈن ئۆي سايمىنىنى ئاشۇ ئاۋۇت جىڭلى بىر تىيىنسىز ياستىپ بەردى. ئاۋۇت چوقۇرنى سەن تازا بىلىپ كەتمىدىڭ، ئۇ شەھەردىكى نۇرغۇن باشلىقلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان، ئۇلارنىڭ گېلى پۈق، شۇڭا گەپ قىلالمايدۇ.

— بۇ گەپچە سەنمۇ يېگەنسەنكەن - دە.

— بىزلەر پارچە - پۇرات بولغاچقا، ئاۋۇت ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. ئىشقىلىپ، ئىشلار مۇرەككەپ ئابلەت، ناۋادا ۋالىي ئارىلاشسا قانداق بولاركىن!...

— يۇسۇپ ۋالىي، يۇسۇپ ۋالىي، — ئابلەت ئاچچىقى بىلەن قولىدىكى چوكىنى جوزىغا چۆرىدى، — مەن ئۇنىڭ كىچىك بالىسىمۇ، بىر كىمگە كۈچۈم يەتمىسە يىغلاپ ئالدىغا بارىدىغان؟ ياكى مەن قورچاقمۇ؟

ئۆيگە سەي كۆتۈرۈپ شېرىنگۈل كىردى. ئۇ ئابلەتنىڭ تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپ

ئەجەبلەندى ۋە ئەنسىرىگەن ھالدا غوپۇرغا يەر ئاستىدىن تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە باشقا بىر ئويلا كەچتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — شېرىنگۈل سەينى قىيىپ ئابلەتتىن سورىدى، — بارغانسېرى جىلىخىر بولۇپ قېلىۋاتسىزغۇ؟ سىزگە ئەمەل ياراشمايدىغان ئوخشايدۇ، خەقلەر باشلىق بولسا، راھەت كۆرىدىكەن، سىز - زە، ئىشنى دەپ ئۆيىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز. چوڭراق ئەمەل تەگسە ئىش بار ئوخشايدۇ. يۇسۇپ ئاكامۇ پۈتۈن بىر ۋىلايەتنى سوراۋاتىدۇ، يەنە تېخى ئويۇن - تاماشىدىن قالمايدۇ...

— بولدى، بولدى، — ئابلەت خۇشياقمىغان ھالدا ئايالىنى سىلكىدى ۋە شېرىنگۈلنىڭ ئۆڭگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۆزىنى ئوڭشىدى، — بولدى، خىزمەتنىڭ گېپىنى قىيايلى.

ئابلەت قىيپۇپ ئىشكاپتىن پېچەتلىك بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى.

— ئاۋۋال ئازراقتىن ئىچەيمىز، ئاندىن سەن دۇتار چېلىپ بەر، ئۇزۇن بولدى، دۇتارىڭنىمۇ ئاڭلىماپتىمەن، قانداق شېرىنگۈل، ئۆز كۆڭلىمىزنى ئۆزىمىز ئاچامدۇق؟

— ھە، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا، — شېرىنگۈل ئېچىلدى.

— خوش، غوپۇر، ئاۋۋالقى پەدىدە ئالدى بىلەن سالامەتلىك ئۈچۈن ئىچەمدۇق، — دېدى ئابلەت رومكىنى كۆتۈرۈپ، — شېرىنگۈل، سىزمۇ كېلىڭ!

— ۋىيەي، مانىڭغا نېمە بوپتۇ؟ — شېرىنگۈل ئاغزىنى قىيشايتتى، — مېنىڭ ھاراق ئىچكىنىمنى نەدە كۆرگەن؟

— قىزىلدىن دەيمەن، ھېچگەپ يوق.

— ئوھوش، ئۆتەپ بېرىڭا.

— ئابلەتنىڭ كۆڭلى، — دېدى غوپۇر سالا قىلىپ، — ئازراق ئىچىپ قويۇڭ.

شېرىنگۈل غوپۇرغا لاپ قىلىپ قارىدى.

— مەن ئۆمرۈمدە ئىچىپ باقمىغان تۇرسام، — شېرىنگۈل سەل يۇمشىدى، — بوپتۇ، ئەجەبمۇ زورلاپ كەتتىڭلار.

رومكىلار سوقۇشتۇرۇلدى، بوتۇلكا يېرىم بولمايلا ئابلەت خوراز‌نىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تامدىكى دۇتارنى ئېلىپ غوپۇرغا تەڭلىدى:

— چال ئاداش، ئوقۇغۇچى ۋاقتىڭدا ياخشى دۇتارچى ئىدىڭ، بۈگۈن بىر پەيزى قىلغىنا!

— ھازىر بۇنى ئۇنتۇپ كەتتۇق، — غوپۇر ئۆزرە ئېيتتى.

— ناز قىلماي چالە، — ئابلەت دۇتارنى ئۇنىڭغا قۇچاقلىتىپ قويدى، — بۇ يەردە كىمدىن تارتىنىسەن؟

— چېلىپ بېرىڭا، — شېرىنگۈل ئۇنىڭغا ناز بىلەن باقتى، — سىزنى خېلى ئۇستا دەپ ئاڭلايمىز.

— نەدىكىنى ...

— بىزنىڭ بۇ ئابلەت يا سازدا يوق، يا ناخشىدا يوق، — دېدى شېرىنگۈل ئۇنىڭغا، — تۇرغان - پۈتكىنى مۇشۇ.

www.uyghurkitap.com

ــ ئۇسسۇلنى ئوبدان ئوينايمەنغۇ؟

ــ ھە، قالتىس ئوينايسىز! ــ شېرىنگۈل كالپۇكلىرىنى ئۈردى، ــ سىزنى قاچان سەنئەت ئۆمىكىگە ئېلىپ كېتەرىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن.

ئابلەت ئالدىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى.

ــ شۇ دېگىنىڭگە چاله، بىر ئوينىۋېتەي، ــ ئابلەت خېلىلا قىزىپ قالغانىدى، ــ «داۋانچىلىك» غا چاله! ــ ئابلەت قوللىرىنى سانىك قانىتىدەك كېرىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. غوپۇرنىڭ يادىغا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىق چاغلار كەلدى، بەزىدە ياتاقتا ئىچىشىپ قالغان ۋاقىتلاردىمۇ ئابلەت مانا مۇشۇنداق قىزىپ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇسسۇلغا چۈشۈۋالاتتى ۋە تاكى بىرسى تارتىپ ئولتۇرغۇزمىغىچە تېخىمۇ ئوينايتتى، شۇنچە يىللاردىن كېيىنمۇ ئابلەتنىڭ قىلىقىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى غوپۇرغا تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلدى. شېرىنگۈل بولسا، ئابلەتنىڭ ئۇسسۇلىنى مەسخىرە قىلغاندەك ئاغزىنى قىيشايتىپ قاراپ تۇراتتى. ئادەتتە بەزى مېھماندارچىلىق، چايلاردا ئابلەت قانچە قىزىسىمۇ شېرىنگۈل ئۇنى ئۇسسۇل ئوينىغۇزمايتتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ كىشىلەردىن نومۇس قىلاتتى، بۈگۈن بولسا، يول قويىدى. «بوپتۇ، خۇمارىڭدىن چىققىۋال!» دېدى ئىچىدە. ئۇ ئابلەتنىڭ ئۇسسۇلىدىن كۆرە غوپۇرنىڭ چېلىۋاتقان دۇتارىغا قۇلاق سالماقتا ئىدى. غوپۇرنىڭ دۇتارنى دولقۇنلىتىپ شوخ چېلىشى ئارتىسلىكتىن چىققان شېرىنگۈلنى ئۆزىگە رام قىلىپ، ئۇنىڭغا يىراقتا قالغان ياشلىق چاغلىرىنى، قەلبىنى ئوت ـ كاۋاپ قىلغان دەسلەپكى مۇھەببەتنىڭ ئاچچىق خاتىرىلىرىنى ئەسكە سالماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ھەسرەتلىك بىر تۇيغۇ ئەسىر قىلماقتا، غوپۇرنىڭ ئارىلاپ مەنىلىك قاراشلىرى قەلبىگە ئوق بولۇپ سانجىلماقتا، دۇتاردىن چىقىۋاتقان مۇڭلۇق ئاھاڭ خۇددى غوپۇرنىڭ يۈرەك سۆزىدەك تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ دىلىنى ئېرىتمەكتە ئىدى. شېرىنگۈل ھەممىنى ئۇنتۇپ غوپۇرغا قادىلىپ قاراپ قالغانىدى. شۇ ئارىلىقتا ھاسىراپ تەرلەپ كەتكەن ئابلەت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كېلەڭسىز ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى.

ــ ئوھوش، ــ شېرىنگۈل كۈلۈۋەتتى، ــ تۇۋا … بۈگۈن ماۋۇ ئادەمگە نېمە بوپتۇ؟ بولدى. ئولتۇرۇڭا ئەمدى.

ــ ياق، مەن سىزنى ئويناتماي قويمايمەن!

ــ ئابلەت چىڭ تۇر! ــ غوپۇر كۈلۈپ تۇرۇپ تۋۋلىدى.

ــ تۇۋا …

ئابلەت قوللىرىنى كېرىپ تۇرۇپ شېرىنگۈلنىڭ ئالدىدا ھە دەپ يەرنى تېپەتتى.

ــ شېرىنگۈل ئويناپ بېرىڭ، ــ غوپۇر ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى.

شېرىنگۈل ئۇنىڭغا لاپ قىلىپ قارىدى. غوپۇرنىڭ كۆزلىرىمۇ ھاياجان بىلەن يالتىرىغان ئىدى. شېرىنگۈل لېۋىنى چىشلىدى.

ــ ماقۇل، ئوينىسامۇ ئويناي، ئەمما سىز ئولتۇرۇڭ، ــ دېدى ئۇ ئابلەتكە يالۋۇرۇپ.

ــ ھە، بوپتۇ، بوپتۇ، ئارتىسقا تەڭ بولغىلى بولامدۇ؟ ــ ئابلەت ئۇسسۇلدىن توختاپ بەندىڭگە كەلدى.

غوپۇر پەدىنى دەرھال شېرىنگۈل ياخشى كۆرىدىغان «تەنەۋەر»گە يۆتكىدى، شېرىن-

گۈل خۇددي سەھنىگە چىققاندەك ئۈينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى قەدەم ئالدى ۋە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تارتىپ قويۇپ بېشىنى كەينىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ ئاپئاق قوللىرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، تېخىچە نازۇكلۇقىنى يوقاتمىغان بەدىنى ئەۋرىشىم تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرىدىن سازغا تەگكەش بولۇپ قارسىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ غوپۇرغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى، ئەمما غوپۇرنىڭ كۆزى بولسا، ئۇنىڭغا يەۋەتكۇدەك تىكىلگەنىدى.

ئابلەت باياتىدىن ئۇزاق ئويناپ قويغاچقىمۇ بېشى پىرقىراپ، كۆز ئالدى بارغانچە غۇۋالىششقا باشلىدى، پۇت - قولى بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. لېكىن ئۇ تەن بەرمىدى، شېرىنگۈل ئويناۋاتقان ئارىلىقتا يەنە ئۆزى ئىككى رۇمكىنى تولدۇرۇپ قويۇپ ئىچىۋەتتى. ئۇ بۈگۈن ھەممىنى — ئۆزىنىڭ شەھەر باشلىقلىقىنى، يېقىندىن بۇيانقى خاپىلىقنى، ئەتىكى خىزمەتلەرنى .... بارلىقىنى ئۇنتۇغانىدى.

* *

ئابلەت ئەتىسى ئورنىدىن ۋاقىتچە تۇردى. ئاخشام جىقراق ئىچىۋەتكەچكىمۇ بېشى لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. شېرىنگۈل تېخى تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئابلەت ئورنىدىن تۇرۇپ مۇزدەك سۇدا باش - كۆزىنى يۇدى ۋە تېرمۇستىن بىر پىيالە قىزىق قايناقسۇنى قۇيۇپ چالا - بۇلا ناشتا قىلدى - دە، ئىدارىگە ماڭدى. ئۇ ئاخشام ھەممىدىن تەركىي دۇنيا بولغانىدى، لېكىن تاڭ ئېتىپ يېڭى بىر كۈنلۈك ھايات باشلىنىش بىلەنلا ئاخشامقى ئىشلار خۇددى بىر چۈشتەك ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۈگۈن قىلىدىغان، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ھۆكۈمەت ئىشلىرى كېلىشكە باشلىدى، ئۇ يەنىلا شەھەر باشلىقىغا ئايلاندى.

بىنانىڭ پەلەمپىيى ئالدىدا ئۇ لى شۇجى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان ئاۋۇت مۇدىرنى كۆردى. ئاۋۇت نېمە توغرىسىدۇر قىزغىن سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇلار ئابلەتنى كۆرۈپ گەپلىرىنى توختىتىۋالدى. ئاۋۇت ئابلەتكە ھېچنېمىنى ئۇقمىغاندەك ھىجىيىپ سالام قىلدى، ئابلەتكە ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى زەھەرلىك مەسخىرىدەك تۇيۇلدى. ئابلەت ئۇلار بىلەن باش لىڭشىتىپلا كۆرۈشتى.

— ئا سىجاڭ ، — دېدى لى شۇجى، — كۆرگەزمىدىن خەۋىرىڭىز باردۇ؟

ئابلەت ئويلىنىپ ئېسىگە ئالدى، تۈنۈگۈن غوپۇر ئۇنىڭغا شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەشۋىقات كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلغان باغىقىنى ئەكىرىپ بەرگەنىدى.

— خەۋىرىم بار، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىر قانچە ھۆججەتلەر بار ئىدى. چۈشتىن ئاۋۋال شۇلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيمىكىن، چۈشتىن كېيىن بېرىپ كۆرۈپ كېلەرمەن.

— ھە، بوپتۇ، مەن شۇ يەرگە ماڭدىم.

ئابلەت ئىشخانىسىغا كىرىپ، تۈنۈگۈن غوپۇر ئۇنىڭ قول قويۇشىغا ئەپكىرىپ بەرگەن ھۆججەتلەرنى تارتمىدىن ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاۋۇت مۇدىرنىڭ بايامقى تۇرقى، مەسخىرە، ھاقارەت يېغىپ تۇرغان كۈلكىسى كەلدى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن: «قېنى، قولۇڭدىن نېمە كەلدى؟ مېنىڭ تىرەكلىرىمنى كۆرۈپ قوي» دېگەندەك كۆرەڭلىكمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئابلەتنىڭ دىققىتى چېچىلدى، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ چەكتى،

لېكىن ئاچچىق تاماكا مەيدىسىنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆڭلىنى ئايىنىتتى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى. ياكى غوپۇر دېگەندەك يۇسۇپ ۋالىيغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ مەدەت بېرىشىنى ئۆلتەماس قىلغىنى دۇرۇسمىكىن؟ ئۇنداق قىلسىغۇ يۇسۇپ ۋالىي ئۇنى چوقۇم قوللايدۇ. چۈنكى، بۇ تېگى تەكتىدىن نىياز راخمانىنىڭ ئورنىنى كولايدىغان ئىش-تە. ئۇ، ئەلۋەتتە خۇش بولىدۇ، ئېھتىمال ئۆزى قول سېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئابلەت بۇنىڭ بىلەن نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ قانداق نام ئالىدۇ؟ بۇ پەقەت ئۇنىڭ بىر قورچاقلىقىنى، ئىقتىدارسىزلىقىنى، يېغلاڭغۇلۇقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ خەلق ئۇنى نېمە دەپ سايلىدى؟ ئۇ زادى شۇنچىلىك ئاجىزمۇ؟ ناۋادا يۇسۇپ ۋالىي ۋەزىپىسىدىن قالسا ياكى باشقا بىر يەرگە يۆتكىلىپ كەتسە ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ياق، ياق، ئۇ مۇستەقىل ئادەم، ئۇنىڭ كاللىسى ئۆزىنىڭ بويىنىدا، ئۇ ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدۇ، مەيلى كىشىلەر نېمىلا دېمىسۇن ئۇ، بۇ ۋەزىپىنى نىياز راخماندىن ياخشىراق ئورۇنلايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئىشلارنى قىلالايدۇ....

ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ، — دېدى ئابلەت خىيالىدىن باش كۆتۈرۈپ.

ئىشخانىغا غوپۇر كىرىپ كەلدى.

— ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — غوپۇر كۈلۈپ سورىدى.

— تازا ئېچىپ قويۇپتۇق-تە، خېلى يىللار بولغان بۇنداق ئېچىپ باقمىغىلى، سەنچۇ؟

— مەندە چاتاق يوق، بۇ گەپچە مىجەزىم بوش دېگىنە؟

— نېمە؟ ئىش بارمىدى؟

— شىنخۇاشېدىن بىر مۇخبىر كەپتىكەن، سېنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم، دەيدۇ.

ئابلەت سەل تۇرۇپ قالدى-دە، ئېسىگە نېمىدۇ كېلىپ ئىتتىك غوپۇرغا قارىدى.

— مۇخبىر دېدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ تېتىكلىشىپ، — چاقىر، كىرسۇن!

— مىجەزىڭ بولمىسا بولدى، — غوپۇر ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، — ئەتىمۇ كۈن بار ئەمەسمۇ؟

— ياق، ھازىر كىرسۇن!

غوپۇر ئەجەبلەندى ۋە ھېچنېمىگە چۈشىنەلمەي چىقىپ كەتتى-دە، ھايال ئۆتمەي ئېگىز بوي، كۆزەينەكلىك، ئوتتۇرا ياش بىر ئادەمنى باشلاپ كىردى. مۇخبىر گەپنى سوزۇپ ئولتۇرمىدى، ئۇ ئابلەتنىڭ قايسى كۈنى پارتكومغا قويغان تەكلىپىدىن خەۋەر تاپقان ئىكەن، ئۇ شۇ ھەقتە سۆزلىشىشنى تەكلىپ قىلدى. ئابلەتمۇ شۇنى كۈتكەنىدى، ئۇ، جانلىنىپ كەتتى، بېشىنىڭ ئاغرىقىمۇ يوقالدى. ئۇ، مۇخبىرغا ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— سىز مۇشۇ كۆزقاراشلىرىڭىز ئاساسىدا بىر ماقالە يېزىپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدى مۇخبىر ئاخىرىدا، — ھازىر شەھەر ئىسلاھاتى مەسىلىسىدە نۇرغۇن يېڭى-يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئوخشاش ئەمەس، مېنىڭچە ماقالىڭىزنىڭ چوقۇم رولى بولىدۇ، قانداق؟

— مەنمۇ؟ — ئابلەت بۇ تەكلىپتىن سەل تەمتىرەپ قالدى.

... — ئاڭلىسام ئىلگىرى كاتىپ بولغان ئىكەنسىز، خەنزۇچە سەۋىيىڭىزمۇ يۇقىرى ئىكەن، مەنمۇ ياردەم قىلاي، ماقۇل دەڭ!

— بوپتۇ، تىرىشىپ باقاي، — دېدى ئابلەت بىردەم ئويلىنىپ، — ئەمما سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاجمەن، سىز قاچان قايتىسىز؟

— ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئارىلىقتا يەنە كېلەرمەن.

ئۇلار شۇنداق كېلىشتى. ئابلەتتە ئۈمىد پەيدا بولدى، توغرا، بۇمۇ بىر چارە، بۇنداقتا ئۇ مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ، جامائەت پىكرىنى توپلىيالايدۇ. بۇ مۇخبىرنىڭمۇ ئۇلگۇرۇپ كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان.

ئابلەت شۇ كۈنى چۈشتە ئۆيگەمۇ قايتماي ماقالىنى يازدى، ماتېرىياللارنى كۆردى، مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىدىن پايدىلاندى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ ماقالىنى مۇخبىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ئابلەت شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنلۈك گېزىتكە ئۈمىد بىلەن قاراپ، ھەتتا ئۇششاق ماقالىلىرىغىچە دىققەت قىلاتتى، كۈنلەر ئۆزارغانسېرى ئۈمىدسىزلىك ئۇنى قىيناشقا باشلىدى.

* *

ئابلەت ئىشخانىسىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇراتتى، كەينىدىن غوپۇر ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا قاتلانغان بىر پارچە گېزىت بار ئىدى.

— ئابلەت! — دېدى ئۇ گېزىتنى پۇلاڭلىتىپ، — قارا، ماقالەڭ گېزىتكە چىقىپتۇ، يەنە كېلىپ بىرىنچى بەتكە بېرىپتۇ دېگىنە.

ئابلەتنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن تىپچەكلىدى ۋە غوپۇرنىڭ قولىدىن گېزىتنى يۇلغاندەك ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى. بىرىنچى بەتنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىدە ئۇنىڭ ئىسمى تۇراتتى، ماقالىسىنىڭ بېشىغا يەنە قوشۇمچە ماۋزۇمۇ بېرىلگەنىدى. «ئىسلاھاتچىنىڭ ئارزۇسى، زامانىۋىلىشىشنىڭ تەلىپى» دېگەن چوڭ ھەرپلىك خەتلەر ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ماقالە گېزىتنىڭ يېرىم بېتىنى ئالغان، ئۇنىڭغا يانداپ گېزىت بىر ئوبزور بەرگەنىدى.

— ئەتىگەندىن بېرى ھەممە بۆلۈملەردە مۇشۇ گەپ بولۇۋاتىدۇ، — دېدى غوپۇر.

— قانداق ئىنكاسلار بار؟

— كۆپچىلىك ئامما قوللاۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ ئىشنى تازا چوڭايتتىڭ - دە.

ئابلەتنىڭ كۆزى ماقالىدا ئىدى. ئۇ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. گېزىتخانىدىكىلەر ئۇنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسەن تەكمىگەن، بەزى يەرلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ قويغانىدى. ئابلەت ئوبزورنى ئوقۇۋاتاتتى، تېلېفون جىرىڭلىدى. ئابلەت تېلېفونغا قاراپمۇ قويمىدى. تېلېفوننى غوپۇر ئالدى.

— ۋەي، — مەن... شەھەرلىك ھۆكۈمەت، ھە... — غوپۇرنىڭ چىرايى جىددىيلەشتى، — ھە، بار، بار، — غوپۇر ئابلەتكە تېلېفوننى سۇندى، — يۈسۈپ ۋالىي ئىكەن، چاقىرىۋاتىدۇ.

ئابلەت خوشياقمىغان قىياپەتتە تېلېفوننى ئالدى.

— ھە، يۈسۈپ ئاكامۇ؟ — دېدى ئۇ ئالدىرىماي، — ياخشى، ئىشلار بىلەن... ھە... ماقالىنى سىزمۇ كۆردىڭىزمۇ؟ قانداق، بوپتۇمۇ؟ ھازىرلىمۇ؟... ماقۇل.

ئابلەت تېلېفونىنى قويدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ۋالىي نېمە دەيدۇ؟

— ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرىۋاتىدۇ، جاڭ شۇجىمۇ سۆزلەشكۈدەك.

— ماشىنا تەييارلايمۇ؟

— كېرەك ئەمەس، ۋېلىسىپىت بار.

ئابلەت يەرلىك كومىتېتقا بارغۇچە تۈرلۈك ئەندىشىلىك ئويلاردىن خالىي بولالمىدى، تۇرۇپ ئۇنىڭ ئېسىگە ۋىلايەتنىڭ بۇ ئىككى رەھبىرى تەنقىد قىلىدىغانىدەك تۇيۇلۇپ بىئارام بولاتتى، ياكى ئۇنىڭ ئۇسۇلى خاتا بولدىمۇ - يە؟ ئەمما باشقا نېمە ئامال بار. نېمىشقا جاڭ شۇجىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ قالدى؟ ھەي، نېمە بولسىمۇ بارغاندا كۆرەرمەن!...

ئابلەت تونۇش پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى. ۋالىينىڭ ئىشخانىسى ئوڭ قول تەرەپتىكى باشتىكى ئىشخانا، كارىدوردا تونۇشلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، بەزىلەر بىلەن باش لىڭشىتىشتى. ئۇنىڭ ئۇن يىللىق ئۆمرى مانا مۇشۇ كارىدوردا مېڭىپ، ئالدىراپ ئۆتتى. مانا بۇ ئىشخانا بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ئورنى ئىدى. ئۇ، بۇ يەردە ئىشلىگەنىدى، ئەنە ئاشۇ سېرىق جوزىدا ئۇ تالاي ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلغان، ۋالىي ئۈچۈن سۆز تېكىستلىرىنى يازغانىدى. مۇشۇ يەردىن ئۇ سىجاڭلىققا، مۇستەقىل خىزمەتكە، ھوقۇققا ئىگە بولدى. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى — مائارىپ ئىدارىسىدىن يۆتكەپ كەلگەن ياش يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇ، ئابلەتنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئا سىجاڭ! كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ قول بېرىپ كۆرۈشۈپ.

ياخشىمۇ سىز، — دېدى ئابلەتمۇ قولىنى بېرىپ، — ۋالىي چاقىرغانىكەن...

— ئىشخانىسىدا بار، جاڭ شۇجىمۇ شۇ يەردە.

— ھە... — ئابلەت نېمىشقا چاقىرغانلىقىنى كاتىپتىن ئىگىلىگەلىلاپ باقماقچى ئىدى. لېكىن تۇرۇپ يەنە يالتايدى ۋە كاتىپ بىلەن خوشلىشىپ بۇلۇڭدىكى ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئابلەت كىرگەندە يۈسۈپ ۋالىي جاڭ شۇجى بىلەن نېمىدۇر بىر ئىش ھەققىدە قىزغىن سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئابلەتنى كۆرۈپ خۇش-خۇي قارشى ئالدى.

— ھە، سىجاڭ، كېلىڭ، كېلىڭ، — ئۇ قول بېرىپ كۆرۈشتى، — ئولتۇرۇڭ. قاپسىزغۇ؟ قانداق، سىجاڭ بولماق تەسمىكەن؟ ھا، ھا، ھا... — يۈسۈپ ۋالىي سېمىز قورسىقىنى لىغىرلىتىپ كۈلدى. ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى يۇمۇلۇپ يوق بولۇپ كەتتى.

بۈگۈن ئۇ خېلىلا خۇش-خۇي، خۇشال ئىدى. بىر دەملىك نېرى-بېرى گەپلەردىن كېيىن جاڭ شۇجى ئاساسىي گەپكە ئۆتتى.

— يولداش ئابلەت، — دېدى ئۇ تاماكىنى ئوبدان بىر شورىۋېلىپ، — بۈگۈن سىزنى

چاقىرىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز، سىز بىلەن ئوبدانىراق بىر سۆزلىشەيلى دېگەن، — ئۇ يېڭى دىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان گېزىتنى قولى بىلەن چەكتى. ماقالىڭىزنى ۋالىي ئىككىمىز كۆرۈپ چىقتۇق، ھەم بۇنى دائىمي ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىشنى لايىق تاپتۇق. ئاخشام ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى رەھبەرلەرمۇ تېلېفون بېرىپ، بۇ ماقالە توغرىلىق بىزگە مۇھىم يولىيورۇق بەردى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ماقالىڭىز بىزنى پاراكەندە قىلىپ قويدى، ئومۇمەن ماقالىڭىز يۇقىرىدىكى رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. سىز ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئەھۋال يالغۇز شەھەردىلا ئەمەس، ۋىلايىتىمىزنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە مەۋجۇت، شەھەر ئىسلاھاتىدا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. لېكىن بىز شەھەردە مەسىلىنىڭ بۇنچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماپتىمىز.

— سىز، ئۇكام، — يۈسۈپ ۋالىي گەپكە قىستۇرۇلدى، — ئالدى بىلەن بىزگە مەلۇم قىلسىڭىز بولاتتى - دە.

— بۇ مەيلى، — جاڭ شۇجى ۋالىينىڭ گېپىنى بۆلدى، — بىر ھېسابتا بۇمۇ توغرا بولدى، ئەگەر سىز، بىزگە دوكلات قىلسىڭىز، ئېھتىمال بۇنچىلىك ئېتىبارغا ئېلىنىشى ناتايىن بولار ئىدى، مۇشۇنداق جۈرئەتلىك بولۇشى كېرەك، خوش، بۇ مەسىلىنى شەھەرلىك پارتكومدا مۇزاكىرە قىلغان ئىكەنسىلەر، شۇنداقمۇ؟

ئابلەت بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇ مۇزاكىرە ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىڭچۇ؟

ئابلەت ۋىلايەتنىڭ بۇ ئىككى رەھبىرىگە ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلدى. نىياز راخماننىڭ قانداق قارشى تۇرغانلىقىنى ئېيتقاندا يۈسۈپ ۋالىي جىددىيلەشكەن ھالدا ھە دەپ جاڭ شۇجىنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلاتتى، مۆرىتى كەلگەندە بىرنەچچە ئېغىز قوشۇمچىمۇ قىلىپ قوياتتى.

— سىزنىڭ تەكلىپىڭىز كونكرېت قىلغاندا قانداق؟ — سىز ھازىرقى ھالەتنى ئىسلاھ قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپسىز، مەسىلەن، قانداق؟

— مېنىڭچە، ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتمىسە مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئالدى بىلەن بۇرۇنقىدەك پىلان كومىتېتى بېكىتىپ بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، ھازىر بىزدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش شىركىتى بار، شۇنداقلا كوللېكتىپ ۋە شەخسىي ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىمۇ بار، ئۇندىن باشقا سىرتقى ئۆلكىلەردىنمۇ بەزى بىناكارلىق ئورۇنلىرى تىجارەت ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ، بىز بۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز لازىم. ھازىر بىزنىڭ يىللىق قۇرۇلۇش خىراجىتىمىز كۆپ ئەمەس، ئەمما بۇنى پەقەت بىرلا ئورۇن مونوپول قىلىۋالسا، باشقىلار قانداق كۈن كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تەختام بويىچە ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ. شۇڭا ئەركىن خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ باقساق دەيمەن. ھەرقانداق ئىشتا ئۆزئارا رىقابەت بولغاندىلا سۈرئەتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

— ھىم، — جاڭ شۇجى مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، — ياخشى تەكلىپ، بۇنى

www.uyghurkitap.com

چوقۇم ئۇيلىنىشىپ بېقىشقا بولىدۇ، شۇنداقمۇ ۋالىي؟

—مۇزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى.

جاڭ شۇجى بۇ ھەقتە يەنە خېلى جىق نەرسىلەرنى سورىدى، ئۇلار بىر سائەتتىن ئوشۇق سۆھبەتلەشتى. ئاخىرىدا ئۇ تۇيۇقسىزلا ئابلەتتىن مۇنۇنى سوراپ قالدى.

—ئاسىجاڭ، سۇڭ شۆجۇڭ قانداقراق؟

—سۇڭ فۇشۇجىمۇ؟ — ئابلەت سەل ئەجەبلەندى، ئۆتكەندە شەھەردىكى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئۇنى ئاشكارا قوللىغان كىشى شۇ ئىدى، — ياخشى، بىلىملىك، جۈرئەتلىك...

—بىزنىڭ مۇنداق خىيالىمىز بار، يولداش لى مىڭكۇي يۆتكىلىدىغان بولدى، بىز ئۇنىڭ ئورنىغا شياۋسۇڭنى ئويلىشىۋاتىمىز، سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيسىز، نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىككىڭلار ھەل قىلىشىڭلار كېرەك، قاملىشىپ ئىشلىيەلىسەڭلار بولىدۇ، شۇڭا سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئوقۇپ باقايلى دېگەن.

—نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تەرەققىياتنىڭ بولۇشىمۇ لى شۇجى بىلەن نىيازنىڭ گېپى بىر، — يۇسۇپ ۋالىي گەپ قىستۇردى، — لى مىڭكۇينى يۆتكىمىگۈچە مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

ئابلەت ماقۇللۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

—ياخشى، پىكرىمىز بىر يەردىن چىقتى، شەھەرنىڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئىنقىلاشقا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئادەم تەشكىللەپ ئەۋەتىدۇ، شەھەردىنمۇ ئويدانراق ماسلىشىپ بېرىڭلار. يولداش ئابلەت، يەرلىك كومىتېت سىزنىڭ خىزمەتلىرىڭىزدىن رازى، شەھەرنىڭ خىزمەتلىرىدە خېلىلا جانلىنىش بولۇۋاتىدۇ، بۇندىن كېيىنمۇ تىرىشىڭ، جۈرئەتلىك بولۇڭ، سىزدىن ئۈمىدىمىز چوڭ.

ئەمما، بىزنى تېخى ئاتلاپ يۇقىرىغا كېتەۋەرمەي، بىزنىمۇ بەزى ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇڭ، بولمىسا بىز بيۇروكرات بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمىز، شۇنداقمۇ جاڭ شۇجى، — يۇسۇپ ۋالىي ئابلەتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى.

—توغرا، توغرا...— جاڭ شۇجىمۇ ئۇنىڭ چاقچىقىغا قوشۇلدى.

ئابلەت يەرلىك كومىتېت بىناسىدىن خۇددى ئۈستىدىن بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ چىقتى. دېمەك، ئۇ ئاخىرى غەلىبە قىلدى. ئۇ، رەھبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ سىرلىق، مۈشكۈل ئىشنىمۇ ئاستا - ئاستا ئىگىلەشكە باشلىدى. بۇ يولدا ئۇ ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا رەقىبلىرىنى يېڭىشكە باشلىدى ۋە يېڭىدىن - يېڭى رەقىبلىرىنىمۇ پەيدا قىلماقتا ئىدى. ياق، ئۇ كىشىلەرگە ئاخىرى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلايدۇ، ئۇ يۇسۇپ ۋالىينىڭ گۇماشتىسى، قورچىقى ئەمەس، ئۇ مۇستەقىل ئادەم. مانا بۇ قېتىم ئۇ بۇنى ئىسپاتلىدى. بۇندىن كېيىنمۇ ئىسپاتلايدۇ، كىشىلەر، ھەتتا ئۇنىڭ رەقىبلىرىمۇ ئاخىرى ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ.

## 6

ھايت - ھۇيت دېگۈچە يازمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئابلەتنىڭ شەھەر باشلىقى بولغىنىغىمۇ ھېسابتا 6 - 7 ئاي بولۇپ قالدى. تۇگىمەس، زەنجىردەك بىر - بىرىگە ئۇلاشقان ئىشلار

بىلەن ئۇ بۇ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. شاپتۇلىلارمۇ ئۈزۈلۈپ بولدى، يېزىدىن نەچچە قېتىم مېھمانغا چاقىردى. لېكىن ئابلەت بىرەرسىگىمۇ بارالمىدى. يازنىڭ نېمەتلىرىنى ھوزۇر قىلالمىدى. شېرىنگۈل تولا ئۇرۇشۇپمۇ هاردى، قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يەكشەنبىلەپ بارىدىغان ئىشلارمۇ بارغانسېرى كەملەپ كەتتى. بەزىدە ئۇ ئۆزىمۇ ئىچى پۇشاتتى، شېرىنگۈلگە، بالىلىرىغا ئىچى ئاغرىيتتى ۋە ئالدىدىكى يەكشەنبىدە چوقۇم ھەرقانداق ئىشنى قويۇپ ئۇلارنى ئوينىتىشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى، لېكىن نەق شۇ چاغدا ياكى ئۇرۇمچىگە يىغىنغا، بولمىسا ۋىلايەتنىڭ بىرەر ناھىيىسىدىكى نەق مەيدان يىغىنىغا كېتىپ قالاتتى - دە، ھەممە پىلانلىرى بەربات بولاتتى. ئۇ بارغانچە ئۆز ئۆيىگىمۇ مېھماندەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

لېكىن ئۇ مۇشۇ ئايلار ئىچىدە بىكارلا ياتمىغانلىقىنى ئويلىسا، كۆڭلى ئارام تاپاتتى، ھەر ھالدا ئاز تولا ئىشلارنى قىلدى: شەھەرنىڭ تازىلىقى ھازىر دائىملىق ئىشقا ئايلاندى، گۈللۈكلەر بەرپا قىلىندى، ئەلۋەتتە بۇ دېمەككە ئاسان بولغان بىلەن نۇرغۇن ھەيدەكچىلىك، قادىلىپ تۇرۇش، ھەتتا گۇرەن تومۇرلارنى كۆپتۈرۈپ ئاچچىقلاشلار ھېسابىغا بىنا بولاتتى. ھەر ھالدا تارتقان جاپاغا چۇشلۇق ئاز - ئازدىن بولسىمۇ يېڭىلىقلار ھاسىل بولماقتا ئىدى.

قۇرۇلۇش ساھەسىدە ئىشلار باشقىچە تۇس ئالدى. بىرقانچە بىنالار پىلان بويىچە پۈتۈش ئالدىدا تۇراتتى، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئاخىرقى پەدەزلىرى قىلىنىۋاتاتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى شەھەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتىدىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئىنقىلاپ چىقتى. ئاۋۇتنىڭ نۇرغۇن خىيانىتى چىقىپ، ئاخىرى قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلدى.

ئابلەت شەھەردە پۈت تىرەپ تۇرالىدى.

دەسلەپكى كۈزنىڭ سۈپسۈزۈك كۈنى. ئابلەت ئەتىگەندە ئىشخانا بىناسىغا كىرىشىگە خەت - ئالاقىچى ئۇنى كارىدوردا چاقىردى:

—ئاسىجاڭ! سىزنىڭ خەتلىرىڭىز، — دېدى ئۇ ئىككى پارچە خەتنى سۇنۇپ.

—گېزىت كەلمىدىمۇ؟

—ياق تېخى، چۈشكە يېقىن كېلىدۇ.

—ھە... — ئابلەت كونۋېرتنىڭ تېشىغا كۆز يۈگۈرتتى. خەتنىڭ بىرسى ئۈرۈمچىدىكى سىڭلىسىدىن كەلگەنىدى. ئۇ يەنە بىر خەتكە كۆز يۈگۈرتتى، كونۋېرت خېلى قېلىن ئىدى. قىزىقى خەت يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئادرېسىنى ۋە ئىسمىنى يازمىغانىدى، ئابلەت سەل ئەجەبلەندى ۋە ئىشخانىغا كىرىپ ئوقۇماقچى بولۇپ 2 - قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى.

ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپلا ئالدى بىلەن ئىسمىسىز كونۋېرتنى يىرتتى. كونۋېرتتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشق دەپتىرىگە يېزىلغان قېلىن بىر پارچە خەت چىقتى.

«ئاسىجاڭ!

خېتىمگە ئەجەبلەنگەنلا؟ كىشىلەرنىڭ گۇمان قىلىشىدىن ئەنسىرەپ كونۋېرتقا ئىسمىمنى يازمىدىم. سىلى مېنى تونۇمايلا، لېكىن مەن خەقلەردىن سىلىنىڭ تەرىپىلىرىنى كۆپ ئاڭـ

www.uyghurkitap.com

لىدىم، شۇڭا مەن بۇ خەت بىلەن سىلىدىن ياردەم سورىماقچىمەن، ماڭا ئوخشاش تەلەيسىز بىر ياشنىڭ تەقدىرىگە ئىچ ئاغرىتار دەپ ئىشىنىمەن.

مېنىڭ ئېتىم گۈلنار، بۇ يىل 17 ياشقا كىردىم، دادامنى بەلكىم ئاڭلىغان بولغىيتتىلا، شەھەردە باۋۇدۇن قارىي دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق، بىزنىڭ ئۆيىمىز تۆكمەن بېشى مەھەللىسىدە. مەن باشلانغۇچنى تۈگەتكەندىن كېيىن دادام مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى ۋە ئۆيدە ماڭا قۇرئان ئۆگەتتى، مېنىڭ پەننىي مەكتەپتە شۇنداق ئوقۇغۇم بار ئىدى. دوستلىرىم ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تۈگەتتى، مەن بولسام ئاتا-ئانامنىڭ زورى بىلەن بۇۋىلىك تەقدىرىگە مۇپتىلا بولدۇم. خەيرىيەت، بۇمۇ تەقدىر پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت ئىكەن، ئامال يوق، ئىچىمگە تىنىدىم.

دادام تولىمۇ تەقۋادار ئادەم، جېنىنى خۇدا يولىغا، دىنغا بېغىشلىغان ئادەم. شۇڭلاشقا، ئۇ ياقۇپ ھاجى داموللىنى پەيغەمبەردەك كۆرۈپ چوقۇنىدۇ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدۇ، ئۇ كىشىنى ئۆيگە ئەكىلىپ مېھمان قىلىۋالسا، بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك خۇشال بولىدۇ. دىنىي ئىسلام يولىدا ھەممە نېمىدىن ۋاز كېچىدۇ. مەن مۇشۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغىنىمغا ئېچىنىمەن، لېكىن ئامال قانچە؟...

مەن دەسلەپ بۇ ئادەمگە تولىمۇ ئىخلاس قىلغانىدىم، كۆڭلۈمدە ھۆرمەت قىلاتتىم. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ساۋاب ئېلىشنى نىيەت قىلاتتىم. داداممۇ ھەردائىم شۇنداق تەربىيە بېرەتتى: «قىزىم، داموللام بىباھا ئالىم ئادەم، ئۇ زاتتىن ئوبدان تەلىم ئېلىپ، دېگىنىنى بىجا كەلتۈرۈڭ. خۇدايىم ھاجىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!» دەيتتى ماڭا ھەر كۈنى. مەنمۇ دادامنىڭ تەلىمى بويىچە ئۇنىڭدا ئوقۇدۇم. داموللامنىڭ ئايالى ئاغرىقچان بولغاچقا، ئۆي ئىشلىرىنىمۇ مەن قىلىشىپ بەردىم. ساۋاب ئېلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلدىم، كىرلىرىنى يۇدۇم، تامىقىنى ئەتتىم... مەن ئۇ زاتنى ئۆز بوۋامدەك كۆرەتتىم. لېكىن ئۇياقنىڭ خىيالىنىڭ باشقىلىقىنى نەدىن بىلەي... ئۇنىڭ ئىمان، دىيانەت تېمىپ تۇرغان ئاغزى بىلەن دىلىنىڭ باشقا ئىكەنلىكىنى ئۇقماپتىمەن.

مەن ئانامدىن داموللىمنىڭ ئەلچى كىرگۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدىم، ئۆز نەۋرىسى بىلەن تەڭ مەندەك بىر قىزغا قانداق كۆڭلى ئۇنىغانلىقىغا ھەيران قالدىم، ئىلگىرى كىنولاردا ئۆتمۈشتىكى باي، پومېشچىك، قازى-كالانلارنىڭ شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ئاجىزە، بىچارە قىزلارنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. توۋا، بۇنداق ئىشلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ بار ئىكەنغۇ؟ يەنە كېلىپ مېنىڭ ئۆز بېشىمغىمۇ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان. مەن شۇ قېرىغا مۇناسىپمۇ ئاخىر؟... شۇلارنى ئويلىسام، ئىچ-باغرىم ئەلەم بىلەن كۆيىدۇ، دادام بۇ ئىشنى تەلەي، بەخت دەپ ماقۇللۇق بوپتۇ، ئاپام بولسا ئامالسىز ئىچىگە تىنىشتىن باشقا گەپ قىلالماپتۇ. مەن دەسلەپ بۇ ئىشنى كىشىگە تىنىشقا نومۇس قىلدىم. لېكىن سەل قارىغان ئىكەنمەن، كېيىن ئۇقسام ئۇلار مېنىڭ رازىلىقىمسىز قىزىل خەتنىمۇ ئېلىشىپ بولۇپتۇ، بۇ ئىشتا سىلىنىڭ قېيىن ئاچىلىرى توخان مۇدىر جىق ياردەم قىپتۇ. بۇ قانداق بولغىنى، ئاسىجاڭ! توخان مۇدىر ئايالالارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدامدۇ، ياكى ئۇلارنى خارلامدۇ؟

شۇڭا سىلىنىڭ نامىلىرىنى ئاڭلاپ سىلىگە بۇ ئەرزىمىنى يازدىم. ماڭا ئوخشاش بىر تەلەيسىز قىزنىڭ زارىغا قۇلاق سالار، دەپ ئۈمىتنىپ يازدىم. نەچچە ۋاقىتتىن خۇداغا نالە قىلدىم، ئاللادىن مەدەت تىلىدىم، لېكىن تىلىكىم قوبۇل بولمىدى، سىلىنىڭمۇ قىزلىرى باردۇ، ئاسىجاڭ، ماڭا ياردەم قىلىسلا، ماڭا ئىگە بولىسلا...»

ئابلەت خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا تاقەت قىلالمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇدۇل شەھەرلىك پارتكومنىڭ يېڭى سېكرېتارى سۇڭ شۆجۈڭنىڭ ئىشخانىسىغا ماڭدى.

ئابلەت ئىشخانىغا كىرگەندە سۇڭ شۇجى تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاۋاتقانىدى. ئۇ، ئابلەتنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ بۆلۈم باشلىقىنىڭ گېپىنى بۆلدى:

—ئاسىجاڭ، جىددىي ئىشمۇ؟ —دەپ سورىدى ئۇ.

—ھەئە.

—ئۇنداق بولسا، —دېدى ئۇ بۆلۈم باشلىقىغا قاراپ، —بىر چۈشتىن كېيىن داۋاملاشتۇرايلى.

بۆلۈم باشلىقى چىقىپ كەتتى. ئابلەت يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ شۇجىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە خەتنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. سۇڭ شۇجىنىڭمۇ چىرايى جىددىيلەشتى.

—تېخى مۇنداق ئىشمۇ بار د،ڭ. تۇخان مۇدىرنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟

—ياقۇپ داموللا ئۇنىڭ تاغىسى بولىدۇ، —چۈشەندۈردى ئابلەت.

—ھىم، خېلى مۇرەككەپ ئىش ئىكەن-دە، سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

—دەرھال تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانۇنغا خىلاپلىق-تە، بۇ!

—توغرا، ئالدى بىلەن ئېنىقلاپ باقايلى، ئۇنداقتا ھازىرلا بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرتىپ مەسلىھەتلىشەمدۇق؟

—بولىدۇ.

* *

شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى داۋاملىشىۋاتاتتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ياقۇپ داموللا مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات قىلماقتا ئىدى:

—ئەھۋال قىزنىڭ ئىنكاس قىلغىنى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، —دېدى ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، —ياقۇپ داموللىنىڭ ئايالى ئىككى يىلدىن بۇيان پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ تەرىتىمگە سۇ بېرەلمىدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، بۇ ئايالنى قويۇپ بېرىش نىيىتىگە كېلىدۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزى گۈلنارغا چۈشكەنىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ھەققەتەن دىنپەرەس ئادەم بولۇپ، ئاستىرتتىن ئۆز قىزىنى داموللىغا تۇتىدۇ، داموللا بولسا،

بۇ ئىشنىڭ كېيىن بىرەر پالاكەت تېپىپ بېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، قانۇنى رەسمىيەت ئۆتەشنىڭ يولىنى قىلىشنى ئويلاپ، بۇنى ئۆز ئىنىسىنىڭ قىزى تۇخان مۇدىرغا ئېيتىدۇ، تۇخان مۇدىر بۇ ئىشتا دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆز تۇغقىنىغا يان بېسىپ، يەشۈرۈن ھالدا كونىشەھەر ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى رەجەپ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قىزنىڭ رازىلىقىسىز قىزىدىل خەت ئالىدۇ. رەجەپمۇ دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋۇللا بىلەن تۇغقانچىلىقى بار كىشى. بىز گۈلنارنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلەشتۇق، ئۇ ھەقىقەتەن بۇ ئىشقا رازى ئەمەس. ئەھۋال مۇشۇنداق، شەھەرلىك پارتكوم دەرھال ھەل قىلمىسا، ئۆلۈم ھادىسىسى چىقىشىمۇ مۇمكىن.

— تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئاڭلىدۇق، — دېدى سۇڭ شۇجى ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ، — ئەمدى بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا ھەيئەتلەر تەكلىپلىرىمىزنى بېرەيلى

ئابلەت دېرىزە ئالدىدىكى كرېسلودا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە ئۇتتۇر ئولتۇرغان نىياز ھاكىمغا چۈشتى. بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىپ چېچىنى پاكىزە چۈشۈرتكەن بۇ ئادەم ئابلەتتىن كۆز ئۈزمەي كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قولاشمىغان جىددىي ھەرىكەتلىرى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە تىنىمسىز قايناۋاتقان ئىچكى ھاياجاننى بىلدۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ ئۆتەندىكى ئاۋۇت مۇدىرنىڭ ئىشىدىن كېيىن ئىدارىغىمۇ، يىغىنلارغىمۇ كەم چىقىدىغان بولۇۋالغان، بىر مەزگىل ھەتتا كېسەلمەن، دەپ ئۆيىدە يېتىۋالغانىدى. ياقۇپ داۋۇللانىڭ مەسىلىسىنى كىمدۇر ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن بولسا كېرەك، ئۇ بۈگۈنكى يىغىنغا ھەممىدىن بۇرۇن كەلدى. ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىن ئابلەتكە تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

ئابلەت يالغۇز بۇ پېشقەدەم ھاكىملا ئەمەس، يىغىنغا قاتناشقان باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەيمىنىپ ئوغرىلىقچە قارىغان نەزەرلىرىنى سېزىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن سۆز ئالدى:

— مېنىڭچە بۇ يەردە مەسىلە ناھايىتى ئېنىق. بىرئەڭ ئاۋۋال دۆلەتنىڭ قانۇنىنى، گىراژدانلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىك ھوقۇقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. كىم قانۇننى ئاياغ - ئاستى قىلغانىكەن، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانىكەن، ئۇنى جەزمەن جازالاش كېرەك. ياقۇپ داۋۇللا مەسىلىسى بىزگە شۇنداق بىر مەسىلىنى بىشارەت بەردىكى، بىزنىڭ قانۇننى تەشۋىق قىلىشىمىز، قانۇننى ئىجرا قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىغان. بىزدە ھازىرغىچە قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئاياغ - ئاستى قىلىدىغان ئىللەتلەر ھەتتا كوممۇنىست كادىرلاردا يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى ۋەقە بىزگە ئوبدان بىر ساۋاق بولدى، چوقۇم بۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك. مېنىڭ تەكلىپىم ياقۇپ داۋۇللا گەرچە بىرلىكسەپ خادىمى بولسىمۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇشنى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا تەكلىپ بېرىش لازىم. رەجەپ مۇدىرنى قەتئىي تۈردە ئاساسىي قاتلام مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇش، پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىش كېرەك. تۇخان مۇدىر مەسىلىسى ئەلۋەتتە بىزنىڭ باشقۇرۇش دائىرىمىزدە ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ مۇدىرى تۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئاياغ - ئاستى قىلغانلىقى بىر دۆلەت كادىرىغا مۇناسىپ

ئىش ئەمەس، شۇڭا بۇ ھەقتە يەرلىك پارتكومغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار.

نىياز مۇدىر ئاغزى ئېچىلغان ھالدا ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. ئەجىبا ئابلەت ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادىغا، يۈسۈپ ۋالىينىڭ ئائىلىسىغا يان باسمىغىنى نېمە بولدى؟ ئۇ ئەسلىدە ئابلەت بىلەن بۈگۈن بىر ئېلىشماقچى، پۈتۈن ئەلىمنى بىر ئالماقچى بولغانىدى. ئەمما، بۇ ئابلەت دەل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەۋەتتىغۇ، بۇ زادى قانداق يىگىت، ياكى يۈسۈپ ۋالىي بىلەن ئارازلىشىپ قالدىمۇ - يە؟ ياكى مەيدانى يىرىق يۇمىلاق تاۋۇزمىكىن؟... ئىش قىلىپ يامان نېمە ئىكەن، بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى، ئاغزىنى ئاچۇرمىدى... قابىلىيىتىمۇ بار ئىكەن، ھەر ھالدا خېلى ئىشلارنى قىلىۋەتتى، لېكىن بالا خاملىق قىلىدىكەن، ياشلىق قىلدىكەن، ئەمدى يۈسۈپ ۋالىي سېنىڭ پېيىڭنى قىرقىمىدىغان بولدى - دە!...

نىياز مۇدىر ئويلىنىپ قالدى، ئابلەتكە بولغان پۈتۈن ئاچچىقى نەلەرگىدۇر تاراپ كېتىپ، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بەزى ھەيئەتلەر ئابلەتنىڭ تەكلىپىنى قوللاپ پىكىر قىلىشتى، ئەمما كۆپچىلىك قاتناشقۇچىلار بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئېنىقراق تەكشۈرۈپ بېقىشنى ۋە بۇ ئىشتا ۋىلايەتلىك پارتكومدىن يوليورۇق ئېلىپ، ئاندىن بىر تەرەپ قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. يىغىن كېيىنكى تەكلىپنى ماقۇل كۆردى.

يىغىن تۈگەپ كىشىلەر تارىغان چاغدا ئابلەت مەجلىسخانا ئىشىكىدە نىياز مۇدىرنى كۈتۈپ تۇردى. بۇ ئادەم ھەممىنىڭ كەينىدە چىقىۋاتاتتى.

— نىياز ئاكا! — دېدى ئابلەت ئۇ يېقىن كەلگەندە، — ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ؟ ئالدىراش بولۇپ قاشلىرىغا يوقلاپمۇ كىرەلمىدىم.

نىياز مۇدىر ھودۇقۇپ قالدى.

— ياخشى، ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ تەمتىرىگەن ھالدا، — قېرىغاندا ئادەمنى كېسەل بېسىۋالىدىكەن.

— خېلى ئورۇقلاپ قاپلا، ھازىر قانداقراق؟

— ئوبدان، قەدىر ئەھۋال.

— سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، بىئارام قىلىپ قويارمەنمىكىن دەپ تۇرۇپ تۇرغان...

— نېمە گەپ ئىدى؟ — نىياز مۇدىر ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

— سىلى يېزىلار بىلەن پىششىق تونۇش، ھەممە يەرنى بەش قولدەك بىلىلا، شۇڭا سىلى بىلەن بىللە بىر ئايلىنىپ كەلسەكمىكىن دېۋىدىم.

قېرى مۇدىر بىر پەس ئۆزىنى تىڭشاپ تۇردى. ئابلەتنىڭ تەكلىپى سەل غەلىتە تۇيۇلسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى ئىشلاردىن ئۇ ئۆزىچە خۇلاسە چىقارغانىدى. ھەر ھالدا بۇ يىگىت ئۇنىڭغا تۈز كۆڭۈل، ئادىل كۆرۈندى.

— بېرىپ كېلەيلى، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — ئۆزەممۇ يېتىۋېرىپ زېرىكىپ قالدىم، قاچان ماڭىمىز؟

— سىلى ئوبدانراق ساقىيىۋالسىلا، كېلەر ھەپتىلەردە ماڭساق قانداق؟

— بولىدۇ، سىلى قاچان ھايت دېسىلە، مەن تەييار.

ئابلەت نىياز مۇدىر بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتتى، باياتىدىن ئۇ ھېچكىمگە چاندۇرماسلىققا تىرىشتى، ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا مەجبۇرلىدى، مانا ئەمدى يالغۇز قالغاندا، ئۇنى تۇرلۇك ئەندىشىلىك ئويلار ئىسكەنجىگە ئېلىشقا باشلىدى. بۈگۈنكى يىغىندا بولۇنغان گەپلەر تۇرغانلا گەپ ئەتىگىچە يۈسۈپ ۋالىينىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، ئۇ نېمە دەر؟، تۇغقان، شېرىنگۈللەر ئۇنىڭغا قانداق قارار؟ چوقۇم ئۇنىڭدىن ئاغرىنىدۇ، خاپا بولۇشىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟

ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى ئابلەتنىڭ كۆڭلىنى بىئاراملىق، غەشلىك بېسىشقا باشلىدى.

7

يۈسۈپ ۋالىي ۋىلايەتلىك پارتكوم سېكرېتارى جاڭ دېيىنىڭ ئىشخانىسىدىن تاتارغان، غەزەپتىن بوغۇلغان ھالدا چىقىپ، تولىمۇ تەستە ئۆز ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇنىڭ مەيدىسىدە بىر يەر سانجىپ ئاغرىيتتى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بېشى قايغاندەك بولۇۋاتاتتى. پۇت - قوللىرى بوشىشىپ خۇددى جېنى يوقتەك ئۆزىگە بوي سۇنمايتتى. ئۇ 55 يىللىق ئۆمرىدە تېخى بۇنداق ھالەتنى سېزىپ باقمىغانىدى. يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇپ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلاشتى. ئۇ مىڭ تەستە گېلىنى بوغۇپ تۇرغان گالستۇكنى بوشاتتي، ئۆزىنى كرېسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ تىترىگەن، ھالسىز قوللىرىدا مەيدە يانچۇقىنى ئاختۇردى، ئەمما يانچۇق قۇرۇق ئىدى. ئۇ ئېسىگە ئالدى، ئەتىگەن كىيىمىنى ئالماشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ھەممىشە يېنىدىن ئايرىمايدىغان يۈرەك دورىسى يەنە بىر چاپىنىنىڭ يانچۇقىدا قالغان ئوخشايدۇ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ...

ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى، نەپىسى بارغانسېرى سىقىلاتتى، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولاتتى. ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى. شۇ تاپتا غىققىدە جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ۋەھىمە بېسىشقا باشلىدى: «تووۋا، بىرەرسى كىرىپ قالسىچۇ، كاتىپ دېگەن بەدبەختنىڭمۇ يوقالغىنىنى كۆرمەمدىغان ...» يۈسۈپ ۋالىي جوزىدىكى تېلېفونغا قارىدى، لېكىن ئۇنىڭ يېنىغا بارغۇدەك ھالى يوق ئىدى.

شۇ ئارىلىقتا ئىشىك چېكىلدى، ۋالىي ئۈمىد بىلەن ئىشىككە قارىدى، ئەمما ئۈنلۈكرەك گەپ قىلالمىدى. ئىشىك يەنە چېكىلدى ۋە ئېھتىيات بىلەن ئېچىلىپ بوسۇغىدا غوپۇر پەيدا بولدى، ۋالىي ئۇنى ئېنىق تونۇيالمىدى. غوپۇر بولسا ۋالىينىڭ ئۆلۈكتەك تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپ دەسلەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، لېكىن ھايال ئۆتمەي يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ۋالىي، نېمە بولدىڭىز؟ ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ھولۇققان ھالدا.

— ماشىنا ... — دېدى يۈسۈپ ۋالىي ئاران دېگەندە.

غوپۇر دەرھال تېلېفوننى ئالدى، ئۇ ۋالىي مەھكىمە ماشىنا گاراژىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلمەيتتى. «كاتىپلاردىن بىرەرسىنى چاقىرىپ كىرەيمىكىن» دەپ ئويلىدى، لېكىن شۇ ھامان بۇ نىيىتىدىن ياندى، چۈنكى بۇ ۋالىيغا خىزمەت كۆرسىتىشتە تېپىلماي-

www.uyghurkitap.com

دىغان پۇرسەت - تە، ئۇنىڭ قولىدىمۇ ماشىنا بار ئەمەسمۇ، ۋالىيغا لازىم دېسە قايسى شوپۇر باش تارتالايدۇ، ئۇ دەرھال ئۆزى يادقا بىلىدىغان شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا تېلېفونىنى ئالدى. ئۇنىڭ بەختىگە ماشىنا بار ئىكەن، غوپۇر ماشىنىنىڭ دەرھال ۋالىي مەھكىمىسىگە كېلىشىنى بۇيرۇدى.

— يۈسۈپ ۋالىي، — دېدى غوپۇر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ، — ماشىنا ھازىر كېلىدۇ، مەن سىلىنى يۆلەپ چىقاي.

غوپۇر يۈسۈپ ۋالىينىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تەستە قوپۇردى ۋە ئاۋايلاپ كارىدورغا ئېلىپ چىقتى. ۋالىينىڭ ئېغىر، سېمىز گەۋدىسى دەلدۈگۈنۈپ ئاران - ئارانلا كېتىپ باراتتى. ئاخىرىچە كارىدوردا ئۇچرىغان خىزمەتچىلەر ياردەمگە كەلدى ۋە ئۇنى كۆتەرگەندەك قىلىپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار ئىشىكتىن چىققۇچە غوپۇر چاقىرغان شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىمۇ ئۇلگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

— دوختۇرخانىغا ئاپىرايلىمۇ؟ — دەپ سورىدى غوپۇر ۋالىي ماشىنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— ياق، ئۆيگە كېتەي، — دېدى يۈسۈپ ۋالىي بېشىنى چايقاپ. ئۇ بىردەم ھەرىكەت قىلمىغانلىقتىنمۇ سەل ئېسىگە كەلدى ۋە ئۆز يېنىدا غوپۇرنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندى. غوپۇر بولسا، ھولۇققان ھالدا ۋالىيغا پات - پات قاراپ قوياتتى. ئۇ ئەسلىدە بۈگۈن ۋالىينىڭ قېشىغا ئابلەتنىڭ يېقىنقى ئىشلىرى، تۇخان مۇدىرغا كېلىۋاتقان خەۋپ توغرىلىق خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى. غوپۇر يېقىنقى ۋەزىيەتنى دەگسەپ كۆردى، نىياز مۇدىردىن ئۈمىد قالمىدى، يۈسۈپ ۋالىي ئۇنى يەڭدى، ئابلەت شەھەرنىڭ خىزمەتلىرىنى بارغانسېرى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇ تېز كۆڭۈل، ساددا نەرسە، يۈسۈپ ۋالىينىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىشى ناتايىن. ئۇ ۋالىيغا ھامان ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسى يىراققا بارمايدۇ. غوپۇر بۇنى سېزىپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا بالدۇرراق يۈسۈپ ۋالىيغا يېقىنلىشىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېرىنگۈل بىلەن ئۆتكەنكى ئۇچرىشىش ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆچكەن ئوتنى قايتىدىن تۇتاشتۇردى. شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى، ئايالى، بالىلىرى كۆندىن كۈنگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى ...

لېكىن ياقۇپ ھاجى داموللا مەسىلىسىنى يۈسۈپ ۋالىي غوپۇردىن بۇرۇنراق ئاڭلىدى، جاڭ شۇجى باياتىدىن ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ تۇخان مۇدىرنىڭ قىلغان ئىشى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى، ۋالىيدىن ئايالىغا خىزمەت ئىشلەشنى، مەسىلە بولسا ۋاقتىدا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، يۈسۈپ ۋالىي ياقۇپ ھاجى مەسىلىسىنى بىلمەيتتى، لېكىن ھازىر بىلمەيمەن دېگەنگە كىم ئىشىنىدۇ؟ بۇ گەپ كوچىغا چىقىپ كەتسە، نېمە دېگەن سەتچىلىك؟ بۇ ئۇنىڭ نىيازدەك كۆشەندىلىرى ئۈچۈن تېپىلماس دەسمايە - دە؟ بۇنى زادى كىم ئىنكاس قىلغاندۇ؟ ...

— ۋالىي، قانداقراق تۇرىسىز؟ — غوپۇر ۋالىينىڭ ئەنسىز خىياللىرىنى چاچتى.

ۋالىي بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى، ئاخىرىچە ماشىنا باشلىقلار قورۇسىغا كىرىپ، ۋالىينىڭ گۈلزارلىق ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. غوپۇر چەبدەسلىك بىلەن ماشىنىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چۈشۈپ ۋالىينىڭ قولتۇقىدىن ئالدى ۋە ئېھتىيات بىلەن ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى، ئۆيدە خىزمەتچى ئايالدىن بۆلەك ھېچكىم يوق ئىدى. غوپۇر ئۇنى ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى ۋە ۋالىينىڭ دورىسىنى ئەكېلىپ ئىچكۈزدى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن يۈسۈپ ۋالىينىڭ چىرايى ئەسلىگە كېلىپ، مەڭزىلىرىگە قان يۈگۈردى، تىنىقىمۇ نورماللاشتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— رەھمەت ئۇكام، — دېدى ئۇ غوپۇرغا قاراپ، — مېنى بىر ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدىڭىز؟ مۇشۇنداق تۇيۇقسىز تۇتۇپ كېتىدۇ، دورىنى ئىچىۋالسام‌لا يەنە ياخشى.

— مەنمۇ قورقۇپ كەتتىم ۋالىي، — غوپۇر ئەندىككەن ھالدا دېدى.

— ھېلىمۇ تەلىيىمگە سىز كىرىپ قالدىڭىز، ھە، راست بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

غوپۇر ھاياجانلانغان ھالدا گېلىنى قىرىپ قويدى.

— سىلىنىڭ خەۋەرلىرى بارمىكىن تاڭ، شەھەردە يېقىندىن بۇيان ياقۇپ ھاجى داموللا مەسىلىسى پەيدا بولدى، شۇ ھەقتە سىلىنى خەۋەردار قىلىپ قوياي دەپ كەلگەنتىم.

— ھە، ھە، — يۈسۈپ ۋالىينىڭ چىرايى جىددىيلەشتى، — بۇ ئىشنى كىم كۆتۈرۈپ چىقتى؟

— ئابلەت ...

— ئابلەت؟ — ۋالىينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— مەنمۇ دەسلەپ ئىشەنمىگەن، ئابلەتنى بۇنداق قىلار دېمىگەن، كېيىن ئۇقسام راست ئىكەن.

غوپۇر يۈسۈپ ۋالىيغا ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى قويماي سۆزلەپ بەردى.

* *

غوپۇر كەتكەندىن كېيىن يۈسۈپ ۋالىي بىر پەس نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىشەنمەي دېسە غوپۇرنىڭ ئېيتقانلىرى بايا جاڭ شۈجى دېگەن گەپلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئىشىنەي دېسە، ئابلەتنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى، راستىنلا شۇنداق قىلغان بولسا - ھە؟ ئۇ نېمە بولسىمۇ ئابلەت بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى - دە، تېلېفون بەردى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۆيگە ئابلەت كىرىپ كەلدى ۋە ۋالىينىڭ تۇتۇلغان، جىددىي چىرايىنى كۆرۈپ ھەممىنى سېزىپ بولدى.

— ھە، كېلىڭ، — دېدى يۈسۈپ ۋالىي سوغۇق ھالدا ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسىتىپ.

ئابلەت بۇ ئۆيگە جىق كەلگەن، ئىلگىرى ئۇ بۇ ئۆيدە ئۆزىنى ئازادە، ئەركىن سېزەتتى، ۋالىيدىن تارتىپ ئۆيدىكى ھەممىسى ئۇنى بۇ ئائىلىنىڭ ئادىمىدەك ھېسابلايتتى. بۈگۈن بولسا، بۇ ئۆي ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يات ۋە سوغۇق كۆرۈندى، ئۇ قورۇنغان ھالدا كىرېسلوغا ئولتۇردى.

— ھە، ئىشلار قانداقراق؟ — يۈسۈپ ۋالىي رەسمىي تەلەپپۇزدا گەپ باشلىدى، — ئاڭلىساق شەھەردە خېلى يېڭى گەپلەر بولۇۋېتىپتىغۇ؟ راستمۇ؟

— قايسى ئىشلارنى دەيسىز؟

— ئۇقماس بولۇۋالدىڭىزمۇ؟ — ۋالىي تامىقىنى قاقتى، كۆزلىرى ئاچچىق بىلەن قىسىلدى، — ئۆزىڭىز قىلغان ئىشنى ئۆزىڭىز بىلمەس بولۇۋالدىڭىزمۇ؟ ئەمدى تىغ ئۇچىنى بىزگە قارىتىپسىز - دە، ناھايىتى ياخشى، قىلغان ئەقىدىڭىزگە مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرىدىغان گەپ ئىكەن - دە؟ ... قېنى سۆزلەڭا، سىزنىڭ زادى نىمە مەقسىتىڭىز بار - ھە؟

— يۈسۈپ ئاكا! — دېدى ئابلەت ۋالىينىڭ غەزەپلىك چىرايىغا ئەيمەنمىگەن ھالدا قاراپ، — سىز بىلەن بىر تۇغقان ئادەم، مەندە باشقا نىمە مەقسەت بولاتتى ...

— تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزگىنىڭىز مۇشۇمۇ؟

— بۇ قانۇنغا خىلاپ ئىش تۇرسا، بەرىبىر ئاشكارا بولىدۇ - دە، ئۇ ۋاقىتتا ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەس. بىز ھەممىمىز كوممۇنىست تۇرۇپ قانۇننى ئاياغ - ئاستى قىلساق بولامدۇ؟

— نىمە، سىز ماڭا تەربىيە بىرىۋاتامسىز؟ — يۈسۈپ ۋالىينىڭ چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ، قاپىقى دەھشەت بىلەن تۈرۈلدى، — سىز كىم؟ سىز ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز جۇمۇ! جاھان تېخى ئۇزۇن، مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئالدىرىماڭ، تېخى كۆرىمىز ...

— يۈسۈپ ئاكا! ...

— بولدى، — ۋالىي ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلىكىدى، — مەن سىزنى تازا چۈشىنىپ قويدۇم، مەن سىزنىڭ ئاكىڭىز ئەمەس.

يۈسۈپ ۋالىي ئابلەتنى يالغۇز قالدۇرۇپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئىشىكنىڭ «جالاق» قىلىپ يېپىلىشى ئابلەتكە خۇددى يۈزىگە ئۇرۇلغان كاچاتتەك بىلىنىپ دېمى سىقىلدى، خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ ئەسلىدە ۋالىينى بۇ مەسىلىدە ئۇنى چۈشىنەر، قوللار دەپ ئويلىغان، بۇنچىلىك قوپاللىق بىلەن ھاقارەت قىلار دەپ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ئابلەت سولاشقان ھالدا ۋالىينىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى.

يۈسۈپ ۋالىي دېرىزىدىن ئۇنى كۆردى. ئەنە، ئابلەت كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن



كېتىۋاتىدۇ. دەرۋازىنىمۇ ئوچۇق تاشلاپ كەتتى، ۋالىينىڭ ئاچچىقىنىڭ يېنىشىنى كۈتمىدى. ئىلگىرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى، يۈسۈپ ۋالىي نېمە دېسە «ماقۇل» دەيتتى، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلاتتى، ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ خىزمەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئابلەتكە ئۆز ئىنىسىدەك ئىشەنگەنىدى. ئۇنى ئۆزىگە تۇغقان قىلدى، تەربىيىلىدى، ئۆستۈردى، تېخى ئۆزىنىڭ ئورنىغىمۇ نىشانلاپ قويغانىدى. لېكىن مانا بىر يىل بولمايلا ئۇنىڭغا مۈڭگۈز چىقتى، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب ياندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە خىيانەت قىلدى. تېخى يۈسۈپ ۋالىيغا ھازىرغىچە ھېچكىم بۇنداق ئاشكارا ھۇجۇم قىلالىغان ئەمەس، يەنە كېلىپ تۇغقان تۇرۇپ ـ ھە... شۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەم دېگەنگە ئىشەنچ قىلىدىغان نېمە ئەمەسكەن ـ دە. ھەممىسى نەپ، ئەمەل ئالغۇچە پايپېتەك بولۇپ كۈچۈكلىنىدۇ، تاپىنىڭنى يالايدۇ، مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن بولسا، يېنىپ ئۇسۇدۇ. بەدبەخلەر، نائەھلىلەر...

يۈسۈپ ۋالىينىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق ئەلەم چىرمىدى، پۈتۈن قان مېڭىسىگە قۇيۇلغاندەك بولۇپ بېشى چىڭقالدى، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى سىقىراپ ئاغرىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن دېرىزە تەكچىسىگە قول ئۇزاتتى، لېكىن ئۇنىڭ قولى تەكچىدىكى گۈل تەشتىكىنى تۇتالىدى ۋە ئۇنى ئۆرۈۋەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋالىينىڭ ئېغىر گەۋدىسىمۇ پولغا ئۆرۈلدى.

* *

كەچقۇرۇن ئۆيگە شېرىنگۈل غەزەپتىن كۆكەرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئابلەت ئىچكەركى ئۆيدە تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى پۇتىدا تېپىپ ئاچتى ـ دە، بوسۇغىدىلا تىل سالدى:

— سېنى كىم سىجاڭ قىلىپ قويدى، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — شېرىنگۈل بېلىنى تۇتقىنىچە ۋارقىرىدى، — ھەي ئېشىنى يەپ قاچىسىنى چاقىدىغان نائەھلى.

— نېمە بولدى؟

— نېمە بولغانلىقىنى ئۆزەڭ تازا ئوبدان بىلىدىغانسەن؟ قارا، تېخى خۇپسەنلىكىنى بۇنىڭ! ئەجەب ھېلىقى گۈلنار دېگەن جالاپنىڭ دېپىنى چېلىپ كېتىپسىنا؟ ئەسلىدە ئۇ جالاپ بىلەن ئۆزەڭنىڭ بىر چاتىقىڭ بار، ھەي يۈزسىز بۇزۇق!

ئابلەت ئۆزىنى قانچە تۇتسىمۇ شېرىنگۈلنىڭ ئاھانىتى جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. چاچراپ قوپۇپ شېرىنگۈلنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سېلىۋەتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن. ئابلەتنىڭ ئۆي تۇتۇپ شېرىنگۈلگە تۇنجى قېتىم قول سېلىشى ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ شېرىنگۈل بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى، لېكىن دەرھال ئېسىگە كېلىپ ئۈنىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ يىغىنى سالدى.

— ئۇرە يەنە، ئۆلتۈرۈۋەت، بۈگۈن كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرۈمەن سەندىن، سەن سىجاڭ بولۇپ ئادەم ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ئۇرە يەنە!...

شېرىنگۈل ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى مىژىلاشقا باشلىدى. ئۇ ياقىسىغا ئېسىلغان شېرىنگۈلنىڭ قولىنى تەستە ئاجرىتىپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچى-

دىن شېرىنگۈلنىڭ بىشەملىك بىلەن چىقىرىغان يىغىسى ئاڭلىناتتى.

ئابلەت كۆكۈمغا چۆمگەن تېرەكلىك كوچا بىلەن يۇقىرىلاپ ماڭدى. تاغ تەرەپتىن كۆزنىڭ سالقىن شاملى ئۇرماقتا. ئارىلاپ ۋېلسىپىت مىنگەن ۋە پىيادە كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

ئۇنى ئاچچىق خىياللار چۇلغىۋالغانىدى. شېرىنگۈلنىڭ بۈگۈنكى ئەلپازىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ ۋالىي ئىلگىرى-كېيىن تېرىككەن بولسا كېرەك. ئۇ، بۇنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ ئىشقا قانداق سۈكۈت قىلىپ چىدايدۇ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گۈلنار كەلدى، چىرايلىرى سارغايغان، ئۈمىدسىزلىك بىلەن سولاشقان سولغۇن چىراي ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىمەكتە، ياق، ياق، ئابلەتنىڭ ۋىجدانى قانداق كۆتۈرىدۇ، ئۇمۇ ئىنسانغۇ، ئۇ كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ياش ئۆمرىنىڭ ناھەق غازاڭ بولۇشىغا قانداق چىدايدۇ؟ نېمىشقا يۈسۈپ ۋالىيدەك كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ. تۇخاندەك ئاياللار مۇدىرى نېمە ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدۇ؟ دۇنيا نېمىشقا بۇنچىلىك ساختىلىققا تولغان، ھەقىقەت نېمىشقا كۆمۈلۈپ قېلىۋېرىدۇ؟ ... ئۇ راستىنلا يۈزسىزلىك قىلدىمۇ؟ بوپتۇ، قولىدىن كەلسە سىجائىلىقىنى ئېلىۋەتسۇن، بولىدىغان ئىش بولدى، ئەمدى نېمە بولسىمۇ بېشىغا كەلگەننى كۆرىدۇ ...

ئابلەتنىڭ ئاچلىقتىن قورسىقى غۇلدۇرلاشقا باشلىدى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى. ئۆيگە بارسىمۇ بەرىبىر تاماق يوق ئىدى. شۇڭا ئاشخانىلاردىن بىرسىگە كىرىپ قورساق تويغۇزۇش نىيىتىدە يان كوچىغا بۇرۇلدى. ...

* *

ئابلەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شېرىنگۈل خېلىغىچە ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇ ئىچىدىكى ئاچچىق ئەلىمىنى چىقىرىپ بولالمىغانىدى، ئۇنىڭ نى-نى ئاچچىق گەپلىرى بار ئىدى، ئابلەتنى قىلغىنىغا تويغۇزۇپ پۇشايمان قىلغۇزماقچى ئىدى. لېكىن ئابلەت ئۇنى ھەنستىمگەندەك يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتتى، «قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل» دېگەندەك قىلىۋاتقىنىنى قارا، ئۇ زادى نېمىسىگە ئىشىنىدۇ؟ ...

شېرىنگۈل ئىشىككە خېلىغىچە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئابلەتكە تېگىپ زادى نېمىگە ئېرىشتى؟ ئابلەت كاشكى چىرايلىق بولسىمىغۇ؟ ئۇنىڭدا نە چىراي يوق ۋە ياكى قىزلارنى جەلپ قىلغۇدەك قىلىقلىرى يوق. ئۇ تۇرغان-پۈتكىنى بىر كېسەك، ئىشلىسىلا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىگىنىنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى بار؟ يا ئويۇن-تاماشىنى بىلمەيدۇ، ياكى قولغا كەلگەن راھەتتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۇقمايدۇ، ھېلىمۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ رايى بويىچە شۇنچە يىل چىدىدىم، ئاخىرى مانا نېمە قىلدى؟ يوغىناپ پاتمايلا قالدى. ھەممىنى قىلغان يۈسۈپ ئاكام، تازا خوپ بولدى. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بۇنداق ئۆينى ئۆزى تۇتۇۋالسۇن ...

شېرىنگۈل بىر قۇر كىيىملىرىنى سومكىغا سالدى-دە، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كوچىغا چىقتى.

شېرىنگۈل تېز-تېز مېڭىپ كوچىغا چىقتى. ئىستولبىلاردىكى لامپۇچكىلار قاراڭغۇ

www.uyghurkitap.com

كوچىنى سۈس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئادەملەر شالاڭ ئىدى. شېرىنگۈل تونۇشلارنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ پىيادىلەر يولىدا ماڭدى. چوڭ ئۆيگە يەنە ئۈچ كىلومېتردەك مېڭىش كېرەك ئىدى، يۈسۈپ ۋالىينىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئۇنىڭ رايى بارمىدى، ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز پاراكەندىچىلىكىمۇ يېتىپ ئېشىۋاتقاندا ئۇ نېمە دەپ بارىدۇ؟ لېكىن ئەمدى قايتىش مۇمكىن ئەمەس، زادى ئابلەتكە بىر تېتىتىپ قويغۇدەك يېرى كەلدى، ئۇ زادى نېمىسىگە ئىشىنىپ شۇنچىلا يوغانچىلىق قىلىدۇ؟ ماڭا كاچات سالغىنىڭنىڭ پۇشايمىنىنى كۆرسەن تېخى، مەن كىم، سەن كىم؟...

ئارقىدىن غۇۋا كوچىنى يورۇتۇپ بىر كىچىك ماشىنا يېتىشىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئون قەدەم ئۆتۈپ چىپپىدە توختىدى، شېرىنگۈل ماشىنىنى تونىدى، بۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ «سانتانا» ماركىلىق يېڭىنىڭ ماشىنىسى ئىدى. «ھىم، چىدىماي ئارقامدىن كەپسەن - دە، ئويلىدى ئۇ، — بۇنىڭغا ئېرىيدىغان شېرىنگۈل يوق، بۈگۈن ساڭا بىر كۆرسەتمەيدىغان بولسام ...» شېرىنگۈل بېشىنى تولغىدى - دە، ئۇدۇل ماڭدى.

— شېرىنگۈل!

بۇ، ئابلەتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشمايتتى، شېرىنگۈل چۆچۈپ بۇرۇلدى. ئۇستىدە ئالدىدا غوپۇر تۇراتتى.

— شېرىنگۈل، بۇ كېچىدە نەگە ماڭدىڭىز؟

شېرىنگۈل ھودۇقۇپ قالدى.

— ھە، — چوڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەي دېگەن ...

— يالغۇز مېڭىپسىزغۇ، ئابلەت قېنى؟

— ئۇ چىقىپ كەتكەنىدى. باللار شۇ يەردە ئىدى، — شېرىنگۈل سەۋەب تېپىشقا تىرىشتى.

— پىيادە قاچان بارىسىز، يۈرۈڭ بىز ئاپىرىپ قويايلى.

شېرىنگۈل قارشىلىق قىلمايلا ماشىنىغا ماڭدى.

— ئۈرۈمچىدىن بىر مېھمان كەلگەن، شۇنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىشىم ئىدى، — دېدى غوپۇر شېرىنگۈلگە قاتار ئولتۇرۇپ، — قارىسام يالغۇز كېتىۋاتىسىز، سىزنىڭ مېڭىشىڭىزدىنلا تونۇۋالدىم، — ئۇ شېرىنگۈلنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ ئىششىغانلىقىنى سېزىپ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقۇپمۇ بولدى. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، بەدىنى تىترىگەندەك بىلىندى، — سىزمۇ تازا قارام ئىكەنسىز - دە، شېرىنگۈل، شۇ كېچىدە يالغۇز ماڭغىنىڭىزنى؟

— نېمىدىن قورقاتتىم؟

— ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلىشىڭىز كېرەك - تە. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەن شەھەر باشلىقىنىڭ ئايالى، كىشىلەر كۆرسىمۇ نېمە دەپ ئويلايدۇ؟ ...

— ۋاي قويۇڭا شەھەر باشلىقىڭىزنى، — شېرىنگۈل ئاچچىقى بىلەن بېشىنى سىلكىدى، — ئەسلىدە شۇ تەرجىمانلىقنى قىلىش لايىقكەن ئۇنىڭغا، ھېچنېمە كۆرمىگەن پەس ...

— شېرىنگۈل! — غوپۇر ئۇنىڭغا سەپسالدى، — نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە ...

غوپۇر شېرىنگۈلنىڭ تۇرقىدىن ھەممىنى چۈشىنىپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ھەي ... — غوپۇر ئېغىر خىرسىنىپ قويدى، — ئابلەت مۇشۇ ئىشتا سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويدى، ئاڭلىسام، يۈسۈپ ۋالىي بالىنىستا يېتىپتۇ دەيدۇ، شۇ ئادەمنىڭ ئابرويىنى قىلىش كېرەك ئىدى - دە ... جەمئىيەت دېگەندە ئۇنداق، بۇنداق ئىشلار دېگەن تۈگىمەيدىغان گەپ، بۈگۈن بىرنى ھەل قىلسىڭىز ئەتە يېڭى بىر زىددىيەت چىقىپ تۇرىدۇ. سىز ئۇنى ھەل قىلىپ تۈگىتەلمەيسىز، ئابلەت بىلسە بەزى كونكرېت ئىشلارغا قول تىقماي، چوڭراق ئىشلارنى ئىگىلەپلا تۇرسا بولاتتى، شەھەردىمۇ بۇ ھەقتە غۇلغۇلا چىقىپ كەتتى ... مەھەللىڭىزگىمۇ كېلىپ قاپتۇق - قۇ.

ماشىنا چوڭ كوچىدىن قايرىلىپ تار، قاراڭغۇ كوچىغا كىردى. غوپۇر بۇ كوچىلارنى ئوبدان بىلەتتى. بىر چاغلاردا ئۇ شېرىنگۈلنى ۋېلسىپىتتە تالاي قېتىم كېچىلەردە ئەكېلىپ قويغانىدى. ئەنە ئاۋۇ كۆۋرۈك بېشىدىكى قارىياغاچ تۈۋىدە ئۇ تۇنجى قېتىم بۇ قىزغا يۈرەك سۆزىنى ئىزھار قىلغان، ئۇلار ئەنە شۇ تارغىنا ئۆستەڭ بويىدا ئاجايىپ شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزگەنىدى. كېيىن ئۇ، بۇ مەھەللىگە ئاياغ باسماس بولدى.

— بۇ ياغاچ كۆۋرۈك تېخىچە بار ئىكەن - ھە؟ — غوپۇر ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا سورىدى.

— نېمە دېدىڭىز؟

— كۆۋرۈكنى دەيمەن، شۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىكەن.

شېرىنگۈل لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا يەرگە قارىۋالدى. ماشىنا كەڭ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— رەھمەت سىزگە، — شېرىنگۈل ماشىنىدىن چۈشۈپ غوپۇرغا خوش ئېيتتى.

— نېمىسگە رەھمەت، ماشىنا كېرەك بولسا، تېلېفون بېرىڭ، تېلېفون نومۇرىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

— ئابلەتكە گەپ - سۆزىڭىز يوقمۇ؟

شېرىنگۈلنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىنلا قايرىلىپ ماڭدى، غوپۇر بولسا، ئۇنىڭ ئەۋرىشىم قامىتىگە زوق بىلەن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

8

شېرىنگۈل يامانلاپ كەتكىلى ھەپتە بولاي دېدى، ئابلەت بالىلارنى سېغىندى، لېكىن بېرىشقا پېتىنالمايتتى، ئۇ شېرىنگۈلنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر بارغۇدەك بولسا، پۈتۈن مەھەللە ئالدىدا ئىتتى قوغلىغاندەك ھەيدەپ رەسۋا قىلىشى تۇرغانلا گەپ. بۇنداق چاغلاردا شېرىنگۈل يۈز - خاتىرە دېگەننى قايرىپ قويىدۇ... ياكى چوڭراق بىرەر ئايالنى ئەۋەتىپ باقسۇنمىكىن؟ ... ھەي، ئابلەت نېمىشقىمۇ بۇ ئىشقا چېتىلدىكىنا؟ لېكىن ئۇ بىر ئىنساننىڭ؛ ياش بىر غۇنچىنىڭ ۋاقىتسىز غازاڭ بولۇشىغا قانداق قىلىپ چەتتە قاراپ تۇرالايدۇ، ئۇمۇ ئىنسان ئەمەسمۇ؟ ناۋادا شېرىنگۈل ئۇنىڭ ئورنىدا بولسا قانداق قىلار

ئىدى؟ شېرىنگۈل نېمىشقا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ؟

ئابلەت پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە سېلىشقا سەۋەبچى بولغان قىز — گۈلنار بىلەن تۈنۈگۈن كۆرۈشتى. ئابلەت ئەتىگەندە ئەدىلا ئىشخانىغا كىرىپ تۇراتتى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىچىسى ئۇنىڭ قېشىغا ئوتتۇرا بوي، تاتىراڭغۇ چىراي، ئورۇق بىر قىزنى باشلاپ كىردى.

— بۇ قىز سىلى بىلەن كۆرۈشسەم، دەيدۇ، — دېدى ئالاقىچى ۋە قىزنى كىرىشكە شەرەت قىلدى، — ئا سىجاڭ دېگەن مانا مۇشۇ كىشى، سىزنىڭ ئىسمىڭىز ...

— گۈلنار.

ئابلەت ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— گۈلنار؟ ... ھېلىقى ئەرز يازغان قىز سىزمۇ؟

— ھەئە.

قىز ئەيمەنمەي، قورۇنۇش ئىچىدە ئىشىك تۈۋىدە يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئابلەت قايتا-قايتا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن تارتىنغان ھالدا كىرىسلونىڭ چېتىگە جايلاشتى.

ئالاقىچى چىقىپ كەتتى. ئابلەت قىزغا سەپسالدى. يۈزى سەل سوزۇنچاقراق، قىر بۇرۇنلۇق بۇ قىزنىڭ چىرايى يېقىملىق ئىدى. ئۇنى شۇ تۇرقىدا بىرەر دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان بۈۋىمگە ئوخشىتىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ياشلىق، قىزلىق نۇر يالقۇنجاپ تۇراتتى. «بۇ قىز قانداقمۇ ياقۇپ داموللىغا مۇناسىپ بولسۇن؟»

— ئەھۋالىڭىز قانداق گۈلنار قىز؟ — ئابلەت تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇرۇپ سورىدى.

— سىلىگە كۆپ رەھمەت ئابلەت ئاكا، — قىز ئاخىرى زۇۋانغا كىردى، — سىلى مېنىڭ ئۆز ئاتا-ئانامدىنمۇ زىيادە ياخشىلىق قىلدىلا، ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، خۇدايىم ... — قىز سەل قىزىرىپ توختاپ قالدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز سىڭلىم، سىز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ ياخشى قىلدىڭىز، ئاتا-ئانىڭىز قانداق قاراۋاتىدۇ؟

— دادام بىرنەچچە كۈنگىچە قاتتىق خاپا بولدى، تىللىدى، ھەتتا ئۇردى، لېكىن مەن چىدىدىم، داموللىدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇرسەن بولدۇم، كېيىن دادامنى ئەل-يۇرتمۇ قاتتىق ئەيىپلىگەن ئوخشايدۇ، ھازىر كارى بولماس بولدى.

— ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ يەنە دىنىدە ئوقۇمسىز؟

— ياق، ئەمدى ئوقۇمايمەن.

— ئۇنداقتا ...

ئەمدى مەن ئوقۇش يېشىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتىم، ئامال يوق، شۇڭا بىرەر يەردە ئىشلەي دېگەنىدىم، — گۈلنار ئۈمىد بىلەن ئابلەتكە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

— ياخشى، ئوبدان ئويلاپسىز، نەدە ئىشلەي دەۋاتىسىز؟ ...

ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن، ئاڭلىسام تازىلىق ئىشچىلىقىغا ئادەم ئالغۇدەك دەپ ئاڭلاپ قاشلىرىغا يەنە ئاۋارە قىلىپ كېلىشىم ...

www.uyghurkitap.com

— تازىلىق قىلامسىز؟ كوچا سۈپۈرىدىغان ئىشنى قىلامسىز؟ — ئابلەت سىناش نەزەرىدە سورىدى.

— قىلىمەن.

— ياخشى ئويلاپسىز گۈلنار، بۇ تەلىپىڭىزگە مەن ياردەم قىلالايمەن، — ئابلەت بىر پارچە قەغەز ئالدى - دە، تېز - تېز خەت يېزىشقا باشلىدى، — مانا بۇنى ئېلىپ مۇھەببەت ئاسراش ئىدارىسىگە بېرىپ روزى دېگەن ئادەمنى تېپىڭ، مەنمۇ تېلېفون بېرىپ قويىمەن. گۈلنار سىڭلىم! تىرىشچان، غەيرەتلىك بولۇڭ، تۇرمۇشتا يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن، ھەرگىز روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ.

گۈلنار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ خېلىغىچە خىيال قىلىپ ئولتۇردى. گۈلنارنىڭ ئەركىنلىك، ئۈمىدتىن پارلىغان چېھرى خېلىغىچە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ھەر ھالدا ئۇ بىر ئىنساننى، بىر ياشنى ئىستىقباللىق قىلدى، كىشىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈشتىنمۇ راھەت ئىش بارمۇ دۇنيادا ... بۇ ئىش ئابلەتنىڭ پۈتۈن خاپىلىقىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇردى.

ئادەتتە ئۇ ئىشخانىدا ئىش بىلەن بەنت بولۇپ يالغۇزلۇق، زېرىكىشلىك ھېس قىلمايتتى، پەقەت ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنلا ئۇنى مىسكىنلىك، غېرىپلىق باساتتى، شېرىنگۈل ۋە بالىلار خۇددى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇندىق ئادەم يوقتەك ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىشتى، ئۇنى ئەسلەپمۇ قويۇشمىدى. ئۇ ۋالىينىڭ بالىنىستا ياتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بېرىش - بارماسلىقتىن بىر قارارغا كېلەلمەي يۈردى. ئاخىرى نېمە بولمىسۇن بېرىپ يوقلاش نىيىتىگە كەلدى ۋە ئىشتىن چۈشۈپ بىر سومكىغا بازاردىن مېۋە - چىۋە، كېنسېرۋالاردىن ئېلىپ دوختۇرخانىغا باردى. ئۇ دوختۇرلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ ۋالىينىڭ باغ ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئايرىم بالىنىستا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ئۇدۇل شۇ ياققا ماڭدى. يۇسۇپ ۋالىي گۈللۈكنىڭ ئالدىدا كەچلىك ھاۋا يەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ئايالى تۇخان، قېيىن ئاتىسى ۋە شېرىنگۈل بار ئىدى. ئابلەت يىراقتىن ئۇلارنى تونىدى ۋە ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ يېتىلەپ ماڭدى. لېكىن ئۇ ئەللىك مېتىردەك قالغاندا ئۇلار ھەممىسى قوزغىلىپ بالىنىستقا قاراپ مېڭىشتى، شېرىنگۈل بولسا، ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىپ ئابلەتكە قاراپ يەرگە بىر تۈكۈردى ۋە:

— نومۇس قىلماي كەلگىنىنى قارا يۈزىنىڭ، — دېدى - دە، تاقىلداپ دەسسەپ بىناغا كىرىپ كەتتى.

ئابلەت تۇرغان جايىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ھاقارەت، خورلۇقتىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ، پۈتۈن ئەزايىنى تىترەك قاپلىدى. ئابلەت شۇنچىۋالا نېمە گۇناھ قىلدى؟ شېرىنگۈلنىڭمۇ مىجەزى ئۇنىڭغا ئايان، لېكىن ۋالىينىڭ نېمە قىلغىنى؟ ئۇ بىر رەھبەرغۇ، ئۇ بولسىمۇ توغرا چۈشىنىشى، ئايالىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلىشى كېرەك ئىدىغۇ ... بۇ تۇرقىدا ئۇلار ئابلەتتىن قاتتىق رەنجىگەندەك تۇرىدۇ، ئۇنى كۆرۈشنىمۇ خالىمىدى. «بوپتۇ ...» ئابلەت ۋېلىسىپىتنى قايتۇردى - دە، قايتىپ ماڭدى ...

ئابلەتنىڭ كۆز ئالدىدىن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتۈشكە باشلىدى. بۈگۈنكى يىغىندا يەنىلا ياقۇپ داموللا

www.uyghurkitap.com

مەسىلىسى قارالدى، رېۋىزىيە كومىتېتى قايتا تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. پاكىتلار ئېنىق، مەسىلە ئايدىڭ ئىدى.

— دېمەكچە، بۇ مەسىلىنى يەنە كەينىگە سوزۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئابلەت بىرىنچى بولۇپ پىكىر قىلىپ، — بىز ئەگەر دۆلەت قانۇنىنى قوغدايدىكەنمىز، بۇ مەسىلىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك، مەن يەنىلا ئاۋۋالقى پىكرىمدە تۇرىمەن، قانۇننى ئاياغ - ئاستى قىلغان بۇ كىشىلەرگە مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جوقۇم چارە كۆرۈش كېرەك.

پارتكومنىڭ يېڭى شۇجىسى سۇڭ شۈەجۇڭمۇ ئابلەتنىڭ تەكلىپىنى قوللىدى، يىغىن تولا تالاش - تارتىش قىلمايلا بۇ ھەقتە قارار قوبۇل قىلدى ...

بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى ئىشلار ئابلەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكتە، كۈنلەر خۇشاللىقتىن تولىراق خاپىچىلىق، غەم - غۇسسە، جىددىيلىك بىلەن تۈگىمەكتە، ئاخىرى نېمە بولاركىن؟ ... ئابلەت ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇشتىن زېرىكتى، ئۇ بىردىنلا غوپۇرنى ئەسلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇڭدىشىپ كەلگۈسى كەلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيدى.

* *

شېرىنگۈل ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئابلەتنى، ئۆيىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى باغلاقتىن بوشانغان مۇزايدەك ئەركىن يايراپ قىيغىتىشقا باشلىدى. ئاپىسى بولغان ئىشنى ئاڭلاپ ئابلەتنى بىر ھازاغىچە تىللىدى:

— تېخى قول سالغۇدەك بوپتۇمۇ ئۇ تېگى پەس، ئاشۇ يۇسۇپ ئاخۇننىڭ يۈزىنى دېمىگەن بولساق، ئۇ قارا كۆمەچكە چۈشۈپ قالغان قىزىم يوق ئىدى، شۇنچە ئەتىۋارلىغاننى بىلمىدى بۇ پەس، خەپ ئۆزىگىمۇ قىلدى، يۇسۇپ ۋالىيمۇ پۇشايماننى ئالدىرىغان قاچا تاپالماي يۈرىدۇ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماي ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈۋېرىڭ قىزىم ...

شېرىنگۈل ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ جېدىلىنىڭ تولا ئەھمىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئابلەتنىڭ شەھەر باشلىقى بولغاندىن كېيىن نېمىلەرنى ھەل قىلىپ، قانداق ئىشلىگەنلىكىنىمۇ ھېچقاچان سورىمىغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇ ئىشلارغا قىزىقمايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى دەبدەبىلىك كىيىم، ئويۇن - تاماشا كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۆيدىكىلىرىنىڭ، ئاچىسى ۋە يۇسۇپ ۋالىينىڭ ئابلەتنىڭ قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدىكى پاراڭلىرىغا ئۇ قىلچىمۇ قىزىقمىدى، ئەكسىچە ئۇ بۇرۇقتۇم بولغان كۆڭلىنى قانداق ئېچىشنىڭ خىيالىنى قىلىشقا باشلىدى.

قايسى كۈنى غوپۇرنىڭ ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇشى شېرىنگۈلدە ئاللىقاچان كۆمۈلگەن يوشۇرۇن چوغنى كوچىلاپ ياندۇرغاندەك بولدى. ھېلىقى بىر چاغدا ئابلەت غوپۇرنى ئۆيىگە باشلاپ كەلگەن كۈنىمۇ شېرىنگۈل خېلى بىر ۋاقىتقىچە تولغىنىپ ئۇخلىيالمىغان، ئۇنىڭ دۇتارنى ئوينىتىپ چېلىشلىرى، خۇمارلىق بېقىشلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇۋالغانىدى. تەقدىر زادى ئۇنىڭغا نېسىپ قىلغانمىدىكىن، مانا شېرىنگۈل ئابلەتتىن تاياق يەپ ئازابلىنىپ ماڭغاندا، غوپۇر يەنە ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويدى، ئابلەت شەھەر باشلىقى بولغىلى بىر يىل بولاي دېدى، لېكىن ئۇنى تۈزۈك-

كىنە ماشىنىدا بىرەر يەرگە ئېلىپ بارەمدى، ئوينىتىپ قويەمدى، ئۇنىڭ يەنە نېمىسىنى ئارزۇلايدۇ، ھېلىقى ئاخشامدىن كېيىن غوپۇر بىلەن شېرىنگۈل بىر - ئىككى مېھمانىدارچىلىقتا بىللە بولۇپ قالدى، قايتىشتا غوپۇر شېرىنگۈلنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى. ئۇ كىشىنى زېرىكتۈرۈپ بىزار قىلىدىغان خىزمەت توغرىلىق بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى، ئۇ ھامان يىگىت چاغلىرىدەك خۇش خۇي، چاقچاقچى ئىدى...

بۈگۈن ئىشتىن چۈشەرگە يېقىن شېرىنگۈل غوپۇرغا تېلېفون بەردى.

— غوپۇرمۇ سىز؟ — دېدى ئۇ تېلېفوندىكى ئاۋازنى تونۇپ، — كەچتە نېمە قىلىسىز؟

— بىكارچىلىق، — غوپۇر ئەندىكتى.

— ھەي قارا، — شېرىنگۈل ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ ئاۋازىنى پەسەيتتى، — سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ؟

— ھەئە، بىزنىڭ ئايال ئۆگىنىشكە كەتتى دېمىدىممۇ؟ نېمە، ئابلەتكە يەتكۈزىدىغان گەپمىدى؟

— ھەئە، — شېرىنگۈل باشقا گەپ قىلماستىن تېلېفوننى قويۇپ قويىدى.

شېرىنگۈل ئىدارىدىن بالدۇرلا قايتتى، ئۆيگە بېرىپ يۈز كۆزىنى يۇدى، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، ئالدىرىماي ئۆزىگە پەداز قىلدى. خەيرىنىسا خېنىم ئۇنىڭدىن سورىدى:

— كىمنىڭ چېيى ئىكەن قىزىم؟

— سىز تونۇمايسىز ئاپا، بىر دوستۇمنىڭ بۆشۈك تويى، — شېرىنگۈل ئايدەك تولغان ھالدا كوچىغا چىقتى.

غوپۇر ئىشتىن يېنىپ كېلىپ ئۆيىنى بىر قۇر رەتلەپ تەرتىپكە سالدى، ماگىزىنغا چىقىپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى تاتلىق - تۈرۈملەردىن ئەكىرىپ قويدى. ئۇ ھاياجانلىناتتى، دالاندىكى تىرىق قىلغان ئاۋازغا چۆچۈپ قۇلاق سالاتتى. ئەلۋەتتە غوپۇر ئۈچۈنمۇ بۇلار خۇددى بىر چۈشتەكلا ئىدى. توغرا، ئۇ شېرىنگۈلنى ياخشى كۆرەتتى، ئادەتتە چاندۇرمىغان بىلەن ئابلەتنىڭ ئۇنى ئۆزىدىن تارتىپ كەتكەنلىكىنى زادىلا كەچۈرەلمەيتتى، ئۇنى ئاز دەپ بۇ قېتىم ئۇ شەھەر باشلىقلىقىنىمۇ تارتىۋالدى. شۇڭا غوپۇر ئابلەتنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر كۈشەندىسى دەپ بىلەتتى. بولسا ئۇ شۇ تاپتىلا ئابلەتنى يەنچىپ تاشلىغۇسى بار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ كەينىدە يۈسۈپ ۋالىيدەك ئادەم تۇراتتى - دە، غوپۇر ئىلگىرى نىياز ھاكىم تەرەپتە تۇرۇپ زىيان تارتتى، يۈسۈپ ۋالىي ئۇنى شەھەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق نامزاتىدىنمۇ قالدۇرۇۋەتتى، ئۇ نەچچە كۈنگىچە ئەلەم چېكىپ يۈردى، ئابلەتنىڭ ئۆزىگە باشلىق بولۇشى ھار كەلدى، لېكىن ئامال قانچە... غوپۇر پۈتۈن ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، سەۋر بىلەن پۇرسەت كۈتتى.

مانا ئاخىر شۇ كۈنمۇ كەلدى، ياقۇپ داموللا مەسىلىسى ئابلەت بىلەن يۈسۈپ ۋالىينىڭ ئارىسىغا يىرىكلىك سالدى، ئابلەتمۇ ئۆز مەۋقەسىدىن كەچمەيدىغاندەك، يۈسۈپ ۋالىيمۇ ئۇنى كەچۈرمەيدىغاندەك تۇراتتى. غوپۇر بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە بەل باغلىدى ۋە شۇڭلاشقا شېرىنگۈلگە يېقىنلاشتى. ئۇ شېرىنگۈلنىڭ بۇنچىلىك تېز ئىندەككە كېلىشىنى ئويلىمىغانىدى، قارىغاندا ئۇ تېخىچىلا غوپۇرنى ياخشى كۆرسە كېرەك. غوپۇر خۇشال ئىدى، ئىستىقبال ئۇنىڭغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن جىلۋە قىلاتتى...

دالاننىڭ ئىشكى يېنىككىنە چېكىلدى، غوپۇر چاچراپ تۇرۇپ ئىشىككە يۈگۈردى. ئىشىكتىن ئۆزى بىلەن ئۇپا - ئەتىرنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقىنى ئېلىپ شېرىنگۈل كىرىپ كەلدى. بۈگۈن ئۇ قىسقا يەڭ ھاۋارەڭ گىرىبتىشىندىن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، بۇ كىيىم ئۇنىڭ نازۇك بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ تۇراتتى. بوينىغا ئاسقان قاتار مەرۋايىتلار كۆزنى چاقنىتاتتى.

— كېلىڭ، — دېدى غوپۇر ئۆزىنى ئاران قولغا ئېلىپ، شېرىنگۈل بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزىگە كۈندىكىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— كەچتە كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلدىم، — شېرىنگۈل نازلىق تەبەسسۇم بىلەن غوپۇرغا تىكىلدى، — قارشى ئالارسىز؟

— نېمىشقا قارشى ئالمايمەن؟ ھېلىمۇ ئۇزۇن يىللار بولدى، سىزغۇ ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋەتتىڭىز، مەن ھەر كۈنى سىزنى ئەسلەپ يۈردۈم، ئۇخلىسام چۈشۈمدىن چىقمايسىز، ماڭا قالتىسمۇ ئەلەم قىلدىڭىزغۇ شېرىنگۈل.

— ماڭا نېمە ئامال.

— مەنغۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزنى چۈشىنىمەن، شۇڭا ئەيىبىنىمۇ سىزگە قويمىدىم، لېكىن سىزگە بەزىدە ئىچىممۇ ئاغرىيدۇ، ئابلەت بىلەن مەن بىر ياتاقتا نەچچە يىل بىللە ياتقان، ھەججەزىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنى مەكتەپتە كۆزگىمۇ ئىلمايتتۇق، قاتارغىمۇ يوق ئىدى. تەلەي دېگەن قالتىس نېمە ئىكەن، جەمئىيەتكە چىقىپ چوڭ ئادەم بولۇپ كەتتى. تىۋۋا دېمىسە... مەن بىر نەرسىگە ھەيرانمەن، سىز شۇنچە يىل قانداقمۇ زېرىكمەي بىر ئۆيدە ئۆتتىڭىزكىن - تاڭ؟

شېرىنگۈل ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، مەن تېخى بوپتۇ دېسەم، كۆردىڭىزمۇ قىلىۋاتقىنىنى، ئەمدى زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى غوپۇر.

غوپۇر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۆتكەن ئىشلار كەتتى، شېرىنگۈل، — دېدى ئۇ شېرىنگۈلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ، — ئەمدى دىلىڭ ئاھ ئۇرساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، سىز بىلەن بىز ھېلىمۇ ياش، قېرىشىپ ھاسىغا چۈشۈشكە خېلى يىللار بار، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمىزنى بولسىمۇ، كۆڭۈللۈكرەك ئۆتكۈزسەك بولىدۇ، قانداق دەيسىز؟

شېرىنگۈل غوپۇرغا مەستانىلىق بىلەن قارىدى.

— شېرىنگۈل، مەن ئايالىمنى قويۇۋېتىدىغان بولدۇم.

— راستمۇ؟ — شېرىنگۈل ئىتتىك غوپۇرنىڭ قولىنى تۇتتى، ئۇنىڭغا تەلمۈردى، — غوپۇر! مېنى كەچۈرەمسىز؟

— سىزدە گۇناھ يوق.

— مەنمۇ ئۇ كالۋادىن ئاجرىشىمەن.

— سىجاڭنىڭ خانىمى بولمامسىز؟

— ۋاي قورۇپ كەتسۇن، ئەمدى ئۇنىڭ سىجاڭلىقىنىڭمۇ ساناقلىق كۈنى قالدى. غوپۇر، ۋەدە بېرىڭ، مېنى ئالدىماسسىز؟

— مەن شۇ كۈننى كۈتكىلى نەۋاخ جېنىم.

— مەن ئەمدى سىزنىڭ، ئۆمۈرۋايەت سىزنىڭ...

تەشنالىق بىلەن تىترىگەن لەۋلەر جۈپلەشتى، قوللار گىرەلىشىپ، مۇھەببەت لەززىتىدە بىمابىتەك ئېرىگەن تەنلەر چىرمىشىپ كەتتى...



ئۇلارنى ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى هوشىغا كەلتۈردى. غوپۇر چۆچۈپ ئىشىككە قارىدى ۋە چىرايى تام بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بوسۇغىدا ئۇلارغا قاراپ ئابلەت تۇراتتى. ئۇمۇ بۇ مەنزىرىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بولسا كېرەك، دەسلەپ هاڭۋاقتان هالدا چەكچىيىپ قېتىپلا قالدى، كېيىن كۆزلىرىگە قان قۇيۇلدى، مۇشتۇمى ئۆز-ئۆزىدىن تۈگۈلدى، ئۇنىڭ تۇرقى قورقۇنچلۇق تۇس ئالدى. شېرىنگۈل كىرىسلودىن تۇرۇپ ئۈستى-بېشىنى تۈزەشتۈرۈپ دېرىزە ئالدىغا ئۆتۈپ تۇردى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن بۇ ئىشنى هار ئالغاندەك ئەمەس ئىدى. غوپۇر بولسا جايىدا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئولتۇراتتى.

ئارىدىن قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئابلەت ئېغىر بىر خورسىندى ۋە گەپ-سۆزمۇ قىلماستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

* *

كىشىگە ئامەت كەلسىمۇ، ئاپەت كەلسىمۇ كەينى-كەينىدىن كېلىۋېرىدىكەن. تېخى بىر يىل ئىلگىرى ئابلەت شەهەر باشلىقى بولۇپ ۋىلايەتتە هەممىنى هەيران قالدۇرغانىدى. بۇ ئويلىمىغان ئامەت ئىدى. نۇرغۇن كاندىداتلار رەت قىلىندى. شۇ چاغدا هەپتە، ئون كۈنگىچە ئادەتتىكى پۇقرادىن تارتىپ ۋالىي مەهكىمىنىڭ بۆلۈملىرىگىچە بۇ هەقتە گەپ بولۇنغان، باش چايقاش، هەيران بولۇش، مەسخىرە قىلىش ۋە كۆرۈپ بېقىشلار هەممە سورۇنلاردا بولۇنغانىدى، ناهايىتى كەمدىن-كەم كىشىلەر بۇنى قوللىغانىدى. مانا ئون ئاي ئۆتتى، بۈگۈن يەنىلا پۈتۈن شەهەرنى ئابلەت ئۈستىدىكى پاراڭلار قاپلىدى.

ئىدارىدىكىلەرنىڭ، كوچىدا كىشىلەرنىڭ خۇددى ئۇنى بۈگۈنلا كۆرگەندەك قىزىقىش، ئەجەبلىنىش بىلەن قاراشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقاتتى. ئۇ كىشىلەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ۋېلسىپىتنى تاشلاپ ماشىنىدا بېرىپ كېلىدىغان بولدى، ئاممىۋى سورۇنلارغىمۇ چىقماس بولدى. ئىزا، نومۇس ئۇنىڭ يۈرىكىنى قان قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قانچە خاتىرجەم تۇتۇشقا، چاندۇرماسلىققا سالسىمۇ، يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىغا كېلىۋېلىپ قوچۇيتتى. ئۇ شېرىنگۈلگە نېمە يامانلىق قىلدى، شۇنچە يىللار ئۇلار قانداق ئۆتتى؟ توغرا، شېرىنگۈل غوپۇر بىلەن يۈرگەن، لېكىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەنىدى. ئەجەبا، بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ يەنىلا غوپۇرنى تېپىپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا غېپۇردا ئىكەن ـ دە. ئابلەت نېمىشقا بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى؟... باللارنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە كەتكەن بولسىمۇ بۇ ئىشلار بولماس ئىدى. مانا ئون يىللىق ئائىلە، ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا. ياق، ئۇ ئەسلىدە شېرىنگۈل بىلەن تېي قىلماسلىقى كېرەك ئىكەن. ئەينى چاغدا بۇ «تەشكىلنىڭ رايى» بىلەن بولغان. شۇڭا شېرىنگۈل خېلى يىللارغىچە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرمىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا خۇشاللىقتىن كۆرە خاپىچىلىق تولىراق بولدى. ئابلەت ھەممىگە سۈكۈت قىلدى، تۈزۈلۈپ قالار، دەپ سەۋرى قىلدى، شېرىنگۈلنىڭ رايىغا باقتى. مانا ئاخىرى نېمە بولدى؟ ئەمدى بۇ دەرزنى ياماشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئۇ ھامان تاتۇق بولۇپ قالىدۇ.

ئابلەت ھېلىقى ۋەقە بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن شەھەرلىك سوتنىڭ باشلىقىنى چاقىرتىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پارچە قەغەزنى قويدى.

— بۇ مېنىڭ ئىلتىماسىم، بولسا تېزرەك بىر تەرەپ قىلىۋەتسەڭلار.

سوتنىڭ باشلىقى قەغەزگە تېز ـ تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ئاسىجاڭ، — دېدى ئۇ سەل ئەجەبلىنىپ، — بۇنىڭ تەسىرى...

— بولدى، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئابلەت، — مەن كۆپ ئويلىدىم، بىر ئايرىلىپ كەتكىنىمىز تۈزۈككەن. ئۇمۇ ئۆز كۆڭلى خالىغان ئادەم بىلەن ياشىسۇن... سىزدىن ئۆتۈنەي، بولسا تېزرەك بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭلار!...

سوت باشلىقى نەسىھەتنىڭ كار قىلماسلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ ... «ھەي» دەپ ئىچىگە ئېغىر بىر تىندى ـ دە، ئابلەتنىڭ ئىلتىماسىنى پورتفېلىگە سېلىپ چىقىپ كەتتى. ئابلەت ئېغىر بىر يۈكنى يەلكىسىدىن ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كەلدى، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان، ئۇنىڭ ساغۇچ نۇرلىرى كېچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سارغايغان يوپۇرماقلار يۈزىدە يالتىرىماقتا ئىدى. كوچا ئىشتىن قايتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن تولغان، ئۇلار ۋېلسىپىتلىك، پىيادە ئۆيلىرىگە ئالدىراشماقتا، ئۆيدە ئۇلارنى ئاياللىرى، باللىرى، ئاتا ـ ئانىلىرى كۈتۈپ تۇرغاندۇ بەلكىم، تېخى يېقىندىلا ئابلەتمۇ شۇ كىشىلەر قاتارىدا ماڭغانتى. كېتىۋېتىپ، شېرىنگۈلنىڭ كەچتە نېمە تاماق ئەتكەنلىكىنى كۆڭلىدە پەرەز قىلاتتى. مانا ھازىر بولسا ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ كىشىلەر ئايىغىنىڭ شالاڭلىشىشىنى كۈتمەكتە، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئەمدى نېمىگە ئالدىرايدۇ؟ ئۆيدە ئۇنى كىم كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ يەنىلا ھۇۋۇلداپ تۇرغان تۆت تامنىڭ ئىچىگە بارىدۇ، پەرىشان، ئەلەملىك خىيال-

لارغا ھەمراھ بولۇپ كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ...

سىرتتا بارا - بارا كۆكۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. ئادەملەرمۇ شالاڭلىشىپ كوچا بوشاپ قالدى. ئابلەت ئىشخانىنى تاقاپ بىنادىن چىقتى. ئىدارىدە ئىنىسى - جىن قالمىغان ئىدى، ھەر كۈنى ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدىغان ماشىنا بۈگۈن يوق ئىدى. توغرا، ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى، ماشىنا بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى شوپۇر ئۇنىڭغا دېگەنىدى.

ئابلەت كوچىنىڭ چېتى بىلەن پىيادە قايتتى. ئۇ ئەتراپقا قارىماسلىققا تىرىشاتتى. ئارىلاپ كوچىدا ئۆتۈشكەنلەر ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا غازاڭلار شىلدىرلايتتى ۋە يېنىك شامالدا ئۇچۇپ يول ياقىسىدىكى ئېرىققا چۈشۈپ ئېقىپ كېتەتتى، ئابلەت ئويلاپ قالدى. بۇ ياپراقلار يېقىندىلا ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغان، كىشىلەرگە سايە تاشلىغانىدى، مانا بۈگۈن قۇرىدى، بەرگىدىن ئايرىلىپ سۇ بىلەن ئۈزمەكتە، بۇ سۇ ئۇنى نەلەرگە ئەكېتەركىن؟ بەلكىم دەريالارغا ئاپىرىپ تۆكەر، دەريالار بولسا ئۇنى تېخىمۇ يىراق چۆللەرگە ئېلىپ كېتەر... ھاياتمۇ شۇنداق ئىكەن، ئىنساننى خۇددى ياپراقتەك ئۇچۇرۇپ، نى قىسمەتلەرگە سالىدىكەن، ئابلەتنىڭ ھاياتمۇ شۇنداق بولدىمۇ...

— ئابلەت ئاكا! كەچ قاپسىزغۇ؟

ئابلەت يېنىدىلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئوڭ تەرەپكە قاراپ، يول بويىدا ئەخلەت ھارۋىسىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاق خالاتلىق بىر قىزنى كۆردى. ئۇ يېقىنراق كېلىپ ئۇنىڭ گۈلنار ئىكەنلىكىنى تونىدى.

— ھە، گۈلنارمۇ سىز؟ ئىشلەۋاتامسىز؟

— ھەئە، كەچ قاپسىزغۇ، ئابلەت ئاكا؟

— ھە... ئازراق ئىش بىلەن ئايلىنىپ قالدىم،— ئابلەت ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ كوچىدا بىر قىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشنى ئەپ كۆرمىدى.

— ئابلەت ئاكا،— گۈلنار تىترەك ئاۋازدا ئۈن قاتتى،— سىلىنى تازىمۇ خاپىلىققا قويدۇم، مېنىڭ بېشىمنى سىلايمەن دەپ ئۆزلىرىگە ئىش تېپىۋالدىلا...

— نېمە دەۋاتىسىز گۈلنار، ئۇنداق ئەمەس.

— ياق، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، ئابلەت ئاكا، مېنى كەچۈرسىلە.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ،— ئابلەت ئەتراپقا ئېھتىياتلىنىپ قارىدى،— ھېچگەپ يوق، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، سىڭلىم، كېرەك يوق...

ئۇ گۈلنار بىلەن خوشلىشىپ ئالدىغا ماڭدى. كوچا چىراغلىرى ئارقا - ئارقىدىن يانىدى، شەھەر كېچە گۈزەللىكى بىلەن نۇرلاندى، يول بويىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن كوچىغا سۈس يورۇقلۇق چۈشمەكتە.

ئابلەت تېخى ئون قەدەم ماڭمايلا گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە لوك - لوك دەسسەپ ئاستا كېلىۋاتقان نىياز مۇدىرنى كۆردى. مۇدىر يالغۇز ئۆزى ئىدى. بۈگۈن تونۇشبىلىشلەر كۆرمىسۇن دەپ شۇنچە كەچ ماڭغىنىغا قارىماي خۇددى ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مانا ئۇلار ماڭدامدا بىر ئۇچراشماقتا ئىدى، نىياز مۇدىر ئۇنى توندى بولغاي قەدىمىنى تېزلەتتى.

— ئاسىجاك، ئەمدى قايتتىلىمۇ؟— دېدى ئۇ ئاۋال ئېغىز ئېچىپ.

— ھە،— دېدى ئابلەت ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشىپ،— ئۆزلىرى ھاۋا يەپ يۈرگەن ئوخشىمامىلا؟

— ئۆيدە يېتىپ زېرىكىپ قالدىم، مۇنداق ئايلىنىپ كېلىشىم،— نىياز مۇدىر ئابلەتكە كۆيۈمچانلىق بىلەن تىكىلدى،— ئابلەت ئۇكام، ئائىلىلىرىگە پالاكەت كەپتۇ، ئادەم دېگەننى چۈشەنمەك تەس ئىكەن، غوپۇر دېگەن تۈزكور، نائەھلىنى بۇنداق قىلار دەپ زادىلا ئويلىماپتىمەن. ھەر ھالدا ئىچىڭلارنىمۇ تولا پىشۇرۇپ كەتمىسىلە، ئېغىر بولسىلا، خەلق سىلىنى ھىمايە قىلىدۇ.

ئابلەت گەپ-سۆز قىلمىدى. ئۇ گەپنى باشقا تەرەپكە يۆتكەشكە ئالدىرىدى.

— نىياز ئاكا، سالامەتلىكلىرى قانداقراق بولۇپ قالدى؟— دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ياخشى، قانداق دەيلا؟

— ئۆتكەنكى ۋەدىمىز يادىلىرىدىن چىقىپ قالمىغاندۇ؟

— يېزىلارغا بېرىشنى دەملا؟ ئېسىمدە، مەن تېخى سىلىنىڭ چولىلىرىنىڭ تېگىشىنى كۈتۈپ تۇرغان.

— ئۇنداقتا ئەتىگەنلىككە چىقىپ كېتەمدۇق؟

نىياز مۇدىر دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— ئۇنداق بولسا، ئەتىگەنلىككە سىلىنى چاقىرىمەن.

— ھازىر نەگە ماڭدىلا؟ ئۆيگە كىرىلى، ھەقىچان تاماقمۇ يېمىگەنلا؟

ئابلەتنىڭ شۇ تاپتا تەنھا بولغۇسى، ئۆتكەن ھەممە ئىشلار توغرىلىق خالى ئولتۇرۇپ ئويلاپ باققۇسى بار ئىدى. شۇڭا نىياز راخماننىڭ شۇنچە قاتتىق تۇرۇپ تەكلىپ قىلىشىغىمۇ ئۆزرە ئېيتتى.

— رەھمەت، كېيىنچە كىرەرمەن،— ئۇ خوشلىشىپ قولىنى سوزدى. نىياز مۇدىرمۇ ئارتۇقچە قىستىماستىن ئۇنىڭغا كۆرەكتەك يوغان قولىنى ئۇزاتتى.

كۈزنىڭ تىنچ، سالقىن كېچىسى، كۆكۈش، قاراتۇل ئاسمان قەھرىدە يۇلتۇزلار پارلىدى ۋە بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلار نېمە دېگەن جىق، نېمە دېگەن ئوماق... يۇلتۇزلار چىمىرلىماقتا، زېمىنغا، ئابلەتكە قاراپ كۆز قىسماقتا. ئابلەتنىڭ ئېسىگە بالىلىق چاغلىرى كەلدى. ئۇ يازنىڭ سالقىن تۈنلىرىدە ھويلىدا يېتىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى سانايتتى، ساناپ ھېرىپ قالاتتى، ئاخىرى ئۇ يۇلتۇزنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى مومىسىدىن سورىغانىدى.

— يارالتقان ئىگەم يەر يۈزىدىكى ھەر بىر بەندىسىگە بىردىن يۇلتۇزنى ھەمراھ قىلىپ بەرگەن، زېمىندىكى ئادەملەر قانچە بولسا، يۇلتۇزنىڭ سانىمۇ شۇنچە بولارمىش. كىمدەكىم ئەجەل يېتىپ ئۆلسە، ئۇنىڭ يۇلتۇزىمۇ ئېقىپ كېتەرمىش...— دېگەنىدى مومىسى ئۇنىڭغا. ئەنە بىر يۇلتۇز كېچە قاراڭغۇلۇقىنى قىلىچتەك كېسىپ ئېقىپ كەتتى، كىمگە ئەجەل كەلدىكىنە؟ ئۇنداقتا مېنىڭ يۇلتۇزۇم قايسىدۇر؟...

ئابلەت يۇلتۇزلار چىمىرلىغان ئاسمانغا ئۇزاق باقتى.

1987 - يىل، مارت، ئۈرۈمچى

ئوسمانجان ساۋۇت

# شېئىرلار

## ئاق قارغا پۈركەنگەن ئاق پەرى شەھرىم

تۆكۈلەر ئاق مەرمەر، ئاق ئالماس، ئاق قار،
ھەممە يەر ئاقچىلىق ئىچىلار بەھرىم.
ئاق لىباس ئىچىدە دىلدار سەن، دىلدار،
ئاق قارغا پۈركەنگەن ئاق پەرى شەھرىم.

مىڭ كۆز بار چاقنىغان بىر قەترە قاردا،
ئۈمىدلىك تەلمۈرگەن، يىراققا باققان.
جىلۋىسى چېچەكنىڭ (كۈلگەن باھاردا)،
ئۈچقۇنى يۇلتۇزدۇر سامادىن ئاققان.

شاخلارغا قونىدۇ ئاۋايلاپ ئاستا،
تىزاندەك تىزغىغان بۇ پەر، بۇ چېچەك.
زېمىن شاد سۆيۈنۈپ ئىپتىماقتا ناخشا،
تاغلىرىم سامادا يەلپۈتۈپ ئىتەك...

ئاسماندا ئىشقىلىپ بىر سېخى جان بار،
سېپىدۇ ئاق بىللۇر
سېپەر ۋە سېپەر.
بۇغدانىڭ باغرىدا كۆرستەر دىدار،
بىر ئەگىم ئاق ھىلال، ئاپئاق نىلۇپەر.

تۆكۈلەر تىنماستىن، لەۋدۇر بۇ گويا،
زېمىندە ھەممىنى ئۈن - تىنسىز سۆيەر.

غەمزىسى ئاڭلانماس، قىلىدۇ ئىبا،
باغرىدا ئوتى بار، كۆيەر ۋە كۆيەر.

تۆكۈلەر ئاق تىلەك، ئاق نىيەت، ئاق ئىز،
ئاھ، يېرىل يۈرىكىم، پارتلا مۇھەببەت.
بىر جان ۋە بىر تەن بوپ ياشاپ كېلىمىز،
ئاجايىپ دۇنيا سەن ئانا تەبىئەت.

ئاجايىپ دۇنيا سەن ئانا تەبىئەت،
پاكتۇرسەن،
ئۈزدۇرسەن،
ئىلاھ ئانىسەن.
بىر ئەسنا تۆكۈلگەن قارىڭدا پەقەت،
بىر ئۆمۈر مېھرىبان بولۇپ قالىسەن.

تۆكۈلەر تىلسىمات ساماۋى كۈمۈش،
شەجەرە سۆزلىمەس، ئەمما ئۇ زىنھار.
بىلگىنى ئۈن - تىنسىز، ئۈن - تىنسىز سۆ-
يۈش،
قىلىشتۇر مېھرىنى ئىزھار ۋە ئىزھار.

تۆكۈلەر... گەپ - سۆز يوق ئۇ كۈي، ئۇ
نەزمە،
مەسخۇش بوپ قالىمەن پىنھان سېھرىدە.
ئاق ھېكمەت قىلىدۇ بەھۇزۇر بەزمە،
ھېكمەتلىك شەھرىمنىڭ ھېكمەت چېھرىدە.

تۆكۈلەر ئاق ئەلچى، تۆكۈلەر لەرزان،
ھىلھىلە ھەسلارنى باشلاپ كېلىدۇ.
ئاق پەرۇ ئاق چېچەك ئەزىز قەدىردان،
قەدىردان نىگاھلار تاشلاپ كېلىدۇ.

تۆكۈلەر... ئۇنىڭدا ئاق چاچلىق ئانام،
قىبلەم ئۇ، ئالدىدا قالمەن غۇلاپ.
تۆكۈلەر... ئەقلىمنى قىلاي دەپ قارام،
سورايدۇ بەرمىسەم ئالدۇ بولاپ...

سىر سۆزلەر گۈزەللىك ئىلكىدە ئاق قار،
سىرلىرى كۆڭۈلگە مەھكەم پۈكۈلەر.
ناخشىچى، سۆرەتچى، سېھىرگەر، زىلتار،
تۆكۈلەر، تۆكۈلەر، مەيىن تۆكۈلەر...

ھەممىگە ئوخشاتتىم قارنى بىمالال،
ئۇرىدىم دۇردۇنغا، ھەتتا چىنىمغا.
سەبدەك سەكرىدىم بولدۇم گۇڭگۇ - لال،
مىسكىنلىك! تەركىبىڭ يوقتۇر قېنىمدا.

تۆكۈلەر ئاق مەرمەر، ئاق ئالماس، ئاق قار،
ھەممە يەر ئاقچىلىق ئىچىلار بەھرىم.
ئاق لىباس ئىچىدە دىلدار سەن، دىلدار،
ئاق قارغا پۈركەنگەن ئاق پەرى شەھرىم.

## ئۇپۇق

ئۇپۇق دېگەن يارنىڭ يۈزى يار مەڭزى،
ئۇپۇق دېگەن نۇر دۇنياسى نۇر رەمزى.
ئۇپۇق دېگەن ئانىسىدۇر قۇياشنىڭ،
(بۇ سۆزلەرگە ھېچ-كىمسىنىڭ يوق ئەرزى!)

ئۇپۇق دېگەن جەۋاھىرات دۇنياسى،
ئۇپۇق دېگەن قىزىللىقنىڭ خۇداسى.
ئۇپۇق دېگەن سەيياھ ئۈچۈن ئارماندۇر،
ئۇپۇق دېگەن تۈن ۋە تاڭنىڭ گۇۋاھسى.

شۇ باھاردا قادىلىمىز ئۇپۇققا،
ياقۇت جىيەك،
ئالتۇن جىيەك يوپۇققا!
تۇرسا ياندا بىر ئۇنى
ئەي ئادەملەر، ئالارمىدۇق توپۇققا؟

## نىلۇپەر

1

شاماللار پۈرقۇيدۇ ئەتىر بويۇڭنى،
تۈگمەس قىسسىلەر،
پۈتمەس پىچىرلاش.
ئەجەبكى، سەن شۇڭا يارالغان بولساڭ،
شەۋدىرغان تىلىغا تۇتاش ھەمىرلاش!

ئاق رەڭلەر، ئاق نۇرلار بەرگىلىرىڭدە،
تەبەسسۇم ئىلكىدە تەمكىنسەن، جىمسەن.
شۇنچە قەدر سورايدۇ كېچىدە سەندىن،
قەيەردىن كەلدىڭ ئۇي؟
ئېيتقىنا كىمسەن؟

جاۋابىڭ بەرمەيسەن ئۇنداق سۆزلەرگە،
ئاق كافۇر سىيمايىڭ نۇرلىنار يەنە...
كۈندەشلەر كۆزلىرى ئۆچكەن چىراغدەك،
سەنچۇ؟ سەن ئاي كەبى تۇرمامسەن ئەنە...

سۆھبەتلەر قىلىشتۇق، سىرداشتۇق ئۇزاق،
كۆزۈڭدىن تۆكۈلدى مەرۋايىتتەك ياش.
ئۆزگىلەر ئالدىدا لېۋىڭنى چىشلەپ،
ئۆزەڭنىڭ ئالدىدا بالقىدىڭ قۇياش...

2

مىڭ يىللاپ كۆرسەممۇ كۆرمىگەندەكمەن،
قىسمىتى شۇ بولۇپ كېچىدۇ كەچمىش!
قېشىڭدا بولسام ئۆ مىڭگۈدەكمەن،
ئېيتقىنا، نىلۇپەر بۇ قانداق ئەتمىش؟

هېسلارنى چېقىنغا تەققاسلىمايمىز،
هېسلارغا تەققاسلىق كۆرسەتسۇن چېقىن!
ئىشتىياق تاشلىسا يۈرەكلەرگە ئىز،
بولمامدۇق ئۆزىمىز بىر يولى چېقىن!

3

تولۇنئاي نۇرلىرى سۇنار قەددىڭدە،
نۇرلۇقسەن، پارلاقسەن، نۇرلارغا بايسەن
ئارمىنىم چاقنايدۇ كۆمۈش بەرگىڭدە،
ئەجەب بىر يارىلىش!
ئۆزەڭ هەم ئايسەن.

چۈشلىرىم سەتهنى بېزەيسەن هەر ئان،
چەمەنلەر ئىچىدە تۈنەپ چىقىمەن.
يەشىلمەس مەسخۇشلۇق بېرىسەن پىنهان،
لەۋلىرىڭ ئالتۇن جام، شاراب ئىچىمەن.

شادىمان ۋە ياڭراق كۈلكە بار سەندە،
ئاجايىپ بىغۇبار تۇيغۇلارمۇ هەم.
بار سەنكى، بار ئالەم قىلىدۇ خەندە
جىلۋە قىل
خەندە قىل، گۈزەل پەرىشتەم!

## چۈشىنىش

بەرگىگە سۆيۈنەر گۈلنىڭ كاسىسى،
پۈرەكلەر سېزەر هەم
سەزمەس هەم بۇنى...
ئىنتىزار لەۋ گويا ياقۇت غۇنچىلار،
نىگاهلار ئاختۇرار پەقەتلا شۇنى...

بەرگىگە سۆيۈنەر گۈلنىڭ كاسىسى،
پۈرەكلەر سېزەر هەم
سەزمەس هەم بۇنى.

ئالەمدە باغلانماس شەيئى يوق زىنهار،
ئەبەدىي هېكمەت دەپ بىلمەن ئۇنى...

باغلىنىپ ياشايمىز تونۇشمىساقمۇ،
سىز بىلەن:
سەن بىلەن
هەممە ئۇ بىلەن.
پىنهاندۇر رىشتىسى بۇ باغلىنىشنىڭ
يىلتىزى زېمىندە تىرەندۇر - تىرەن.

ۋە لېكىن تونۇشۇش روي بېرەر بىر كۈنى،
كۆكۈلدىن كۆكۈلگە چۈشۈپ داغدام يول...
بىر يەردىن چىقىپمۇ قالار قاراشلار،
يىلتىزى تىرەنلىك ئويناپ مۇهىم رول...

ئىچكىش باشنىنار شۇندا ئۆزئارا،
ئېهتىمال سۆيگۈدىن پارتلايدۇ ۋولقان!
جاللاتتەك كۆرۈنگەن بولسام دەسلەپتە،
ئەمدى مەن كۆرۈنۈپ قالارمەن غىلمان!

## هەممىسى ئىلكىمدە، پەقەت سەنلا يوق...

يۇلتۇزلار چاقنىدى نۇرلىرى مېنىڭ،
چوغ گۈللۈك چېمەنگە ئايلاندى ئاسمان.
تولۇنئاي پارلىدى دۇرلىرى مېنىڭ،
تاغلارنى، باغلارنى باغرىغا باسقان!

هاياتنى تەرىپلەر سامانچى يولى،
(هاياتنى ئوخشاتقىن، دىلبىرىم ئاڭا!)،
ئاندۇر تەبىئەت! ئوچۇقتۇر قولى،
ئۇنىمۇ ئالغىن دەپ تۇتقۇزدى ماڭا.

ناۋالار ياڭرايدۇ جۇشقۇن ۋە جۇشقۇن...
جېنىمنى ئاتىغان ئۇلارغا مەن هەم.

سەن ئىدىڭ، ناۋاكويى ناۋاغا مەپتۇن،
مېنىڭدۇر ئۇلارمۇ بۇ ئەسنا ـ بۇدەم.

سۇلارنىڭ مەۋجى بار، غۇنچە جىلاسى،
يېشىللىق پەيزى بار، يوللارنىڭ گەشتى.
ئۇلۇغۋار يېقىنلىق دىللار زىياسى،

كەل دېدىم
كەلدى ـ دە، ماڭا ئەگەشتى!

شۇنداقتۇر ھەردەمنىڭ سەركۈشى مەندە،
ئەجەللەر ئاتىسىمۇ ئادەمگە شۇم ئوق...
ئەمرىمگە، ئەركىمگە بولۇپ پەيۋەندە،
ھەممىسى ئىلكىمدە، پەقەت سەنلا يوق!

## شېئىر ـ ھايات، ئانا، مۇھەببەت، ۋەتەن

شېئىر دېگەن ھاياتتۇر، شېئىر دېگەن مۇھەببەت،
ئوت بېرىدۇ باغرىدىن ئۇتىسىرىغان ئالەمگە.
شېئىر دېگەن خۇدادۇر، شېئىر دېگەن مۇھەممەد،
شەيتىنىنى بوغۇزلاپ ئازاد بولغان ئادەمگە!

شېئىر دېگەن ۋەتەندۇر تىلسىم ھېسلار كۆمۈلگەن،
شېئىر دېگەن ۋىجداندۇر ئادەمىيلىك بەلگىسى.
شېئىر دېگەن قەسەمدۇر ئار ـ نومۇسقا چۆمۈلگەن،
شېئىر دېگەن گۈلتاجدۇر نەرگىسلەرنىڭ نەرگىسى.

شېئىر دېگەن ئانىدۇر ئاق چاچلىرى توزغىغان،
شېئىر دېگەن قېرىنداش، ئۇنىمەيدىغان تېرىسا.
شېئىر دېگەن جانانىدۇر ئاتەش ھېسلار قوزغىغان،
(تەبىئەتمۇ قېرىيدۇ، ئاشۇ ھېسلار قېرىسا.)

شېئىر دېگەن دوست ـ يارەن ـ ئېتىبارى مۇقەددەس،
شېئىر دېگەن ئىشەنچتۇر، سۆيگۈلەرنىڭ يىلتىزى.
شېئىر دېگەن مەردلىكتۇر، ھەر كىچىكتە زەبەردەس،
شېئىر دېگەن مەملىكەت يۇلتۇزلارنىڭ يۇلتۇزى.

*

ھەر بىر مىسرا سورايدۇ باھاسىنى ھەممىشە،
چوقۇنىمەندىم مۇزا①غا دەردلەرنى تارتمايمەن.
گەر چوقۇندى دېسەڭلار شۇ تەرىپلەر ئىسمىدە،
چاپىنىمنى ساتسامۇ ئەمما شېئىر ساتمايمەن!

① مۇزا ـ شېئىرىيەت ئىلاھى.

## كەچۈرگىن سەن مېنى ئالا بوينىقىم...

كەچۈرگىن  سەن مېنى ئالا بوينىقىم،
سورىدى دەپ سېنى خەقلەرگە بەردىم.
كەچۈرگىن، سەن مېنى ئالا بوينىقىم،
بايقىماي سەزگۈگىنى بىر بالا تەردىم...

ئىمتاس بىر ئالەمدىن تىت - تىت ئالەمگە،
كەلدىڭسەن قىزىلتەن يۇمران ئۈن بىلەن.
ھېچكىممۇ باقمىدى ئىڭراش - نالەڭگە،
ئېلىشتىڭ كۈندۈز - كۈن
تۈندە تۈن بىلەن...

غىڭشىشتىن جاق تويدى ئېھتىمال ئىگەڭ...
ئاناڭنى يىغلىتىپ بۆلدى سىلەرنى...
سەن بىزگە بۆلۈندۈڭ
ئاڭسۇق نېسىۋەڭ
قالغانلار تاپتىكىن يەنە كىملەرنى...

باشلاندى ئىجىللىق شېردىن ئىچىكىش،
سەن بولدۇڭ بۇ ئۆيگە دىلكەش بىر ئەزا...
بەختىڭدە بولمىدى داجىش، كېچىكىش،
كۆزۈڭگە ئورناتتى يۇلتۇزنى پەزا.

تۈكلىرىڭ ۋاللداپ ياندى چوغ كەبى،
تەن قويۇپ ئۆستۈڭسەن، ئالا بوينىقىم.
بالاغەت يىراقتۇر تېخى سەن سەبىي،
كېلەتتى سەن بىلەن گاھى ئوينىغۇم.

شۇنداق بىر كۈنلەردە يىراق شەھەردىن،
كەلدى بىر ئاغىنەم سىرداش، قەدىناس.
كېتەردە سورىدى سېنى مېنىڭدىن،
كۈن چۈشتى بېشىمغا ئېيتقىلى بولماس!

...پىكاپىنىڭ كەينىگە سالدۇق بىز سېنى،
كۆزۈمدىن بىر ئۆتتى قىزىل قىيامەت.
پەريادلار كۆتۈردۈڭ
(يىغلاتتىڭ مېنى)
كۆزۈمدىن كەتمەيدۇ ئاشۇ قىياپەت.

بىردەملىك سەزگۈدىن ئايرىلىدۇ تېز...
ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ بۇ يەرنى ئاستا،
چۈنكى ئۇ مەخلۇقتۇ دەپ ئويلاپتىمىز،
ئەجەبمۇ گۆدەكلىك قىپتىمىز ئەستا!

بوسۇقتا ياتىسەن ئەمدى سەن مانا،
تۈكلىرىڭ پاخپايغان، تۇمشۇقلىرىڭ قان.
(نەقەدەر ئەزىز - ھە! قەدىم باشپاناھ)
ئەزىزلىك ئۈستىدە تاپشۇرۇپسەن جان!

ئاسان يول ئەمەستۇر سەن باسقان يوللار،
جىق ئەمەس، ئاز ئەمەس، تۆت يۈز چا-
قىرىم.
گىياسىز دەشتلەردۇر ئوتتۇ ۋە سوللار،
مۆجىزە ئىكەنسەن سەن ھەم ياپىرىم.

*

كەچۈرگىن، سەن مېنى ئالا بوينىقىم،
سورىدى دەپ سېنى خەقلەرگە بەردىم.
كەچۈرگىن، سەن مېنى ئالا بوينىقىم،
بايقىماي سەزگۈگىنى بىر بالا تەردىم.

## ئۆسەكچى

قولىدا قىلىچ بار كېزىدۇ ئالەم،
قۇياشنى بوغۇزلار، ئاينى بوغۇزلار.
كېسىلەر نوتىلار (خۇن بولار لالەم)
توپىغا قوشۇلار شېردىن ئوغۇزلار.

چېچەكلەر تۆكۈلەر، تۆكۈلەر، ياپراق،
زەھەرلەر قۇيۇلار تېنى - غولىغا.

قاپقارا داغلارغا ئايلىنار ئاپئاق،
ئالدىدا، ئارقىدا، ئوڭۇ - سولىدا.

قولىدا قىلىچ بار كېزىدۇ ئالەم،
سۆيگۈنى بوغۇزلار، دىلنى بوغۇزلار.
چېقىلار زەر ئاياغ (سۇندى پىيالەم)
ئاھ! ئېغىر يارىدار ئالتۇن يۇلتۇزلار.

قىلىچ يەپ تۇرىدۇ سۇپسۇزۇك ئاسمان،
ياڭغۇرچى بۇلۇتلار قان قۇسار يەرگە.
تېگىدۇ بۇ قىلىچ مىلتىقلار ئاسقان،
باغرى ئوت، پىداكار ۋىجدانلىق ئەرگە.

قان ئاقار، جۇت ئاقار، ئاپەتلەر ئاقار،
قىلىچلىق كىمسەنىڭ يۈرگەن يولىدا.
پېشكەللىك باغرىنى باغرىڭغا ياقار،
قان تۆكەر قىلىچى ئۇنىڭ قولىدا.

«كىمدۇ بۇ قىلىچلىق بىگانە بىزگە»
دوستلىرىم، سەن ماڭا شۇنداق دېمەكچى،
باياتىن خۇنخور دەپ يازغىنىم سىزگە،
ئىزىدىن چۆپ ئۈنەس جاللات ئۆسەكچى.

## مۇھەببىتىم ئۆلمىدى...

قىسىر ئاسمان، قىسىر بۇلۇت ئۆزگەردى،
گۈلدۈرماما تەكسىز كۆلنى كۆمتۈردى.
قۇيدى ياڭغۇر بوران بىلەن قوشۇلۇپ،
جاللات ياڭغۇر مۇھەببەتنى ئۆلتۈردى.

تىت - تىت بولدۇم شۇنىڭغىلا يارىدىم،
(تاغاق بىلەن يۈرىكىمنى تارىدىم.)
ۋەدىلىك جاي...
قارا كۈنلۈك ئاستىدا،
قارىدى يار، مەنمۇ ئاڭا قارىدىم.

يۇيدى باغنى، ئېرىقلارنى كۆللىدى،
شادلىقىمنى يوقاتمىدى بۆلمىدى.
جاللات ئەمەس ئىكەنغۇ بۇ ياڭغۇرلار،
مۇھەببىتىم ياشناپ كەتتى ئۆلمىدى.

## مەن ساڭا ئاشىقتىم، ئاشىقتىم ئەمما

مەن ساڭا ئاشىقتىم، ئاشىقتىم ئەمما،
ئاشىقلىق تۇيغۇمنى قىلمايتتىم ئىزھار.
مەن ئۇنىڭ دەردىنى تارتاتتىم تەنھا،
ئالدىڭدا تەن ئالغۇم كەلمەيتتى زىنھار.

ھەقىقي يىگىتلىك ئاشۇدۇر بەلكىم،
ئۆكسىمەس ھەم
ئۆچمەس ھەم
يېمىرىلمەس ھەم
ئۆزگىچە يول تۇتار سۆيگۈدە ھەركىم
ئۆز يولى بىلەنلا سۆيگۈ مۇستەھكەم.

بۇتنايسەن، قېينداپ ۋە تۆكۈسەن ياش،
بىلمەمەن كۆڭلۈمنى ساڭا سۆز كېرەك...
نۇر تۆكتۈم دېمەستىن نۇر تۆكەر قۇياش،
سۆيگۈنى سۆزلىسۇن ئىككى پاك يۈرەك...

## ئاسانغا توختايدۇ كەچۈرۈش پەقەت

مۆجىزە كۆرسەتسە ياراتقان ئىگەم،
ئېرىنمەي - كېرىلمەي يەنە بىر قېتىم.
بەرسىلا بولاتتى گۈزەل قۇتلۇق دەم،
كۆپ ئەمەس شەپقەتتىن پەقەت بىر تېتىم.

قايتىدىن يارالساق دۇنياغا كەلسەك،
قولىمىز ئورنىدا بولسا جۈپ قانات.
پەرۋازلار باشلىساق ساماني ئەمسەك،
ئاجايىپ مەنىلەر تاپسا بۇ ھايات.

ھىجرانلار قان يۇتسا، يۈز ئاچسا ۋىسال،
پەرىگە ئايلانساق، پەرىزات بولساق.
ئاسمانغا بىر كەلسەك نۇرلانسا ئىقبال،
ھۆرىيەت مۈلكىدە تولۇن بوپ تولساق.

پىتنىلەر، ئۆسەكلەر توزۇپ سېھىرسىز،
قىلمىشا كارۋانغا ھۆرگەن ئىت كەبى.

يۇلتۇزلار باغرىغا قونۇپ ئىككىمىز،
بولساق پاك، بىگۇناھ يۇمران بىر سەبىي...

بىلمەستىن قىينىدى بىزنى ئادەملەر
يادىدىن چىققاندا بەخت - مۇھەببەت.
ئاشۇنداق دەيلى بىز شۇنداق دېگەندە،
ئاسانغا توختايدۇ كەچۈرۈش پەقەت.

1987 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

مىرزايىت كېرىمى

# باھاردا ئېچىلغان غۇنچىلار

## بوۋامنىڭ جاۋابى

«تاغلار قوزۇق ئېمىش زېمىنغە» —
دېدى بوۋام تاغنى كۆرسىتىپ.
تىك قىيالار، قارلىق چوققىلار
تۇرار ئىدى سىرلىق كۆرۈنۈپ.
دېدىم: «بوۋا يەرنىڭ بۇ مەزمۇت —
قوزۇقلىرى كولىنىپ تۇرار.
ئېلىپ ئۇندىن ئىنسان جاۋاھىر،
يېڭى ھايات ئۇلىنى قۇرار.»
«ئادەملەرنىڭ تاغ - داۋانلارنى
كولىشىدىن قورقمايمەن، بالام.
كولىغانغا ئۆرۈلمەيدۇ تاغ،
تاغ ئەمەسقۇ قاشا ياكى تام.
قورقىمەنكى بىرى - بىرىگە
ئورا كولاپ قەستلىشىپ ئادەم:
گۇمران بولسا قانداق قىلغۇلۇق،
گۈزەللەشمەي سەتلىشىپ ئالەم؟
كىشىلەرنى يامانلىق ئەمەس،
بىر - بىرىگە ياخشىلىق باغلار.
ياخشى نىيەت ھايات تۈۋرۈكى،
ئۆرۈلمەيدۇ ئۆرۈلسە تاغلار.»
«بۇ راست، — دېدى تەكىتلەپ بوۋام، —
يامانلىقنى ياخشىلىق توسار.
ياخشىلىقنى چىللىغان ئادەم،
قىشتىمۇ گۈل ئۆستۈرۈپ ياشار.»

## سۆزلەيدىغان دەرەخ

يولۋاس كۈچلۈك، ھەيۋىسى بار تىلى يوق،
تىلى بولسا توختىمايتتى ماختىنىپ.
كىيەر ئىدى يەر يۈزىنى بېشىغا،
يېرىلاتتى سانسىز يۈرەك چاك كېتىپ.

تۈلكە ھەييار، قۇيرۇقى بار تىلى يوق،
تۇيدۇرماستىن جاننى ئالار ھىجىيىپ.
تىلى بولسا ئالدانمىغان گۈل بولۇپ —
جاندار قالماس ئىدى ئاڭا ئىشىنىپ.

ئېشەك ئەخمەق، ئۇزۇن قۇلاق، تىلى يوق،
تىلى بولسا سالدۇرمايتتى ئۇ يۈكەن.
ئۇسسۇمسىسۇن ئادەملەرنى دەپ ئاڭا
تەڭرى ئەتەي تىل ھەم مۈڭگۈز بەرمىگەن.

تىل بېرىپتۇ ئادەمگىلا دۇنيادا،
كەمتەر، قابىل، ئۇستۇن قىلىپ ھەممىدىن.

بىلىنگلاركى، ئورۇن ئاپتۇ ئەڭ تىرەن
سۆيگۈ، ۋاپا ئۇنىڭ ئىسىل قەلبىدىن.

نەۋ باھارغا ئوخشايدىكەن شۇڭا قەلب؛
سۇ ئىچەركەن بىر - بىرىدىن سۆيۈنۈپ.
قەلب ئىگىسى بولغان ئادەم ياشاركەن
سۆزلەيدىغان دەرەخ بولۇپ كۆكىرىپ.

سۆزلەيدىغان دەرەخ سايە تاشلايدۇ،
ئاپتاپلىقتا قالغان مەردكە، تەشناغا.
سۆزلەيدىغان دەرەخ باغقا باشلايدۇ،
شەربەت سۇنۇپ ئىجادكارغا — دەناغا.

سۆزلەيدىغان دەرەخ ئىغىز ئاچقاندا،
تۆكۈلىدۇ ھەر يانغا گۈل - چېچەكلەر
نە گۈل - چېچەك، شېرىن مېۋە، بال شەربەت،
قېنىپ ئاڭا بىخ سۈرىدۇ تىلەكلەر...

ئوخشىمىساڭ سۆزلەيدىغان دەرەخكە،
ئېيت نېمگە ئوخشىغۇڭ بار، بۇرادەر؟
يولۋاسقىمۇ؟
تۈلكىگىمۇ، ئېشەككە؟
مەنمۇ ئادەم ئەمەس دېسەڭ،
غاجاۋەر.

## باھار قىيانى

ياپيېشىل قىرغاققا تامىدۇ قۇياش،
ئاسماندىن تۇپراققا باقىدۇ قۇياش.
قورام تاش ئاستىدىن گۈلگە ئىنتىلىپ
ئۇرغۇغان ئېقىندا ئاقىدۇ قۇياش.

بۇ گۈزەل ساھىلدا يەلپۈنەر چىمەن،
شىۋىرلاپ قېيغىتىپ كۈيلەيدۇ گۈلشەن.
ئاق تېشى، كۆك ئوتى، مەجنۇن تاللىرى
جاي ئالغان باغرىغا جىمجىتلىق سىڭگەن...

ئۇرۇلدى زور قىيان كۈتمىگەن چاغدا،
بۇزۇلدى جىمجىتلىق مەۋج ئۇرۇپ دەريا.

ئوپۇرلۇپ كۆك قىرغاق، يىقىلدى دەرەخ،
لاي - لاتقا ئاستىدا قالدى گۈل - گىيا.

كۈن بۇلۇت كەينىگە مۆكتى چىدىماي،
ئاي سۇدەك تۆكۈلدى كۆكتە تۇرالماي.
ئاھ، گۈزەل كۆك قىرغاق، ئاھ، گۈزەل ساھىل،
سەن گۇمران بولدۇڭمۇ گۈللەپ ياشنىماي؟

بوران تىختىغاندەك تىختىدى قىيان،
بولدى كۆز ئالدىمدا ساھىل نامايان.
يەنە گۈل ئېچىلدى، سايرىدى قۇشلار،
تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى خىيابان.

بىلدىمكى خىسلەتلىك ئىكەن ھەممىدىن
باھارغا جىسمىدىن جاي بەرگەن زېمىن.
زېمىنگە تۇغۇلۇپ ياشاركى ئادەم:
زېمىنگە كۆمۈلۈپ تاپىدۇ ئېمىن.

## باھار كېچىسى

ئاي ئاخىرى... كۆكتە ئايمۇ كۆرۈنمەس،
شەھەر كەتكەندى تاتلىق ئۇيقۇغا.
بەزىلەر چۈش كۆرۈپ كۈلەر، ئەندىكەر،
ۋە بەزىلەر چۆمگەن شېرىن تۇيغۇغا.

لېكىن شۇدەم ياتمىغانلار بار تېخى،
پىقىرايدۇ ئۇچتەك يېنىك ئاياغلار.
لەپىلدىسە پەردىلەرنىڭ چۆچىسى
شىتىرلايدۇ ئۆرۈلگەن بەت - ۋاراقلار.

ياش يىگىت - قىز يۆلەنگەن شۇ دەرەختىڭ
بىخلىرىدا ئوينار نۇرى چىراغنىڭ.
يولۇچىغا قالار گاھى ئاڭلىنىپ
شىۋىرلىشى يېشىل ئورمان، شىۋاقنىڭ.

نەۋ باھارنىڭ بۇ تىنىمسىز كېچىسى
شۇدەم تىنىق كۆلدەك جىمجىت تۇيۇلار.
كۆك مايسىلار شىۋىرلىشىپ دالىدا،
غۇنچىلارمۇ ئاي بېشىدا ئېچىلار.

ئابدۇللا سۇلايمان

# ئىككى شېئىر

## مارجىنىم

ئېچىلغان گۈل بەرگىگە،
تاڭدا شەبنەم قويۇلدى.
ماڭا سۆزۈك تامچىلار
مارجان بولۇپ تۇيۇلدى.
زەپ ئوخشايدۇ شەبنەمگە،
بويىنۇمدىكى مارجىنىم.
ھۆسن - چېھرىم نۇرلىنىپ،
كۈلدى بەختىم، ئارمىنىم.
مارجان قىلىپ مېھرىمنى،
چاچمەن گۈل بەرگىگە،
گۈزەللىكى يۇرتۇمنىڭ
خاستۇر ئەلگە — ھەممىگە.

## ئارزۇ چېچەك ئاچىدۇ

ئاي يۇلتۇزغا باقىدۇ،
يۇلتۇز پەسكە ئاقىدۇ.
خىياللىرىم قۇش بولۇپ
كۆكتە قانات قاقىدۇ،
سىرغا جاۋاب تاپىدۇ.

گۈلگە بۇلبۇل ئامراقتۇر،
كۈلدە بىلىق ئويناقتۇر،
ۋاپا، مەردلىك، مۇھەببەت
دىلنى دىلغا چاتىدۇ،
ئىشقى ئوتى ياقىدۇ.

ئاسمان گۈزەل، يەر گۈزەل،
ھالال مېھنەت، تەر گۈزەل،
بۇ بەختىيار چاغلاردا!
ئارزۇ - چېچەك ئاچىدۇ،
خوش پۇراقلار چاچىدۇ.

روزى سايىت

# شاراب ھەققىدە پاراڭ

— ئۆمەر ھەييامغا تەقلىد —

مەي ئېچىپ ھەييامنىڭ قولى - جامىدىن،
سۆزلىسەم «مەس» لىكتە ئۇنىڭ نامىدىن.
دېدى: «گەر بۇرۇنراق ئۆلۈپتىم بولساڭ،
رەنجىپمۇ يۇرمەيتتىڭ غەپلەت دامىدىن...»

*

مەي ھىندى كەلسىلا تۈرمە بېتىڭنى،
مەي ئېتى چىقسىلا بۇزما ئەپتىڭنى.
مېنىڭ بۇ ئىچكىنىم تىرىكلىك مەيى،
يۇرگۈزۈپ باقساڭچۇ ئەقىل - دېتىڭنى!

*

ساز كۆڭۈل كىرىنى ئالىدۇ، بىراق،
مەي ھوشنى ۋۇجۇدتىن قىلىدۇ يىراق.
شىشىدە جىم تۇرغان شۇ ئۈزۈم سۈيى...
ھەلقۇمدىن ئۆتتىمۇ، قىلار پاتپاراق.

*

گۈزەلنىڭ مەگزىدەك رەڭدار شاراب ئىچ،
ھەر يۇتۇم ئوتلىساڭ يارغا قاراپ ئىچ،
چاق دەمسەن، ئىختىيار-مەيلىڭ ئۆزەڭدە،
سەن ئىچكىن ئەي روزى، شادلىقنى تاپ، ئىچ!

*

مەن شاراب ئىچمەن قويۇپ لىۋمۇ-لىۋ
نىگارنىڭ قولىدىن قەدەھنى ئېلىپ.
يەزلەر ئەيىبكە بۇيرۇسا مەيلى،
ئىختىيار ئۆلپىتىم بولسا ھەم كېلىپ.

*

ئانتى تاك، چىقتى كۈن نۇرلىرى تاراپ،
ماڭلايدىن سىلىدى ھال-ئەھۋال سوراپ.
كەل ياران ئوتلايلى ۋىسال مەيىدىن،
ساباغا يۈز يېقىپ، گۈل ھىدى پۇراپ.

*

ئەي دەۋر ساقىسى قۇيغىن ماڭا مەي،
ئەي مۇراد دىلبەرى گۈل، بىللە كۈلەي.
ئەي زەپەر سازچىسى راۋابىڭنى چال،
ھەم ئىچەي، ھەم ئويناي، شاد ناخشامنى دەي!

*

سەن ئۈلپەت ئىزدىسەڭ دىلى پاكنى تاپ،
ناپاكقا قاۋاقنىڭ ئىشىكىنى ياپ!
سىرداشنىڭ قولىدىن ئالغىن قەدەھ-جام،
ئىشەنمە نامەردكە، ئېيتسا لاپۇ-قاپ.

*

نە ئاسمان، نە زېمىن، پەرۋايىم پەلەك،
نە مەككە، نە قۇددۇس، ئەمەستۇر تىلەك.
مۇددىئا: تېخىمۇ بەختىيار ئەتە،
ئەتىچۈن قۇي مەينى، بولسۇن بىر چېلەك!

*

ئۈلۈمنى، دوزاقنى ئويلىمايلى بىز،
ئىرىكلىك جەننىتى بارچىدىن ئەزىز.
ئەجەلنىڭ شارابى بەرگۈچە ئۇيقۇ،
ئويغاقلىق مەيىدە چايقايلى ئېغىز.

*

دۇنيادا خىلمۇ خىل مەسلىك بولىدۇ،
خۇشلۇقتىن مەس كىشى ئەستىلىك بولىدۇ.
ئارزۇنىڭ مەسلىكى تارقايدۇ تەستە،
مەنمەنلىك ئىچكۈزسە پەسلىك بولىدۇ.

*

بىر ھاراق-مەي ئىچتۇق (سەھۋە شۇنچىلىك)،
ئەيىبلەپ كەتمىگىن تولا ئۇنچىلىك.
ئىچكەننىڭ گۇناھى «ئىچكەن» چىلىكقۇ،
سەن ئىچمەي تاپقان شۇ «ساۋاب» قانچىلىك!

*

ئۆلگەندە مەس ھالەت بىلەن قوپارمىز،
يەنىلا جەم بولۇپ رۇمكا سوقارمىز.
ياق دېمە، «تىرىكلىك نېمىنى قىلسا —
ئۆلگەندە يەنە شۇ...» نېچۈن قورقارمىز؟

*

كېچىسى شىشىگە قىلىپ «ئىبادەت»،
ئەتىسى قەي قىلىپ ياتماق سەت ئادەت.
ھەممىنىڭ ۋاقتى بار: كۈندۈز ئىش چېغى،
كېچە-ئۇ دەم ئېلىپ ئۇخلايدىغان پەيت!

*

گۈللەرنىڭ ھۆسنىدە قۇياش جىلۋىسى،
بۇلبۇلنىڭ كۈيىدە ۋىسال نەغمىسى.
شۇ خۇشال پەيت ھەققى، ئىچەيلى ئۈزمەي،
ئەي دىلبەر، سەنمۇ ئىچ، قېنى ئەمىسە!؟

*

ھەييام دېدى: «مەيخورلارنىڭ پىرىمەن.»
ئېيتتىم: «ساڭا ئىخلاسمەننىڭ بىرىمەن!»
ھەييام دېدى: «ئىخلاسىڭنى ئىسپات قىل؟»
دېدىم: «قاچان مەيخانىدىن نېرى مەن؟..»

www.uyghurkitap.com

سەلەي قاسىم

# شېئىرلار

## يارنى سېغىنغاندا

«تېرىق» قىلسا
دېرىزىگە قارايمەن،
كەلدىمىكىن ئىشىككە دەپ،
سۆيگىنىم، ئايجامالىم.
يەنە شۇ،
ئۇچقۇر شامالغا ئەگىشىپ،
يار يېنىغا
كېتەر مېنىڭ خىيالىم.

## ھەي گەپ...

نېمانچىلا كۆپ سۆزلەيدىغانسەن؟!
سۆزلەپ نېمىنى، كۆزلەيدىغانسەن؟!
ھەر كۈنى تاپسەن مىڭ بىر تاغار گەپ.
سەن ئەقلىڭنى قاچان تاپارسەن!...
مۇشۇ ئەيىبىڭنى قاچان ياپارسەن!...
ئۆز ئۆمرۈڭدە نەچچە قېتىملاپ،
قۇرۇق گەپتىن تاپقان ئىدىڭ دەرد.
ھەي گەپ...
ھەي گەپ...

## قانداق، بۇرادەر؟

ئۇچراشتۇق يەنە،
سالام - سائەت قىلىشتۇق،
نېمىشقىدۇ تاتىرىپ كەتتىڭ.
بىر چاغلاردا ئۆزەڭ ئۇرغاندا،
يۈزۈمدە قالغان تاتۇققا قاراپ،
ئاقىرىپ كەتتىڭ.

ھەي...
مەيلى،
يۈزۈمدىكى نېمە ئىدى ئۇ...
يۈرىكىمدە مىڭ ئاياغ ئىزى.
ئېسىڭدىمۇ؟
بىر چىرايلىق يىگىت ئىدىم.
مانا بۈگۈن قولۇمدا ھاسا...
كۆزۈمگە گۈل كۆرۈندۇ
يول —
ئاياغ ئىزى.

بىلەمسەن،
يۈرىكىمگە ئىز سالغان
شۇ، سېنىڭ...نادانلىقىڭ.
ھە، بۈگۈن
سېنىڭمۇ قەلبىڭگە
ئۆچمەس قىلىپ بىر ئىز سالدىغۇ.
بۇ، مېنىڭ ئامانلىقىم...
قانداق، بۇرادەر؟!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەتمەمىن زىبىبىللا

# ئۈچ شېئىر

## يېشىلگەن سوئال

يۇرتۇمدا گۈل تولا، گۈلباغلار تولا،
جەننەتكە ئەنداز قىپ، ئېلىپ كەتكۈدەك.
نە ئۈچۈن بۇلبۇللار كۆرۈنمەس باغدا،
سايرىشىپ دىللارنى مەپتۇن ئەتكۈدەك؟

چۈشەندىم، ئەيمىنىپ ئەلنىڭ كۈيىدىن
بۇلبۇللار، بۇ يۇرتقا كېلەلمەيدىكەن.
ناخشىچى ئالدىدا لال بولۇپ تىلى،
سايراشقا جۈرئەتمۇ قىلالمايدىكەن.

## مېنىڭ جاۋابىم

بىرى دېدى: تۇخۇمنى؛
تاشقا ئۇرغان نەدە بار؟
مەن دېدىمكى: تۇخۇمنىڭ —
ئاشۇ تاشتا دەردى بار.

## يونۇما

چىقىش ئۈچۈن ئۆگزىنگە
شوتا قىلدىڭ دولامنى.
چىقىۋېلىپ تونۇماس —
بولۇپ قاپسەن غولامنى.

سادىغاڭ كېتەي، بۇرادەر،
تونۇمساڭ تونۇما.
يات ئالدىدا غاجىلاپ،
يۈرىكىمنى يونۇما.

ئايگۈل مۆيىدىن

## ھەزەر ئەيلە

«ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا،
سامان تىقار پوستۇڭغا.»
باردۇر ئىككى يۈزلىمە —
كىشىلەر قول ئاستىڭدا.
كەلسە ئامەت بېشىڭغا،
ئېسىلىدۇ پېشىڭغا.
باسسا سېنى پالاكەت
يولىمايدۇ قېشىڭغا.
مىڭ خىل ھىيلە ئىشلىتىپ
ئىشەنچەڭنى ئۇتىدۇ.
كەلسە كۈتكەن پۇرسىتى
سېنى يالماپ يۇتىدۇ.
تۈيدۇرماستىن ئورنىنى
بىگىز بىلەن كولايدۇ.
ئۆتسە سەندىن سەۋەنلىك
مىكرافوندا توۋلايدۇ.
مۇنداق كىشىلەر سۇنىڭ،
ئېقىنشىغا ئاقىدۇ.
تۆت پەسىلگە ماسلىشىپ،
جاننى ئوبدان باقىدۇ.
ھەزەر ئەيلە، كۆز بوياپ
«مەڭگۈ سادىق» دېگەندىن.
كېلەر ساڭا ھەر بالا
تۈزۈكنى كۆپ يېگەندىن.
ھەزەر ئەيلە، مەنلىك،
سىرلىق يالغان كۈلكىدىن.
سېنى ماختاپ كۆپتۈرگەن
ئىككى يۈزلۈك تۈلكىدىن.

ئەخمەت ھاشىم

# تويىنىڭ خۇلاسىسى

(ھېكايە)

— تازىمۇ قېرى مىجەز بولۇپ كېتىپ-
سەن، ئاغىنە، — دېدى جالالىدىن كەچقۇرۇن
ياتاققا كىرىپلا قولۇمدىكى كىتابقا قاراپ،
ئاندىن كارىۋىتىغا كېلىپ يانپاشلىدى - دە،
ماڭا قىيا بېقىپ مەسخىرە ئارىلاش يەنە
سۆزلەشكە باشلىدى، — ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى
بولىدۇ، كىتاب دېگەننىمۇ لايىقىدا ئوقۇش
كېرەك. سەككىز سائەت ئىشلەپ ھارغاندىن
كېيىن سىرتقا چىقىپ بىر دەم - يېرىمدەم
ئارام ئالساڭ، كىنو - پىنو كۆرۈپ كۆڭلۈڭنى
ئاچساڭ بولمامدۇ؟

مەن ئۇنىڭغا قاراپ، مىيىقىمدا كۈ-
لۈپ قويدۇم - دە:

— بوش ۋاقتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى
سەندىن ئوبدانراق بىلمەن، — دېدىم.

— ھىم، شۇنداقمۇ؟ — ئۇ مېنىڭ سۆ-
زۈمنى مەنسىتمىدى بولغاي دېمىقىنى قېقىپ
قويۇپ ئۆرە ئولتۇردى، ئاندىن تاماكا ئورى-
ماقچى بولۇپ، شىرە ئۈستىدىكى يېڭى گې-
زىتنى «جارت» قىلىپ يىرتتى. ئۇنىڭ بۇ
قىلىقى سەل ئوغامنى قايناتقان بولسىمۇ،
بۇنداق ئەدەبسىزلىكلىرىنى كۈندە دېگۈدەك
كۆرۈپ تۇرغاچقا گەپ - سۆز قىلمىدىم.

ئىككىمىز ئىككى يىلدىن بۇيان بىنا-
نىڭ 4 - قەۋىتىدىكى مۇشۇ ياتاقتا بىللە
يېتىپ كېلىۋاتىمىز. بەستلىك كەلگەن، كۆز-
لىرى يوغان، قاراقاش جالالىدىن مەندىن
ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ بولغاچقىمۇ ياكى ئۇنى-
ۋېرسىتېتنى مەندىن بىر يىل ئىلگىرى پۈتتۈر-
گەچكىمۇ، ئۆزىنى خېلىلا چوڭ تۇتاتتى.
بەزىدە تېخى خىزمەت، تۇرمۇش جەھەتلەر-
دە ماڭا ئەقىل ئۆگىتىپمۇ كېتەتتى، ئۇنىۋېر-
سىتېتتا ئوقۇپ قالغانلىقىنى ناھايىتى چوڭ
دەستەك قىلىۋېلىپ، ھە دېسىلا ئۆزىنى ماخ-
تايتتى. تولا گەپ قىلاتتى، بىرسى نەدىن
گەپ ئاچسا، ئۇنىڭ جاۋابى تەييارلا ئىدى،
شۇڭا بەزىدە قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ
قويۇپ كۈلكىگىمۇ قالاتتى. ھاراق ئىچمەيدى-
غان كۈنلىرى ئاز بولاتتى، بىرنەچچە قې-
تىم مەس بولۇپ يىقىلىپ قالغان يېرىدىن
باشقىلار تەكلىقازان قىلىپ كۆتۈرۈپ ئەكى-
رىپ قويغان چاغلارمۇ بولغان. ئىدارىدىكى
بەزى يولداشلار ئۇنى «ھېلىلۇپ»، «پوچى»
دەپ ئانچە كۆزگە ئىلمايتتى. مەن ئۇنىڭ
بىلەن بەكمۇ ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتمەي،
بەكمۇ يىرىكلىشىپمۇ كەتمەي قەدىر ئەھۋال
مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتىم. يېقىندىن
بۇيان ئۇ توي قىلىش كويىغا چۈشۈپ قال-
دى. شۇڭا كېچە - كېچىلەپ يوقاپ كېتەتتى،
قايسى ۋاقىتتا كېلىپ، قايسى ۋاقىتتا ئۇخ-
لاپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتىم. ئۇنىڭ

ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى قايسى بىر زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان شاھىدىن ئىسىملىك يىگىت ئىدى. ئۇ جالالىدىندىن ئىككى ـ ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ، ئاڭلىشىمچە بىر يۇرتلۇق ئىكەن. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ ھازىرغىچە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولماپتۇ. ئۇ جالالىدىننى ئىزدەپ ياتاققا تولا كېلەتتى. مەن ئۇلارنى كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىۋالسۇن دەپ بەزىدە ئىشخانامغا چىقىپ كېتەتتىم. جالالىدىن مېنى ئانچە ھەنسىتمىگەچكە توي ھەققىدە مەندىن مەسلىھەت سوراپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ نېمە پىلانلارنى تۈزۈۋاتقانلىقىنى، قاچانراق توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ توي قىلماقچى بولۇۋاتقان قىزى ياتاققا بىرنەچچە قېتىم كەلگەنىدى. بىر قېتىم ئۇ جالالىدىن يوق چاغدا كېلىپ قالدى. ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن خېلىلا قاملاشقان بۇ قىز مەلۇم بىر دېھقانچىلىق تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىكەن. گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا يۇۋاش، ساددا كۆرۈنەتتى. قىز كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ: «خېلى ئوڭلۇق قىز ئىكەن، بۇ شالالىقى بىلەن قانداقمۇ چىقىشىپ بىللە ئۆتەر؟...» دەپ ئويلىدىم.

جالالىدىن تاماكىسىنى چېكىپ خېلىغىچە گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئاياغلىرىنى چوتكىلاشقا باشلىدى ـ دە، ماڭا قارىماي:

ـــ توي ۋاقتىنى بېكىتتۇق ئاداش، يېڭى يىلدىن ئىلگىرى قىلىۋېتىدىغان بولدۇق، ـــ دېدى.

ـــ تويىنى مۇشۇ يەردە قىلامسىلەر ياكى يۇرتقا بېرىپمۇ؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن.

ـــ ياق، مۇشۇ يەردە قىلىمىز، يۇرتقا يازدا بېرىپ ئايرىم قىلىپ بېرىمىز. قىزمۇ قوشۇلدى. ئاتا ـ ئانىسىغا خەت يازغانىكەن، ئۇلارمۇ قوشۇلۇپتۇ.

ـــ ياخشى بوپتۇ، توي قىلىۋالساڭ ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇپ قالىسەن، تەييارلىقلىرىڭ پۈتتىمۇ؟

ـــ پۈتمەيدىغان نېمىسى بار؟ ـــ دېدى ئۇ ئاياغ چوتكىسىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە «تاراققىدە» تاشلاپ ۋە ماڭا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى، ـــ ئەگەر مەنمۇ باشقىلارنى دورىسام ئاللىقاچان قىلىپ بولاتتىم، لېكىن ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغۇدەك توي قىلىمەن دەپ مۇشۇ كۈنگە كېچىكتىم، دېگىنە!

مەن ئۇنىڭ گېپىدىن سەل ھەيرانلىق ھېس قىلىپ يەنە سورىدىم:

ـــ ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغۇدەك دېگىنىڭ نېمە گەپ؟ باشقىچە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟

ـــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە! توي قىلغانىكەنسەن تۈزۈك قىلىشىڭ كېرەك، بولمىسا قىلمايلا قويغان ياخشى، ـــ ئۇ بىردەم جىم بولۇپ كېتىپ يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ـــ بەزى ئاغىنىلەر قانداق ئويلايدىكىن ـ تاڭ بىلمىدىم، ئەمما مەن توي ئىشىمغا باشقىچە مۇئامىلە قىلىمەن. چۈنكى ئادەم ئۆمرىدە نەچچە قېتىم توي قىلىدۇ دەيسەن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا توي قىلىپتۇ دېگۈدەك قىلىش كېرەك!

ـــ ھەر ھالدا ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرگىنى ياخشىمۇ دەيمەن، ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا سەمىمي مەسلىھەت بەرمەكچى بولۇپ، ـــ ناۋادا تويىنى چوڭ قىلىشقا قۇدرىتىڭ يەتسە، كېيىن قىينىلىپ قالمىساڭ بۇ بىر گەپ، بىراق زومزو تويىنى چوڭ، ھەشەمەتلىك قىلىمەن دەپ، كېيىنكى تۇرمۇشنى ئونتۇپ قالساڭ

www.uyghurkitap.com

بولماسمىكەن؟!

— بۇ جەھەتتە ئىككىمىزنىڭ قارىشى
ئوخشىمايدىكەن، — دېدى ئۇ سۆزۈمنى قېقىپ —
مېنىڭچە توينى قانچە چوڭ، ھەشەمەتلىك
قىلساڭ، ئەل - ئاغىنىلەر ئارىسىدا نام - ئاب-
رويۇڭ شۇنچە يۇقىرى، يۈزۈڭمۇ يورۇق
بولىدۇ، بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرەلەي-
سەن. توي قىلدىڭمۇ قىلدىم دەپ پەخەسق-
لىق بىلەن قىلغان توينىڭ نېمە ئەھمىيىتى
بولسۇن، باشقىلار كېيىن سۆز - چۆچەك
قىلماي قالامدۇ؟ شۇڭا مەن جېنىم چىقىپ
كەتسىمۇ پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكۈدەك
توي قىلاي دەۋاتىمەن.

مەن مېيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ئارى-
نى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى. تالادا
قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن
يەنە ئۆز قارىشىمنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم:

— مېنىڭچە بۈگۈنكى كۈندە زومۇزو
چوڭ توي قىلىشنى ھېچكىم قىلمايدۇ.
ھەممە ئىش توي كۈنى بىلەنلا تۈگىمەيدۇ-
دە! كېيىن تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغاندا ھەر
خىل كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. خۇ-
شاللىق ئىش غەم - قايغۇغا ئايلىنىدۇ. بۇن-
داق ساۋاقلار كۆپ - قۇ! ھەر ھالدا...

— بولدى - بولدى! — دېدى ئۇ كېپىم-
نىڭ بېلىگە تېپىپ، — بىلەمسەن، «جانىدىن
كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ». توي
بولىدىكەن، چىقىم بولىدۇ. ئازتولا قەرز-
دارمۇ بولۇپ قالىدىغان گەپ. لېكىن بۇنىڭ
كارايىتى چاغلىق. ئۆلمىسەك قەرز دېگەنني-
مۇ تۆلىگۈدەك بولىدۇ. مۇھىمى يۈز - ئابروي!

— ئىختىيارىڭ. لېكىن ئاتا - بوۋىمىز-
نىڭ «يېتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن
سۆزىنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما، ياخشى
نىيەت بىلەن مەسلىھەت بېرىپ قويدۇم. ئوي-
لىنىشىپ باقارسەن.

— ھىم، مېنى ئويلىمىدى دەۋاتام-
سەن؟ ھەممىنى ئويلىنىپ بولغانمەن. سىلەر
توينى ئوبدان قىزىتىپ بەرسەڭلارلا بولدى!
ئۇ نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ بىردەم جىمىپ
كەتتى - دە، يەنە قوشۇپ قويدى، — كۆڭ-
لۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، مەن ئىدارىدىكى
ئاغىنىلەرگە توي دېگەننىڭ قانداق بولىدىغان-
لىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچىمەن!

* *

جالالىدىننىڭ تويى يېڭى يىلغا ئىك-
كى كۈن قالغان بىر شەنبە كۈنىسى بولدى.
توي ھەقىقەتەنمۇ ھەشەمەتلىك باشلاندى.
ئىدارىنىڭ شۇنچە كەڭ ئاشخانىسىنىڭ ئىچى-
دىكى ئۇزۇن نەچچە شىرەنىڭ ئۈستى ھەر خىل
يېمەكلىك، ئالىي دەرىجىلىك ھاراق - شاراب
بىلەن تولغانىدى. چاقىرىلغان مېھمانمۇ كۆپ
بولۇپ، ھەر خىل كىيىنىشكەن قىز - يىگىت-
لەر كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ، ئاشخانىنى بې-
شىغا كىيگەنىدى. چۈشتىن باشلاپ تا كەچ-
بولغۇچە يېيىش - ئىچىش، كۈلكە - چاقچاق،
تانسىلار ئۈزۈلمىدى. كۈلرەڭ سارجىدىن
كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن جالالىدىن توزدەك
ياسانغان قىزنىڭ يېنىدا غالىپلارچە غادىيىپ
ئولتۇراتتى. ئارىلاپ تانسىمۇ ئويناپ قوياتتى.
تى. ئۇنىڭ مايلىنىۋالغان قاپقارا چاچلىرى ئالا-
يېشىل چىراغلار تەپتىدە تېخىمۇ پارقىراپ
تۇراتتى. تالادا بولۇۋاتقان قاتتىق سوغۇققا
قارىماي، زالنىڭ ئىچىدىن ئوت چىقىپ كەت-
كەنىدى. بىز ئىدارىدىكى بويتاق ياشلاردىن
بىرنەچچەيلەن مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ،
يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشىپ يۈرەتتۇق.
يىگىت بېشى بولۇپ توينى باشقۇرۇپ يۈر-
گەنلەر جالالىدىننىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى
شاھىدىن بىلەن بىزنىڭ ئىدارىدىكى راخ-
مان دېگەن يىگىت ئىدى.

— قىنى، ھۆرمەتلىك مېھمانلار، — شاھىدىن ئىچىپ قىزدۇالغاچقىمۇ ياكى ئۆزىنى تويىنىڭ ئىگىسى مەن دەپ قارىغاچقىمۇ، ھە دېسلا ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ ۋارقىراپ قوياتتى، — داستىخىنىمىز كۆكۆلدىكىدەك بولمىغان بولسىمۇ كەڭ-كۆشادە ئايلىلى، بوتۇلكىلار قۇرۇغدىلىپ تۇرسۇن!

بىز بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ يۈرۈپ چاي قويۇپ بولغاندىن كېيىن بىر بوش شىرەگە كېلىپ ئولتۇردۇق. بۈگۈنكى تويدىن مېنىڭ راستىنلا ئاغزىم ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۆزەمچە: «ھەي ... جالالىدىن ھەم پەچى، ھەم نوچى ئوخشايدۇ-جۇمۇ!» دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. بىرەيلەن پەس ئاۋازدا گەپ باشلىدى:

— جالالىدىن بۇنچە ئىقتىسادنى قانداقمۇ جايلىغاندۇ ئاغىنىلەر؟ مۇنداق توي قىلىش ئاسان ئەمەس، جۇمۇ!

— مەنمۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدى يېنىمدىكىلەردىن بىرى، — خەۋىرىڭلار بار، ئۇنىڭ خىزمەتكە چىققىنىغا ئەمدىلا ئۈچ يىل بولدى، بۇنچە ئىقتىسادنى نەدىن يىغالىسۇن؟ قارىغاندا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى ياخشى بولسا كېرەك، شۇلار ياردەم قىلدىمىكىن-تاڭ!

— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، — ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئۇلار پۇل ئەۋەتىپ بېرەلىگۈدەك ئادەملەر ئەمەس. مېنىڭچە ئۇ ئاغىنىلىرىدىن نۇرغۇن قەرز ئالغان بولسا كېرەك.

— قەرز ئالسىمۇ ئاخىر تۆلەيدىغان گەپ-تە! كېيىن قانداقمۇ قىلار؟ — دېدىم مەن.

مۇزىكا توختىماي ياڭراپ تۇراتتى.

قىز-يىگىتلەر ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا كېپىنەكتەك پىرقىرىشىپ تانسا ئويناشاتتى. جالالىدىن راستلا: «توي دېگەن مۇنداق بولىدۇ، كۆرۈپ قويۇڭلار» دەۋاتقاندەك پات-پات بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەتراپتىكىلەرگە نەزەر تاشلاپ قوياتتى...

سائەت 10 دىن كېيىن يىراقتىن كەلگەن ۋە ئالدىرىغان مېھمانلار جالالىدىن بىلەن خوشلىشىپ، بىرلەپ-ئىككىلەپ قايتىشقىلى تۇردى. بۇ چاغدا شاھىدىن خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ، دەلدەڭشىپ ئارانلا مېڭىپ يۈرەتتى. شۇ ئاردا راخمان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يولداش شاھىدىن، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بۇلارنى كۆچۈرۈپ ئۆيىگە ئاپارغاندىن كېيىنمۇ يەنە بىرئاز ئولتۇرىدىغان گەپ. توينى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرساق قانداق دەيسىز؟ — دېدى.

شاھىدىن خۇددى بۆشۈكتەك ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ تۇرۇپ تىلى كالۋالاشقان ھالدا:

— بولمايدۇ، تېخى ئوينايمىز. بىلىپ قويۇڭ، تويىنىڭ ئىگىسى مەن. مەن قاچان تۈگىدى دېگەندە ھېساب! — دېدى-دە، كۆپچىلىككە قاراپ ۋارقىرىدى، — خاتىرجەم ئويناڭلار يولداشلار، چاتاق يوق ئوينايمىز!

بىراق مېھمانلار چارچاپ قالغاچقىمۇ بىر-بىرلەپ كېتىشىپ، شاھىدىننىڭ گېپى ئاقماي قالدى. ئاخىر راخمان مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتىپ، تويىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كېتىدىغانلار كېتىشتى. بىر قىسىم يېقىن دوستلىرى ۋە ئىدارىدىكى بويتاقلار قىز-يىگىتنى كۆچۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن قوزغالدۇق. گارمونچى يىگىت ناخشا باشلىۋەتتى. ھەممىمىز قىز-

www.uyghurkitap.com

يىگىتنى ئۇتتۇرىغا ئېلىپ زالدىن چىقتۇق.

ئۇلارنى كۆچۈرۈپ بارىدىغان ئۆي ئىدارىنىڭ كەينىدىكى قورۇدا بولغاچقا پىيادە ئېلىپ ماڭدۇق. شاھىدىن تەگشىلىپ قالغانىدى، شۇڭا يولبويى ئالىجوقى سۆزلەپ ماڭدى، ئۇ ھە دېسىلا ئاغىنىسى جالالىدىننىڭ بېقىنىغا كىرىۋېلىپ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ قويۇپ ئاۋازىنىڭ بارىچە كۈلەتتى...

مەن قىز - يىگىتنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. چۈنكى بۇ ئۆي يېڭى توي قىلىۋاتقانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى 10 يىل ئۆي تۇتقانلارنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئېسىلراق ياسالغانىدى. ئۆيدە رەڭلىك تېلېۋىزور دېمەيسىز، ئۈنئالغۇ دېمەيسىز، كىرىلو دېمەيسىز، ئىشقىلىپ زامانىۋى جاھازلارنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى. ئاپئاق داستىخانلار سېلىنغان شىرە ئۈستىگە ھەر خىل يېمەكلىكلەر، ھاراق، پىۋىلار تىزىلغانىدى. قىز بىلەن يىگىتنى مەركەز قىلغان ھالدا قىزىق چاقچاقلار باشلىنىپ كەتتى. شاھىدىن ھە دەپ قالايمىقان گەپ قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. ئۇنىڭ مەسلىكتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى غەلىتە پارقىرايتتى. بويىنىدىكى گالستۇكى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ ياقىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، كاستۇمىنىڭ بىر پېشى ئېگىز، بىر پېشى پەس بولۇپ، كۈلكىلىك بىر ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ تىلىنى يالاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يې... يولداشلار، مەن ... مەن بۇ ئىدارىنىڭ ئادىمى ئەمەس، لېكىن تې... توينىڭ خېجايىنى، ئىگىسى مە ... مەن بولىمەن. جا ... جالالىدىن مېنىڭ جا ... جان دوست ئاغىنەم. شۇ ... شۇنداقمۇ جالالىدىن؟ ئۆ ... ئۆزەڭ ئېيتقىنا - ئاداش!

ئۇنىڭ ئەزمىلىكىدىن قىزلار بىرار بولۇپ ئۆزئارا كۈلۈشكىلى تۇردى. قىزنىڭ يېنىدا مەغرۇرلۇق ۋە ئۆزگىچە سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان جالالىدىن خىجىل بولغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بولدى شاھىدىن، بۇلارنى دېمىسەڭمۇ بىز جان دوست ئاغىنە. بۈگۈن كۆپ جاپا چەكتىڭ. رەھمەت ساڭا، ئەمدى جىم ئولتۇرغىن، — دېدى.

— ھە ... ھەببەللى! بۇ ... بۇ كېپىك جايىدا، ئە ... ئەلۋەتتە ماڭا رەھمەت ئېيتىشىڭ كېرەك - تە! قا ... قانداق دېدىم چىرايلىق قىزلار؟ ھا - ھا - ھا ...

— ۋاي - ۋۇي، نېمە لاۋزىلىشىدۇ ماۋۇ ئادەم! — دېدى قىزلاردىن بىرى پىچىرلاپ.

شاھىدىن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. راخمان ئۇنىڭ ئاغزىدىن قالايمىقان گەپ - سۆز چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، — دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى - دە، مۇلايىملىق بىلەن:

— شاھىدىن، سىز راستلا جالالىدىننىڭ جان دوست ئاغىنىسى ئىكەنسىز. بۇنى ھەممىمىز چۈشەندۇق. ئەمدى بىردەم ئولتۇرۇۋالامسىز؟ — دېدى.

شاھىدىننىڭ چىرايى بىردىنلا غەلىتە ئۆزگىرىپ راخمانغا ئالايدى:

— سىز ... سىز مېنى نېمىشقا گەپ قىلغىلى قويمايسىز؟ مېنىڭ تېخى گېپىم بار. تو ... توينىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىمنى بىلمەيۋاتامسىز؟ نېرى ... نېرى تۇرۇڭ!

بىز بۇ ئىككىسى سەن - پەن دېيىشىپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ قالدۇق. بۇنى ئاز دېگەندەك شۇ ئەسنادا چاي قو-

يۇپ يۈرگەن بىر قىز كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ تۇرۇپلا:

— بۇ كىشى خېلى ئېغىر مەس بولۇپ قاپتۇ. ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزۇپ قويساڭلارچۇ! — دېدى، شاھىدىن دەرھال نەزەرىنى بۇ قىزغا ئاغدۇردى:

— مېنى مە ... مەس دەۋاتامسىز، چىرايلىق قىزچاق؟ مە ... مەن مەس ئەمەس، كىم مېنى مەس دەيدىكەن، تا ... تاناۋىنى ...

— ئۇ شۇنداق دەپ قولىنى بىرلا سىلكىۋىدى، كەينىگە دەلدەڭشىپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدى. راخمان چاققانلىق بىلەن كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى - دە:

— راست سىز مەس ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىر ئاز دەم ئېلىڭ، قىزىق چاي قۇيۇپ بېرەي ئىچىۋېلىڭ! — دېدى. لېكىن شاھىدىن قوپاللىق بىلەن ئۇنى ئىتتىرىپ يەنە تىلىنى چايناشقا باشلىدى:

— مە ... مەن چاي ئىچمەيمەن. ھا... ھاراق بېرىڭلار. قېنى بوتۇلكا؟ جان دوست ئاغىنەمنىڭ تو... تويىدا يۈ ... يۈرەك چىلاشمىسا بولامدۇ! ھا - ھا - ھا...

ئۇ شىرە ئۈستىدىكى بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىۋېلىپ ئاغزىغا ئېلىپ بارغانىدى، يېنىدىكىلەر دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. ئۇ ھاراقنى ئالىمەن دەپ بىرلا كۆچىگەنىدى، كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ تامغا يۆلىنىپ قالدى - دە، بېشى تامدىكى چىرايلىق ئەينەك جازىغا تېگىپ، جازا يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ۋايجان! — قىزلاردىن بىر نەچچىسى چۇقۇرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

— شاھىدىن، نېمانداق ئەسكىلىك قىلىسەن؟ بىردەم جىم ئولتۇرساڭچۇ! — دېدى جالالىدىن خاپا بولۇپ.

— نېمە دېدىڭ؟ ئە ... ئەسكىلىك دەمسەن؟ — شاھىدىن كۆزلىرىنى قورقۇنچلۇق پارقىرىتىپ جالالىدىنغا تىكىلدى. — مەن ... مەن ھېچقانداق ئە ... ئەسكىلىك قىلمىدىمغۇ؟! — ئاندىن ئۇ كۆپچىلىككە بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى، — بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشىمغا يول قو ... قويمامسىلەر؟

— بېرىپتۇلا، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار سۆزلىسۇن. مەسىنىڭ گېپىمۇ بىر خىل تاماشا ئەمەسمۇ! — دېيىشتى بەزىلەر تۇشمۇ تۇشتىن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاھىدىن خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتى:

— ما ... ما ... مانا، بۇ گەپ يارايدۇ! مەسىنىڭ گېپى ئەلبەتتە تا ... تا... تاماشا! ھا - ھا - ھا ... ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئە ... ئەلۋەتتە شۇنداق بو ... بولىدۇ. پېقىر ئاز، ئەمما سا ... ساز گەپ قىلىدۇ. مە ... مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن جالالىدىن گوركىي قىلىدۇ. ھا - ھا - ھا ... — ئۇ تۇختىماي كۈلەتتى ۋە يىلتىزى چىرىدىپ كەتكەن دەرەخ بوراندا ئىرغاڭشىغاندەك ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغىراق كەلدى، — مۇشۇ ئولتۇرغان كۆ... كۆپچىلىكلار مېنى تونۇمايسىلەر، ماۋۇ يېڭى باغنىڭ گۈللىرىدەك ئولتۇرغان گۈ ... گۈزەل قىزلارغۇ مېنى تېخىمۇ تونۇمايدۇ. ھا - ھا - ھا... شۇڭا ئۆ... ئۆزەمنى جالالىدىن بىلەن بولغان دوس... دوستلۇقۇمنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي دەيمەن. با ... باشقا مەقسىتىم يوق، — ئۇ بىردەم قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خوش، بايا دېدىم، جا ... جالال-

www.uyghurkitap.com

دىن ەھېنىڭ جا ... جان دوستۇم. دوسـتـ
لۇق دېگەن نېمە بىلەمسىلەر؟ بىر بىرىدىن
ھېچنېمىسىنى، ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمىسا ئا...
ئاندىن ئۇنى جان دوست ئاغىنە دېگىلى
بولىدۇ. ھە ... مەن جالالىدىنىدىن ھېچنې
مەمنى ئايىمىدىم. ئەگەر ھە ... مەن بولـ
مىغان بولسام، ەـېنىڭ يار ... ياردىمىـم
بولمىغان بولسا، دوستۇم جالالىدىن بۈگۈنـ
كى بۇ تويىنى قىلالمايتتى. با ... باشقىلارـ
مۇ ياردەم قىلغاندۇ، لېكىن ەە... ەەن ....

جالالىدىن بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەنـ
دەك ئېتتىك ئۇنىڭغا قاراپ قېيدى ۋە سەل
ئۆكۈشكە باشلىدى. شاھىدىن تىلىنى يالاپ
بىر پەس جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كىمـ
نىڭ ئىككەنلىكىنىمۇ سورۇشتۇرمەي قولىغا چىقـ
قانلا بىر پىيالىدىكى چاينى ئالدى ـ دە،
سىمۇرۇۋېتىپ ئالدىرىماي سۆزىنى داۋام
قىلدى:

ــ مەن دوستلۇق بۇ ... بۇرچۇمنى
ئادا قىلدىم، لېكىن «ئىشەنگەن تاغدا كىـ
يىك ياتماپتۇ» دەپ، جا ... جالالىدىنىڭ
بەزى ئاغىنىلىرىدىن تويغا ھېچنېمە چىقمىـ
دى. ما ... مانا مەن نەخ پۇلدىنلا بىرمىڭ
500 كوي قەرز بەردىم. راستىمۇ جالالىدىن،
ئۆزەڭ ئېيتە، ەاۋۇ كۆپچىلىك ئاڭلىسۇن!

جالالىدىنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىـ
رىپ كەتتى ـ دە، لام ـ جىم دېمەي بېشىنى
تۆۋەن سالدى. ئۆيدىكى ھەممەيلەن جالالـ
دىنغا قاراپ قېلىشتى.

ئەلتۇرۇشنىڭ كەيپى ئۇچتى. بىراق
«تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق، ساراڭـ
نىڭ بازار بىلەن» دەپ شاھىدىنىڭ بۇ
سەتچىلىك بىلەن نېمە كارى بار دەيسىلەر؟
ئۇ ھازىر ھېچكىمنىڭ گېپىنى يېمەيتتى.
ئۇ تېخىمۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ مەغرۇرلۇق

بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى:

ــ دوستلار دېگەن ما ... مانا شۇنـ
داق بولۇشى كېرەك! ھە ... ھەممىڭلار تامـ
دىكى ەاۋۇ چىرايلىق گىلەمگە قاراڭلار، مەن
ئۇنى بىر ... بىرنەچچە ئاي بۇرۇنلا تو...
توي قىلىپ قالسام دەپ، ھى، ھى، ھى،...ــ
ئۇ بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قىزـ
لارغا بىر ـ بىرلەپ سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.
قىزلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، نېمىلەرنىدۇر
پىچىرلىشىپ يۈزىنى ئۆرۈشتى. ئۇ ھە دەپ
تىلىنى يالاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى،ــ شۇنـ
داق، تو ... توي قىلىپ قالسام دەپ 600
كويغا ئالغان. بۇنىمۇ جا ... جالالىدىنغا
قەرز بېرىپ تۇردۇم. بىرەر ئاي تامغا تارـ
تىپ تۇراي دېگەنتى. بولدى ئاداش، بۇ...
بۈگۈن مۇشۇ 30 ئوغۇلنىڭ ئالدىدا ئېيتىپ
قوياي، بىرەر ئا... ئاي ئەمەس، دا ... داـ
ۋاملىق ئىشلىتىۋەرگىن. بىراق، كىر ... كىر
قىلىۋەتمە جۇ ... جۇمـۇ، ئاداش! ھا ـ ھاـ
ھا...

غەزەپتىنمۇ ۋە ياكى خىجىل بولۇپ
كەتكەنلىكتىنمۇ، بېشىغا نېپىز ياغلىق سېـ
لىۋالغان قىزنىڭ ئىككى مورىسى تال يوپۇرـ
ماقلىرىدەك دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى. بېـ
شى شىرەنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتەيلا دەپ
قالغانىدى. جالالىدىنمۇ نېمە قىلىشىنى بىلـ
مەي تىپىرلاپ ھە دەپ لەۋلىرىنى چىشلەيتتى.

ــ بولدى قىلىڭ شاھىدىن،ــ دېدى
بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سەل ئاچچىقى
بىلەن،ــ ئوبدان دوست ئىكەنسىلەر. بولدىـ
غۇ، بۇيەردە ئەزۋەيلەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە
ھاجىتى؟

ــنېمە ھاجىتى دەمسىز ئە ... ئەلـ
ۋەتتە ھاجىتى بار. مەن سىلەرگە جا ... جاـ
لالىدىن بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى چۇـ



شەندۇرۇۋاتىمەن. ما ... مانا، تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، ئىككى ئېغىز گېپىم قالدى. بۇ بىچارە ئاغىنەم تو ... تويىنى قالتىس قىلىمەن دەپ ئۆزىگە بىرەر قۇر يېڭى كاستۇم-بۇرۇلكىمۇ تىكتۈرۈپ كېيەلمىدى ...

جالالىدىن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. لېكىن ھېچنېمە دېيەلمىدى. پەقەت «ماۋۇ ئەبلەخنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار» دېگەندەك قىلىپ يېنىدىكىلەرگە تەلمۈرۈپ قاراپ قويدى ...

— لېكىن مە ... مەن يەنە ياردەم قولۇمنى سۇندۇم. ئاۋۇ ئۇچىسىدىكى كاستۇم-بۇرۇلكىمۇ مېنىڭ. ئاۋۇ پەلتومۇ مېنىڭ. شۇنداق. ئۇنىڭدىن باشقا ...

— بولدى ئاغىنىلەر، بۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرەمسىزمۇ؟ نېمە رەسۋاچىلىق بۇ!— دېدى جالالىدىننىڭ بۆلۈمىدىكى بىر يىگىت چاچراپ تۇرۇپ ۋە بىرسىگە ئىشارەت قىلدى-دە، ئىككىسى بىر بولۇپ، ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. لېكىن شاھىدىن ئۇنىماي ھە دەپ كەينىگە تىرەجەپ ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇناتتى ۋە توختىماي سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ئاۋۇ ئۇنئالغۇنىمۇ مەن قەرز ...

ئىشىك قاتتىق يېپىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆچتى.

ئۆينى ئاجايىپ بىر كۆڭۈلسىزلىك چۇلغىۋالدى. ھەممەيلەن بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشاتتى. بىردەمدىن كېيىن تۇشمۇتۇشتىن پىچىرلاشلار، ھەر خىل شاۋقۇنلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بەزىلەر قايتماقچى بولۇپ چاپانلىرىنى ئىزدەشمەكتە ئىدى ...

خىجىللىقتىن پۈتۈنلەي ھوشىنى يوقىتىپ قويغان قىز كەينىدىكى كارىۋاتقا بېشىنى قويۇپ ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. ئەمما جالالىدىن خېلى چىداشلىق ئىكەن. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن ۋە كۈندۈزدىكى مەغرۇرانە سۆلىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولسىمۇ ھەر ھالدا يىقىلىپ چۈشمەي ئولتۇراتتى.

بىردەمدىن كېيىن بۇ كۆڭۈلسىز جىمجىتلىقنى يەنىلا راخمان ئېگىلماقچى بولۇپ، قىز بىلەن يىگىتكە قاراپ تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى:

— كېرەك يوق جالالىدىن، مەس دېگەن ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ. توي

(ئاخىرى 103 - بەتتە)

## تەرجىمە گۈللەر

خالىدە ئىسرائىل

# ئېھ، ھايات

(ھېكايە)

بۇ يەرنىڭ تاغلىرى پاكار، ئىچ-ئىچى-
دىن لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغاندەك قىزىل.
خۇددى ئاشۇ نامەلۇم ئىچكى ھارارەت تۇ-
پەيلىدىن چۈغقا ئايلىنىپ، ۋۇجۇدىدىكى
ھاياتلىقنى قۇرۇتۇۋەتكەندەك تاقىر، پەقەت
قۇمساڭغۇ يانتاقىر، چوڭقۇرلۇقلاردا سۇس
رەڭلىك سۆكسۆك، ئاق تىكەن، ئەۋلەك،
سېسىق ئوتلار، قۇمدەك چېچەكلەيدىغان
يەر باغىرلاپ بىرليانت ئۈزۈكنىڭ كۆزى-
دەك كىچىك، ئەمما بەكمۇ قىزىل گۈل ئاچى-
دىغان ئالىلىقانداق ئوت-چۆپلەر ئۆسىدۇ.
ئاشۇ تاغلارنىڭ مەركىزىدىكى قىزىل، قارا،
كۆل رەڭ، سۆسۈن، سېرىق رەڭلەردە تاۋلىنىپ
تۇرىدىغان زور ئىككى چۈققا ئوتتەك ئىسسىق
چوققىلار ئۈستىدىن گۈڭگۈرت پۇرايدىغان قىزىق
ھوركۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. چۈققىلارنىڭ باغرىغا
رەتسىز جايلاشقان، تاغ ئىچىگە قارىتىپ
ئېچىلىدىغان تونۇردەك ئىسسىيدىغان گەمە،
ئۆرەك، قۇم ۋە تاش ئۆيلەر يىللىغا مىڭلى-
غان ھاجەتمەنلەرنى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.
ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، تاغ-داۋانلار
ئېشىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر يېرىم يالىڭاچ
بولۇشۇپ تاش ئۆي، گەمىلەردە سائەتلەپ
ئولتۇرۇشىدۇ ياكى قۇمغا كۆمۈلۈپ بەدىنى-
نى قىزىق يەرگە يېقىپ يېتىشىدۇ. تەختى-

ماي قويۇلۇپ تۇرىدىغان قايناق تەر كىشى-
لەرنىڭ يىلىك-يىلىكلىرىدىكى تالاي يىل-
لىق يەل، ئەڭگىز، زەئىپلىكلەرنى سۈرۈپ
چىقىرىپ، ئىمجان ۋۇجۇدلارغا يېڭى جۇش-
قۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ.

ئىلمىي خادىملار بۇ جاينى قەدىمىي
يانار تاغنىڭ ئۆچكەن ئېغىزى دەپ قارايدۇ.

— بۇ يەر ئەسلى سۇلىرى سۈزۈك،
تاغلىرى يېشىل، جەننەتتەك بىر جاي ئى-
كەنمىش، — دەپ ھېكايە قىلىدۇ تۇراخۇن
بوۋاي مۈشۈكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان
ساغۇچ يېشىل كۆزلىرىنى قىسىپ، ئويلى-
نىپ، — كېيىن زور بىر ئەجدىھا پەيدا بو-
لۇپ قاپتۇ. ئاغزىدىن تەختىماي ئوت پۈر-
كۈپ دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ ۋە بۇلاق
سۇلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. كىشىلەر تېرىپېت-
رەن بولۇپ قېچىشىپتۇ، پەقەتلا بىر باھادىر
يىگىت قاچماپتۇ. ئەجدىھا بىلەن قىرىق كۈن
ئېلىشىپ، ئاخىرى بۇنى ئوتتۇرىدىن ئىككى
قىلىپ تاشلاپتۇ. ئەنە، ئاۋۇ ئىككى چۈققا
ئەجدىھانىڭ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن جەس-
تىمىش...

بوۋاي بۇ گۈزەل رىۋايەتنى كۈنىگە
قانچە قېتىم تەكرارلايدىغاندۇ-ھە؟ شۇنداق
بولۇشىغا قارىماي، بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر

بوۋاينىڭ بۇ چۈچمەكگە ھېرىس، ئۇلار ھېلىھەم قەدىمىي ئادەملەردەك قامەتلىك، باللاردەك ساددا بۇ بوۋايغا چىن كۆڭۈللىرىدىن ئىشىنىشنى خالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆمرىنى بۇ يەرنىڭ ئىسسىق تاشلىرىغا نان يېقىپ يەپ ئۆتكۈزگەن. ئۇ، پەقەت ئۇلا بۇ خاسىيەتلىك تاغلارنىڭ ھەربىر تاش - توپىرىقى، قۇرت - قوڭغۇزىنى ئۆزىنىڭ بەش قولىنى بىلگەندەك بىلىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا زور كۈنلۈكتەك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان (ئارشاڭ بويىچە بىردىنبىر) مۇشۇ دەرەخنىمۇ كۆپ يىللار ئىلگىرى ئۆزى تىككەن، پۇچۇق ھېجىردا سۇ قۇيۇپ تۇتتۇرغان. ئارشاڭلارنىڭ مۆجىز - تەبىئىتىنى بىلىشتىمۇ بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ھېچكىم يوق، ھەتتا، يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇپ كېلىپ مۇشۇ ئارشاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان دوختۇر قاسىممۇ پات - پاتلا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدۇ. بىر يىلى ئارشاڭنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئالىملارمۇ ئۇنى ئالايىتەن زىيارەت قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا، بوۋاينىڭ دەرەخ ئاستىدىكى كىچىككىنە يايىمىسى بۇ يەردىكىلەرنى ھۆكۈمەت ماگىزىنىدا تېپىلمايدىغان قۇرۇق لازا، پەمىدۇر، ئاقارامۇچ ۋە چاي دورىسى قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا دەرەخ ئاستى ئارشاڭ بويىچە ئەڭ ئاۋات جاي. كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تۇراخۇن بوۋايدىن مەسلىھەت، ياردەم ئېلىپلا قالماستىن، ئارشاڭنىڭ يېڭى خەۋەرلىرىنىمۇ مۇشۇ يەردىن ئۇقىدۇ. بولۇپمۇ، ئاخشاملىرى ئۇلار يىراقلاردا قالغان ئۆيىنى سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى بېسىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىلىپ ئېڭەكلىرىنى تىزلىرىغا چاپلىشىپ تۈگىمەس پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئارشاڭغا كەلگەن ئىككى ھەپتىدىن بېرى ياتاقداشلىرىمنىڭ تەسىرى بىلەن مەنمۇ ئۇ خىل سۆھبەتلەرگە بىرنەچچە قېتىم داخىل بولغانىدىم. سۆھبەتلەر كۆپىنچە ئائىلىكىملەرنىڭ تەقدىرى، ئېرى - خوتۇنى ياكى بالا - چاقىسى، ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ داۋاسى توغرىسىدا بولاتتى. ئۇ سۆھبەتلەرنىڭ تاغدىن - باغدىن باشلىنىپ قومدەك چېچىلىپ كېتىدىغان، ياكى تارالمىغان چاچتەك چىگىشلىنىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. نېمە ئۈچۈنكى، ئۇلار ھاياتىدا ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشمايدىغانلىقلىرىغا كۆزى يەتكىنى ياكى بۇ يەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى كىشىلەرنى باشقىچە ھېسسىياتچان قىلىۋېتىدىغىنى ئۈچۈنمىكىن ھەممىلا ئادەم قورسىقىدا گەپ قالدۇرماي تۆكەتتى. ئاشۇ تۈگىمەس پاراڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ بەزىلەر شادلانسا، بەزىلەر ھاياجانلىناتتى. بەزىلەر ئۆزلىرىچە قايغۇرۇپ ئۇھ تارتىشاتتى. بولۇپمۇ ئاياللار ئانچە - مۇنچە كۆز ياشلىرىنىمۇ تۆكۈشۈۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا پەقەت تۇراخۇن بوۋايلا ئۈندىمەتتى. كۆزلىرىنى چالا يۇمۇپ مۈگدىگەندەك ئولتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ پارىڭىنى تىڭشايتتى، ناگان - ناگاندا ئاغزى ئېچىلىپلا قالسا يۇمۇلمايتتى.

تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرى بىلەن يەرجاھاننى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن ئاخشاملارنىڭ بىرىدە، ياتاقدىشىم ــ شەھەرلىك موماي ئۇھ تارتقىنىچە گەپ باشلاپ قالدى.

ــ توققۇز ئوغۇلنى قاتارغا قوشۇپتىمەن، لېكىن ـ زە، بىر تال بولسىمۇ قىزىمنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەت چېكىمەن، كېلىن دېگەن مىڭ قىلسا ئاچقان يېرىگە بارمايدىكەن، بۇ قېتىم ئامالسىز ئۆيىنى شۇلارغا

تاشلاپ كەلدىم-يۇ، بىر كۆزۈم كەينىمدە
قالدى...

— شۈكرى قىلسىلا، ھېلىمۇ زۇۋۇلە-
لىرى چوڭ ئۈزۈلۈپتىكەن، — دەپ سۆز
قىستۇردى ئالتاي تاغلىرىدىكى بىر ئورمان-
چىلىق مەيدانىدىن كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق
ئىشچى ئايال، — بىرەر بىر ئۆمۈر داغدا
قالغان بولسىلا قانداق قىلاتتىلە؟

ئۇ ئادەتتە بۇ خىل پاراڭلارغا زادى
ئارىلاشمايتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى تاغلار-
نىڭ يوچۇقلىرىغا قاتار-قاتار ئېكچا ياقات-
تى. ئويان-بۇيان پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان
ئوت ئالدىدا ئولتۇرۇپ «كارامەتلىك ئوت
ئارشاڭ مازا غوجام» دىن بىر پەرزەنت
تىلەيتتى، قاپقارا، سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ
چىققان قوللىرى بىلەن ئوت ئىچىدىن بىر
نېمىلەرنى سۈزگەندەك قىلاتتى. ئوتقا تەگ-
كەن قوللىرىنى بويۇن، باش، كۆكرەكلىرىگە
سۈركەيتتى. ئوكچىلار پىل-پىل قىلىپ ئۆچۈش-
كە باشلىغاندا، ئىككى قولىنى مەيدىسىگە
باسقىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزاققىچە
ئولتۇراتتى.

— ئاھ، تەڭشەلمىگەن ئالەم، — دەپ
ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى يەنە بىر چوكان ئاغ-
زىنىڭ بۇرجىكىدىكى ئالتۇن چىشىنى پار-
قىرىتىپ، — گۈلدەك چىرايلىق ئوغۇل-قىز-
لىرىم، تۇققۇزى تەل ئۆيۈم بار ئىدىغۇ،
بىراق بەختىمنى قارا قىلغىنى ئېرىمنىڭ
زالىملىقى بولدى. بىر كۈنى تونۇرغا ئوت
سېلىۋاتاتتىم، بىرىنىڭ ئادەم ئىشكتىن بو-
راندەك كىرىپ كەلدى-دە: «ئۇسساپ
كەتتىم خوتۇن، بىر چىنە چاي بەرگىنە»
دېدى. بىر قولۇمنى ئون قىلالماي نۇرغاندا
ئالدىراپ قولۇمغا يېقىنراق تۇرغان چىنە-
دىن بىرنى ئېلىپلا تۇتقۇزۇپتىمەن، چىنىگە
بىر قارىدى-دە، باغقا پىرقىرىتىپ ئاتتى. «ۋاي

نېمانداق قىلىلا، ساراڭ بولدىمۇ؟» دېسەم
ئالدىمغا ئۇرغىلى دېۋەيلەپ كەلمەسمۇ... چا-
لا ئاقارغان تونۇرنىمۇ، يوغان تەگلىدىكى
خېمىرىمۇ تاشلاپ يېنىپ چىقتىم، ھېلىمۇ
ياخشى ئېرىمدىن يوشۇرۇن يىغقان پۇللىرىم
يېنىمدىكەن دەڭلا، مانا بىر ئايدىن بېرى
بۇ يەردە.

— ۋاي خېنىم، ئۆينى تاشلاپ بېرىپ
يامان قىپسىز، — دەپ ئىچىندى بىر ئايال، —
تاياق يېگەنگە سىز بىلەن بىز ئۆلۈپ قا-
لاتتۇقمۇ، ئەر كىشى دېگەن ئەسكى نېمە،
بۇ ۋاقىتچە ئورنىڭىزغا چوكاندىن بىرنى
ئەكىرىپ بولدىمكىن تاڭ...

چوكان قىزاردى، ئۆڭدى.

مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرگەن جالاپنىڭ
چېچىنى يۇڭداپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويار-
مىنا! — دېدى راستىنلا بىرۋنىڭ چېچىدىن
قامالاشقا تەييارلانغاندەك بىر قىياپەتتە،
لېكىن، ھايال ئۆتمەي بولۇتلار ئارىسىدىن
پاللىدا ئاي كۆرۈنگەندەك كۈلۈشكە باشلى-
دى، — ۋايىيەي، تېپىلماسنىڭ خورەمسىمىدى!
يامىنى كەلسە ئارشاڭغا يېنىپ كېلىپ قا-
سىم دوختۇرغا تەگمەمدىمەن ھا-ھا-ھا...

ھوماي شوخ چوكاننىڭ چاقچىقىغا
ئىشىنىپ قالدى بولغاي، ھە دەپ بېشىنى
چايقاشقا ۋە ياقىسىنى چىشلەشكە باشلىدى:

— ھەي تاڭەي، قاسماخۇنغۇ ئېسىل
بالا، شۇغىنىسى ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ئايا-
لىنى ئۇنتالمايدۇ، دېيىشىدىكەن. بولمىسا
شەھەردە نى-نى لايىقلار چىقىپتىكەن، ھېچ-
قايسىغا كۆڭۈل بەرمەپتۇدەك.

— ياق، گەپ باشقا يەردىمىش، — دەپ
گەپ ئارىلىدى يەنە بىر ئايال، — سېستىرا-
لارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قەشقەرلىك بىر
چوكان ھەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتلاردا قاسىما-

خۇننى دەپ ئاتايتتەن بىر كېسەلمىش. دوختۇر ئېغىز ئاچمايدىكەن، ئەمما ئىچ-ئىچىدىن كۆيىدىكەن.

پاراڭ شۇ يەرگە كەلگەندە ئەتىگەندىن بېرى مۈگدەپ ئولتۇرغان تۇراخۇن بوۋاي ئۆزىنى رۇسلىدى. بىر كۆزىنى قىسىپ ئېچىپ، نەگىدۇر تىكىلدى. ئارقىدىن ئاپئاق ساقال-بۇرۇت بېسىۋالغان ئاغزىنى مىدىرلىتىپ گەپكە ئارىلاشتى.

— توغرا، شۇنداق بىر ئايال بولىدىغان، ئىسمى گۈلچېھرەمۇ، گۈلبەھرەمۇ... ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا كەلگەندە ساقىيالىشىغا ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك ئادەممۇ يوق. ئاشۇ قاسىم بالا بىلەن سۇچى نىياز ئۇنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئارشاڭغا يۈدۈپ ئەپچىقىپ يۈردى. ئاش-تامىقىدىن خەۋەر ئالدى. ساق ئىككى ئاي بولدى دېگەندە، ئايال بىر كارامەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىراق ئۇ كېتىدىغان كۈنلىرى قاسىم بالا خوشلاشمايلا تۇيۇقسىز يوق بولۇپ كەتتى. سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىچارە چوكان قار-يامغۇر يىغلاپ كەتكەنىچە ئىككىنچى يىلى يازدا «ئۇزۇل-كېسىل ساقىياي دېدىم» دەپ يەنە كەلدى. بىراق ئۇ قېتىممۇ ئۇ يولغا چىقىدىغان كۈنلەر يېقىنلاشقاندا قاسىم يەنە جىن ئۇرغاندەك يوق بولۇپ كەتتى. لېكىن-زە، قاسىم شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمۇ ئاش-تاماق كېلىدىن ئۆتمەي، ئېچىلىپقىنا بىر كۈلمەي، رودەك يۈرگىنى يۈرگەن.

شۇ ئاخشىمى كىشىلەر مىجەزىنىڭ سەل توڭلۇقىغا قارىماستىن ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ياش ئارشاڭ دوختۇرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئۆزلىرىگە نامەلۇم بولغان قانداقتۇر بىر قەشقەرلىك ئايال توغرىسىدا ئۇزاققىچە سۆزلىشىشتى.

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئاجايىپ، كۈن قىزىرىپ چىققاندىن تارتىپ غەربتىكى چوققىلار كەينىگە ئۆتۈپ غايىپ بولغۇچە تېخىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دەسلەپ پارچە-پارچە بۇلۇتلار قۇياش بىلەن ئويناشقاندەك، گاھ ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇۋالسا، گاھ ئېچىۋېتىدۇ. بىر پارچە بۇلۇت قۇياش يۈزىگە تىكىلىپ تۇرغان ھامان تۇرۇكلاپ يامغۇر قۇيۇلىدۇ. يامغۇردىن كېيىنكى بىر دەملىك دىمىق ئىسسىقتىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ قويۇق كۈلرەڭ بۇلۇتلار ئاسمان يۈزىنى قاپلايدۇ. بۇلۇتلار ئېغىرلىشىپ ئاسمان كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك، پەقەت چوققىلار تىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران كۆتۈرۈلىدۇ. چاڭ-توزان قوزغاپ، يانباغىرلاردا، جىلغىلاردا ھۇشقىرىدۇ. تەرەپ-تەرەپتە تۈۋرۈكتەك ئېگىز قۇيۇنلارنى ھاسىل قىلىپ قەغەز پارچىلىرى ۋە قۇرۇق ئوت-چۆپلەرنى ئاسماننىڭ قەرىگە ئاتىدۇ. بوران قانداق تېز پەيدا بولسا، ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن شۇنداق تېز غايىپ بولىدۇ. پارلاق قۇياش ئاخىرى يەنە چوققىلار ئۈستىدە كۈلىدۇ. پاكىزە چايقالغاندەك كۆپكۆك، داغسىز ئاسمان ئاجايىپ ئېگىز، ئاجايىپ پاك كۆرۈنىدۇ. مۇنداق كۈنلەردە مېھمانخانىنىڭ قاتتىق كارىۋىتىدا ھاۋا ئېچىلىشىنى كۈتۈپ ياتماقتىن باشقا ئىش يوق. گەپمۇ، ناخشىمۇ تۈگەيدۇ. ئاسماننى باسقان بۇلۇت كىشىلەرنىڭ قەلبىنىمۇ بېسىپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. پەقەت، كەچقۇرۇن ھاۋا ئېچىلغاندىلا كىشىلەر خۇددى يۈكتىن خالاس بولغاندەك يەڭگىللىشىدۇ، چىرايلىرى ئېچىلىدۇ. لىق چاي قاچىلانغان چايدانلىرىنى، شامل-

www.uyghurkitap.com

رىنى ئېلىشىپ قېلىن كىيىملەرگە، پالاس-
چەپتىلارغا ئورىلىپ ئارشاڭغا قاراپ مېڭى-
شىدۇ. بىر ئاخشىمى ئۆگە-ئۆگىلىرىم بو-
شاشقان هالدا ئارشاڭدىن قايتىپ چىقتىم.
ھېلىلا توختىغان بوران بىلەن تازىلانغان
ئاسمان بېتىدە مۆجىزىدەك ناهايىتى كۆپ
يۇلتۇزلار پەيدا بولغانىدى. ئەتراپتىكى پاكار
چېققىلار بىردىنلا ئېگىزلەپ كەتكەندەك
سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. دۆڭگە قاراپ سوزۇل-
غان ئىلانباغرى يول قاپقاراڭغۇ بوشلۇقتا
مۇئەللەق لەيلەپ تۇرغان كەك ئاقۇش لېن-
تىدەك خىرە كۆزگە تاشلىناتتى. تۇيۇقسىز يۇ-
قىرىدىن ئەنسىز ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. كىم-
دۇر بىرى يۈگۈرۈپ كېلەتتى، توختىماي
هاسىرايتتى. «ئۇھ، ۋايجان، ۋايەي» دەيت-
تى. ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم.

— مەن، قورقمىسىلا، — دەپ كۆلدى
ئالتۇن چىشلىق چوكان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، —
ئالدىلىرىغا ماڭغانىدىم.

— نېمە بولدى، شۇنچە؟

يېڭى گەپ. قىزىق ... قايسى كۈنى
كىيى بولغان ئايال بۈگۈن ئەتىگەن كەپتۇ،
قەشقەردىن!

— قايسى ئايالنى دەيسىز، هېچ
ئۇقالمىدىم.

— ۋاي، هېلىقى ئايالچۇ! قاسىم دوختۇر-
غا كۆيۈپ قالغان. قاسىماخۇن ئۇنى كۆرۈپلا
قولىدىكى چايدانىنى يەرگە تاشلىۋېتىپتىمىش،
قايناقسۇدا پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋاپتىمىش.

— شۇ گەپمىدى، قورقۇتۇپ جېنىمنى
ئالدىڭىز. كەلسە كەلگەندۇ، هەر باشتا بىر
سەۋدا ئەمەسمۇ.

چوكان خىجىل بولدىمىكىن، جىمىپ
كەتتى. خىيالىمچە ئۇن-تىنسىز ماڭدۇق.
ياتاققا يېقىنلاشقاندا كەك ئېچىۋېتىلگەن
قاپقاراڭغۇ دېرىزىلەرنىڭ بىرىدىن ئاجايىپ
چىرايلىق بىر ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
چىن يۈرەكتىن چىققان سۈزۈك ئاۋاز يېلىن-
غاندەك ئاستا مۇڭلىناتتى. ھىسسىيات دول-
قۇنى تۈن پەردىسىنى تىترىتىپ گاھ ئۇچۇق-
چىلىقتا مەيىن شامالدەك ئۇچسا، گاھ چوق-
قىلار باغرىغا ئوخچۇيتتى، گاھ تەگسىز
چوڭقۇرلۇقتا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك سو-
زۇلاتتى.

سەنمۇ مېنى ياراتمىساڭ،
رازىمەن، يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
يېرىپ يۈرەكنى كۆرسىتەي.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق ناخشا
بۇ! نەچچە ۋاقىتتىن نەگە كەتكەنىكىنە بۇ
ناخشىلار ... ناخشا سېغىنىپ قاپتۇ جۇمۇ
ئادەم.

ئاشۇ چوكان ئېيتىۋاتىدۇ، — دەپ پى-
چىرلىدى ئالتۇن چىشلىق چوكان، — ئۆزىنى
بىر كۆرسىلىدى تېخى ...

تار، تونۇردەك ئىسسىق تاش ئۆيدە
ئولتۇرىمەن، پۈتۈن جىسمىم گويا تەر بو-
لۇپ قۇيۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. گاھ قازاقلار
بۇلۇڭ-بۇلۇڭلارغا ئېسىۋەتكەن ئاپئاق قې-
يىقچىلارغا، گاھ ئۇدۇلۇمدىكى شەھەرلىك
موماينىڭ قورۇلۇپ، كۆپكۆك تومۇرلىرى
چىقىپ قالغان بويىنغا، بىر تېرە، بىر ئۇس-
تىخان بولۇپ كەتكەن ئۇچلۇق يەلكىلىرىگە،
توققۇز ئوغۇل شوراپ قۇرۇتۇۋەتكەن، ئاز-
غىنە نەرسە بىلەن ئېسىپ قويۇلغان خالتى-
دەك قورسىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان كۆكسىگە
قارايمەن. ئىچىمدە: «يەنىلا هاياتلىق ياخشى،
گەرچە ئىنسان بېشىغا نى قىسمەتلەرنى
كەلتۈرسىمۇ، مىڭ ئۆلتۈرۈپ مىڭ تىرىلدۈر-
سىمۇ، هاياتتىن ئالدىغىنىنى ئېلىپ بولغان

مۇشۇ بىچارىمۇ كۈننىڭ سېھرىقىنى بىرەر كۈن ئارتۇق كۆرسەم دەيدىغاندۇ. بولمىسا مۇشۇ ھالى بىلەن بۇ قىيامەت قەيۇمىنىڭ ئىچىدە نېمەمۇ قىلاردى» دەيمەن. بىردەمدىن كېيىن تار ئىشكتە لىپپىدە بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. دالاندا خېلىغىچە يىپەك كۆڭلەكلەرنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئارقىدىن كۆز ئالدىمدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر نازۇك قامەت پەيدا بولدى. ئېگىز، زىلۋا بىر چوكان تۇراتتى، لىغىلداپ تۇرغان ئاچ يېشىل ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئويمىسىدىن قاردەك ئاپئاق بويىنى، مەرمەردىن ئويۇپ ياسالغان خۇشپىچىم بىلەكلىرى، بوۋاقلارنىڭكىدەك زىنناقلىق بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇردۇ. بوش ئۆرۈلگەن چېچى يۇمىلاق يەلكىسىدە قارا بۇلۇتتەك يېيىلغان. كۈندە قارايغان ساغلام پاچاقلىرى، ھەيدەن شامالدەك مېڭىشلىرى...

ئايال بۇلۇڭغا — ئۇزۇن تاختاينىڭ بۇرجىكىگە ئولتۇردى. شۇ ھامان تاش ئۆي بىردىنلا يورۇپ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇزۇن كىرپىكلەر شەھلا كۆزلەردىكى تەڭسىز ھەسرەتنى يېرىم تۇسقان. پەقەت ئېقىپ چۈشكەندەك تۈز، چىرايلىق بۇرۇن ئاستىدىكى لەۋلەردە — بىر پارچە ئوتتەك ئېچىلىپ تۇرغان گۈلدەك قىپقىزىل لەۋلەردىلا بىر خىل مەيۈسلۈك، ئىزتىراپ ئەكس ئېتەتتى. تۇرۇپلا بۇ مەيۈسلۈك سېزىلەر-سېزىلمەس مۇلايىم تەبەسسۇمغا ئۆزگىرىپ، مەڭزىلىرىگە ئانار سۈيىدەك قىزىللىق يۈگۈرەيتتى. چىڭقۇر ۋە روشەن زىنناقلار پارقىراپ كۆرۈنەتتى. شۇنداق ئولتۇرۇپلا، تۇيۇقسىز ئەندىككەندەك بولاتتى-دە، چىرايى مۇردىدەك ئاقىرىپ ئۇزاققىچە ھېسسىياتسىز قېتىپ قالاتتى. لەۋلىرى، بارماقلىرى تىترەيتتى. ناھايىتى ئۇزاقتىن كېيىنلا ئاستا-ئاستا ئېسىگە كېلەتتى.

ئۇ ئۇزۇنغىچە شۇنداق ئولتۇردى. موماي ئىككىمىزمۇ ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ قارشىسى تەرىپىدە قېتىپ ئولتۇردۇق، تاكى ئۇ قوزغالمىغۇچە مىدىر قىلمىماي ئۇنىڭ بۇ كۆرۈمسىز ماكانغا ماسلاشمىغان ئاجايىپ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپ، ئۆزىمىزنى، پۈتۈن ئالەمنى ئۇنتۇپ ئولتۇردۇق. ئاخىرى تار دالاندا كېيىملىرىمىزنى كىيىۋاتقان چاغدا ئېغىز ئاچتىم:

— سىڭلىم، قەيەردىن بولىسىز؟

— قەشقەردىن، — بۇ شۇنداق ئاۋاز ئىدىكى، گۈدەك قىزلارنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراق كەبى ئاۋازىغىمۇ، دەرد-ئەلەمنى تولا تارتىپ باغرى قىيا تاشتەك قېتىپ كەتكەن مومايلارنىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشىمايتتى.

— سىز بىلەن تونۇشۇپمۇ قالدۇق، ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟

— بولمامدىغان، ئىسمىم گۈلچېھرە.

خۇدايا تووۋا! پالانچى گۈل، پوكۈنچى ئاي دەپ ئاتىلىدىغان ئىسمى جىسمىغا ماس بولمىغان تالاي ئاياللارنى كۆرگەنمەن. ئەمما ئالەمدىكى ماۋۇ ئايالغا ئىسمى خۇددى تۇغۇلۇشىدىلا پېشانىسىگە يېزىلىپ چۈشكەندەك ياراشقان. ياق، مۇشۇ تاپتا بىرسى مۇشۇ ئايالغا ئىسىم قوي دېسە، مېنىڭمۇ خىيالىمغا «گۈلچېھرە» دىن باشقا ئىسىم كەلمىگەن بولاتتى.

گۈلچېھرە، ئاھ، گۈلچېھرە! ئۇ گۈلدەك چېھرىسى، جاننى ئالغۇدەك ناخشىلىرى بىلەن قاقاس ئارشاڭغا يېڭىدىن جان، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. تۇراخۇن بوۋايدىن تارتىپ ئارشاڭلىقلارنىڭ سۆيىنى تېشۇپ جان باقىدىغان نىياز دەللۇشكىچە ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئالالمايتتى.

كۆپ ئەرلەر — مەيلى ئاقساق-چولاق، بېلىنى كۆتۈرەلمەي ياتقانلار بولسۇن، ھەممىسى تىنىمسىز ياتاقلاردا ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغان، تاغ باغرىدىن ئارشاڭ ياتاقلىرىغا قاراپ سوزۇلغان يولدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەرلەرنى ئەتكەن چاي، شورپا بىلەن بېقىشۋاتقان بىچارە ئاياللارنىڭ قەلبىدە بولسا چۈشىنىكسىز غەزەپ لاۋۇلدايتتى. ئۇلار ئولتۇرالمايتتى، ئەتكەن تامىقىنىڭ تەمىنى بىلمەيتتى. كۆڭۈللىرىدە: گۈلچېھرەگە: «خەپ توختاپتۇر، بوزۇق!» دېيىشەتتى. ئەمما گۈلچېھرەنى كۆرگەن چاغلىرىدا ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزۈشمەيتتى. گۈلچېھرە ئەتراپىدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىۋېلىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنلەرگە قاراپ قويسا، زەھەرلىك پىچىرلاشلارغا، خۇشامەتلىك كۈلكىلەرگە قۇلاق سالسا كاشكى، ئۇ پەقەت ئۆششاق بالىلارغا، ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشنى بىلمەيدىغان، ئىگىسىگە سادىق كۈچۈكتەك ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن قالمايدىغان نىيازغىلا بىر خىل ئىسسىق مېھرى بىلەن چىراي ئاچاتتى، پاراڭلىشاتتى، كۈلەتتى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى — ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، گۈلچېھرەنى ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ، يامان كۆرىدىغانلارمۇ ئۇنىڭ تېغىرىسىدا بىرەر خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن ھەر كۈنى كەچتە تۇراخۇن بوۋاينىڭ دەرىخى تۈۋىگە يىغىلىشاتتى.

— ئېيتقىنا ئاكا، بۇ چوكان راستىنلا قاسماخۇننى چۆگىلەپ يۈرەمدۇ؟ ئۇنداقتا قاسماخۇنمۇ-زە، تازا...

شەھەرلىك موماي قايتا-قايتا كېچىلاپ سورايتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە بولسا قوۋلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى:

— ۋاي پاتەمخان، نېمە گەپ كوچىلايدىغانسەن، قېرى ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ قاسىمغا تېگىۋالاي دەمسەن نېمە؟ قاسىمغا بېرىدىغان قىزىڭ بارمىتى-يا؟

موماي رەنجىگىنىدىن تىترەپ ھۇجۇمغا ئۆتەتتى:

— ۋوي ئالجىغان قېرى! ئەسلىدە ئۆزەڭ بوزۇق، خەق بىلمەيدۇ دەمسەن، قويرۇقۇڭنى قوم باسقىنىغا باقماي كۆزۈڭ شۇنىڭدا تېخى!

بوۋاي كامادەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بالىلارچە زوقلىنىپ ئۇزاققىچە كۈلەتتى، ئاخىرى كۈلكىسىنى يىغىپ، ياپيېشىل كۆزلىرىنى قىسىپ ئويلىناتتى، ئۇلۇق-كىچىك تىناتتى ۋە ئەستايىدىل بىر ئاھاڭدا:

— ھاي، پاتەمخان، نېمە دەپ قارايتتىم، خۇدا ئۆز قولى بىلەن ياراتقان كارامەتكە ھەيران قېلىپ، مەسلىكىم كېلىپ قارايمەن، ئادەم بالىسىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن، دەپ قارايمەن، — دەيتتى ۋە بىر پەس تۇرۇۋېلىپ يەنە شوخلۇق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى، — ساڭا راستىمنى ئېيتسام، ياش ۋاقىتلىرىم بولىدىغان بولسا، ماۋۇ قاسىم لامزەللىدەك تۈگۈلۈپ يۈرمەيتتىم، كەينىمگە بەگەشتۈرۈپ ئالەمنىڭ نېرىقى چېتىگە ئېلىپ كېتەتتىم. ھەي، ئىسىت! يىگىت دېگەن ۋاقتى كەلگەندە لاۋۇلداپ كۆيۈشنىمۇ بىلسۇن، كۈل بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى. ئوچاقتىكى يا كۆيمەي، يا ئۆچمەي تۈتەپ تۇرغان چوچۇلا بىرەر چۆگۈن چاينىمۇ قايناتالمايدۇ. كۆيۈشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ ئاشۇ چوچۇلىغا ئوخشايدۇ. ۋاي قاسىم، ۋاي بالىمەي، ئىسىت

سىڭىلىش ياشلىقىڭغا.

— شۇنداق دېگەن بىلەن بۇ ئايالنىڭ
ئاتىقى يامانراق ئوخشايدۇ، قاسىمۇ...

بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا بوۋاينىڭ
جەھلى قاتاتتى، كۆزىنى چەكچەيتىپ، ساقال-
لىرىنى تىترىتىپ بوغۇلۇپ قايناپ كېتەتتى.

— ئاتىقى يامانمىش؟! ھەي بەچچىغەر-
لەر! خەقنىڭ بىر ئوبدان قىزلىرىنىڭ نامىنى
ھەر قايسىڭ چىقىرىشىسەنغۇ! قىلغۇلۇقنى قە-
لىپ بولۇپ ھەممە ئاھانەتنى، تۆھمەتنى بالا-
نى شۇ ئاجىز بىچارىلەرگە ئارتىشىسەن. تې-
خى ئارقىغا ئۆتۈپ تىللىشىسەن، مەن ھەر
قايسىڭنى بەك ئوبدان بىلىمەن! بەك ئوبدان!
چىچىڭنى پارقىرىتىپ تارىشىۋالغىنىڭ بىلەن
ئىنساپ يوق سەنلەردە...

گەپ قىستۇرغۇچى خىرىلداپ كۈلۈپ
ئۆزىنى ئاقلايتتى:

— بولدى، بولدى، تۆۋە قىلدىم بوۋا،
مەن سەن دېگەندەكلەردىنمۇ ئەمەس دەيمەن.

بوۋاي بولسا قادىلىپلا ئالاتتى:

— دەپ باقە، ئاي چىرايلىقمۇ- ئەمەس-
مۇ؟ ھە، چىرايلىق، يۈزىدە دېغى بارمۇ-
يوق؟ ھە، بار. شۇنداق گەپ، مەن ساڭا ئېيت-
سام بارغۇ، ئايال كىشى دېگەن كىر تېگىشتىن
مايدىغان جانان چىنىگە ئوخشىمايدۇ، سۈزۈك
سۇدا چايقىۋەتسىلا ھالال بولۇۋېرىدىغان.
گەپ كۆڭۈلدە، ئاڭلىساق بىچارىنىڭ بېشىغا
نى دەرد- ئەلەملەر كەپتىكەن، تۇرمۇش ئۇ-
نى ھەر كويغا سالىپتىكەن، تۇرمۇش، ھايات
دېگەن شۇنداق نەرسە، ئۇ يىقىلماس تاغ، قۇ-
رۇماس دەريا ئەمەس، بايلىق، دۆلەت دېگەن-
لەرمۇ ھېچ ئىنسانغا باقمەندە ئەمەس، ئاي-
نىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ
بولغىنىغا ئوخشاش، تۇرمۇشمۇ...

خۇددى بىرسى قارا دېگەندەك بولۇپ
كەينىمگە قارىدىم. كىشىلەر تېپىدىن ئون قە-
دەمچە يىراقلىقتا، قاپقاراڭغۇ تەكشىلىكتە ئې-
گىز، ئورۇق بىر كەۋدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى.
بېشى يەرگە ساڭگىلىغان، خۇددى پۈتۈن ۋۇ-
جۇدىنى قۇلاق قىلىپ بوۋاينىڭ گەپلىرىنى
ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى- يۇ، يېقىن كېلەلمەيت-
تى. بىر پەستىن كېيىن، ئىككى يېقىدا ئەپ-
سىز ئېسىلىپ تۇرغان قوللىرىنى مەيدىسىگە
قوۋۇشتۇردى، ئېگىز كۆتۈرۈپ باشلىرىنى چاڭ-
گاللىدى، چۆشۈرۈپ بېلىگە تىرىدى، بېشى
يەنىلا تۆۋەن ئىدى. ئۇ، ئاخىرى ھارغىن قە-
دەملەر بىلەن ئاستا- ئاستا چەكسىز قاراڭغۇ-
لۇق ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. ئۇ قاسىم دوخ-
تۇر ئىدى.

چوقىلار سۇس زەڭگەر كۆكۈم پەردى-
سىگە ئورۇنۇش بىلەن تەڭلا، يامغۇر قۇيۇلۇش-
قا باشلىدى. ئاسماننىڭ غەرب تەرىپى ئو-
چۇق بولۇپ، ئاندا- ساندا لەيلەپ يۈرگەن
بۇلۇتلار قۇياشنىڭ ئاخىرقى تارام- تارام نۇ-
رى بىلەن ئىچ- ئىچىدىن يورۇپ، قاشتېشى-
شىدەك پارقىرايتتى. سىنچىلاپ قارىسىڭىز،
ئاشۇ بىر پارچە ئوچۇق ئاسمان بەئەينى كۆپ-
كۆك دېڭىزغا، سوزۇلۇپ، تېزۈپ ئېقىۋاتقان
بۇلۇتلار بولسا، دېڭىز ئوتتۇرىسىدا يېنىۋاتقان
قان زور يالقۇن، ئىس- تۈتەككە ئوخشاپ قال-
غانىدى. ئەمما، بۇ خىيالىي كۆرۈنۈش، ئاشۇ
بىر پارچە ئوچۇق ئاسمان ھەش- پەش دې-
گۈچە غايىپ بولدى. ئۇرنىغا تېخىمۇ قويۇق،
تېخىمۇ سۇرلۇك ئاقۇش بۇلۇتلار تولۇشقا، بۇ-
ژۇلداپ قايناۋاتقاندەك پىرقىراپ ئايلىنىش-
قا، ئاستىن- ئۈستۈن بولۇشقا باشلىدى. ئار-
شاك ئۈستىدىكى شاۋقۇن پەسەيدى، نەگىدۇر
ئالدىرىشىۋاتقاندەك قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر تام-
چىلىرى ھېرىپ قالغاندەك ئاستا تامچىشقا،
يېقىملىق شىۋىرلاشقا ئۆتتى. بۇنداق نەم، سال-
قىن، راھەتبەخش شىۋىرلاش تۈگىمەس ئە-

دى. نېمىشقىدۇر، كىچىكىمدىن تارتىپ تەبىئەتنىڭ مۇنداق يامغۇرلۇق كۈنلىرىدە، ئادەمسىز يوللاردا ئۆز خىياللىرىم بىلەنلا ئايلىنىپ يۈرۈشنى، يامغۇر تامچىلىرىغا يۈزۈمنى تۇتۇپ، ئوت-چۆپلىرى يۇيۇلغان نەم، قۇمساڭ يەردە شىپ-شىپ ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىشنى، قاغجىراپ كەتكەن تۇپراقنىڭ يامغۇر تامچىلىرى بىلەن ھۆللەنگەن ۋاقتىدىكى خۇشپۇرىقىنى راسا كۈچەپ پۇراشنى ياخشى كۆرەتتىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۆسمۈر ۋاقىتلىرىمدا شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا چىلىشىپ، چۈشىنىكسىز بىر ھاياجان ئىلكىدە ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرگەن ئىدىم، قاقاھلاپ كۈلگەن ئىدىم، قىن-قىنىمغا سىغمىغان ئىدىم...

بۈگۈنمۇ شۇنداق، گۆگگۈرت پۇرايدىغان نەم ھاۋادا ئۇزاققىچە يۈردۈم، يىراقتىكى رەڭدار تاغ قاپتاللىرىغا بېرىپ يامغۇردا ياشارغان ئۇششاق گۈللەرنى تەردىم. تېخىمۇ قويۇقلاشقان گۇگۇم قوينىدا ئالدىرىماي قايتىپ، بىر تەرىپى ئارشاڭ ياتاقلىرىغا تۇتاشقان دۆڭدە گەۋدەمنى غۇر-غۇر تاغ شامىلىنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ ئولتۇردۇم. يامغۇر يۇمشاق شىۋىرلايتتى، يىراقتا پارقىراق قوڭغۇزلارنىڭ يورۇقىدەك، نامەلۇم ئۇششاق ئوت ئۇچقۇنلىرى پىلىلدايتتى. تۇيۇقسىز، يېقىنلا جايدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يامغۇرنىڭ شىۋىرلاشلىرىدەك بوشقىنا، ئەمما ئۈزۈك-ئۈزۈك، بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھاياجانلىق ئاۋاز ئىدى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ سەل تۆۋەندە، بىر-بىرىدىن كەڭ ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرغان ئىككى گەۋدىنى كۆردۈم. بىرى قاسىم دوختۇردەك قىلاتتى. ئۇلار دەل ئۆتۈش يولۇمنى توسۇپ ئولتۇرۇۋالغان، يېنىمدا چوڭقۇر جىلغا، قانداق قىلىشىمنى بىلمەي تۇراتتىم، بايىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. تىترەپ چىقىۋاتقان تونۇش ئاۋازدىن سېھىرلەنگەندەك، پۇتلىرىم باغلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ گۈلچەھرەنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— مەن قەشقەردىكى ئەڭ باياشات ئائىلىنىڭ ئەركىسى، ھەقىقىي خوجايىنى، دۆلەتمەن دادامنىڭ ئالقىنىدىكى بىر تاللا گۆھىرى ئىدىم. بىر كۈنلەردە مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چىرايلىق يىگىتكە، ئۇنىڭ باياۋاندىكى بىر ئەسكى كارىۋات بىلەن جالاقلاپ تۇرىدىغان شىرەسىدىن باشقا نەرسىسى يوق ياتىقىغا تېگىشىۋەتكەنمەن. بىر يىلدىن كېيىن، دادام مېنىڭ سەۋەبىمدىن نومۇس، ئاچچىق ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈپ كەتتى، يۈزىنىمۇ كۆرەلىگىنىم يوق. كۆپ ئۆتمەي ئىككى باللىق بولدۇم، دۇنيادا بالىلىرىم ۋە ئېرىمدىن باشقا ھېچنەرسەم قالمىغانىدى، ئۆيدىن تالاغا چىقماي ئاشۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، شۇلارنى خۇشال قىلىشنىلا ئويلايتتىم. بىراق، بىر كېچىسى ئۇ ئىككى چىرايلىق بالامنى قۇچىقىمدىن تارتىۋېلىپ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. كېيىن ئۇقسام شۇ يەردىكى بىر تۇغماس خوتۇنغا بۇزۇلغانىكەن. ھەپتە ئۆتمەي توي قىلىۋالدى. ھەممىدىنمۇ بالا دەردى يامان ئىكەن، بىر نەچچە ئايغىچە شۇ پاقلانلىرىم ئەمگەن ئىككى كۆكسۈم ئېسىلىپ، ئىششىپ كۆرمىگەننى كۆردۈم. كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى. ئالدىمغا ئاش كەلسە ئاشقا قاراپ، تاش كەلسە تاشقا قاراپ يىغلايتتىم...

ئايال يىغلاۋاتاتتى. بۇ ھېچبىر ئىنسان ئاڭلىمىغان، شۇ قەدەر ھەسرەتلىك يىغا ئىدىكى، تاغۇ تاشلارمۇ ھېسسىياتى بولسا بەلكى ئېرىپ سۇ بولۇپ كېتەر ئىدى. يامغۇرمۇ ئاسماننىڭ كۆز يېشىدەك بىلىنەتتى.

— تۇغقانلىرىم ئاتا-ئانامنىڭ ئۆيىدىن

تارتىپ، قازان - قۇمۇچىغىچە بۆلۈشۈپ بولغا-
نىكەن. كىرگىلى كامىرىم يوق. بىر ئاي بىر-
سىنىڭكىدە، يەنە بىر ئاي بىرسىنىڭكىدە تۇر-
دۇم. ئاخىرى ھېچنەگە سىغمىدىم. ئەرگە تې-
گىپ ئۇچامغا يىپ چاغلىق بىر نەرسە ئارتىم-
غان، قىش كەلدى. بىر چاپان، بىر يېپكا،
بىر قەۋەت نىلۇن پايپاق بىلەن كوچىدا قال-
دىم. سوغۇقتىن دىربىلدەپ تىترەيتتىم، قور-
ساقلىرىم ئاچلىقتىن غىلدۇرلايتتى. بىر كۈنى
دادامنىڭ بىر تونۇشى ئىچ ئاغرىتىپ ئاھال-
لەر كومىتېتى قارىمىقىدىكى تاغارچىلىق كار-
خانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. تاغار تو-
قۇدۇم. تاپقىنىمغا بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ،
يېرىم ئاچ، يېرىم توق جان باقتىم. مەن مۇ-
شۇ كۈنۈمگە شۈكرى قىلغان، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن ئۆزەمگە چۈشلۈق بەختىمنىمۇ تې-
پىپ ئالغان بولاتتىم. چۈنكى مەن ھاياتتىن
كۆپ نەرسىلەر تەلەپ قىلمايتتىم. دەردىمگە
يەتكۈدەك ئېرىم بولسا، نامرات بولسىمۇ ئىل-
لىقىنە كەپەم بولسا شۈكرى قىلاتتىم. ئەمما
بىر كۈنلەردە كىچىك ئوغلۇمنىڭ ئېغىر كې-
سەل بولۇپ كېسەلخانىدا يېتىپ قالغانلىق
خەۋىرى كەلدى. يېنىمدا بىر تىيىن يوق.
باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئەھۋال ئېيتىپ كى-
رىۋىدىم، باشلىق جوزىنىڭ ئۈستىگە ئون كوي-
لۇق پۇلدىن بىرنەچچىنى قويۇپ قولۇمغا ئې-
سىلدى، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم، يۈ-
زىگە بىرنى تۈكۈرۈپ قايتىپ چىقتىم، ئەتى-
سى مېنى ئىشتىن بوشاتماقچى بولدى، مەن-
مۇ ئەرز قىلدىم. بىراق مېنىڭ گېپىمنى ئاڭ-
لايدىغان ئادەم چىقمىدى. مەن ئىچىمدە جا-
ھان سەندەك بۇزۇقلارنىڭ ئەمەس، سېنىڭمۇ
جاجاڭنى بېرىدىغان ئادەم چىقىدىغۇ، دەپ ئوي-
لايتتىم، تېخىمۇ چوڭراق ئورۇنلارغا ئەرز قىل-
غانىمۇ بولاتتىم، بىراق ئەنسىز خەۋەرلەر كې-
لىۋەردى. ئاخىرى بىرسىدىن ئازراق پۇل
قەرز ئېلىپ يولغا چىقتىم. كىم بىلسۇن، مەن
بارغان چېغىمدا بالام ئاللىقاچان قەبرىستان-
لىقنىڭ بىر چېتىدىكى كىچىككىنە يالغۇز قەب-
رىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. قايتىپ
كەلدىم. پاك روھىم، ۋىجدانىمنى ئاشۇ يال-
غۇز قەبرىگە تاشلاپ، غەزەپ، قىساس ئوتىدا
يىغلاپ قايتتىم. مەن ئەرلەردىن نەپرەتلىن-
نەتتىم، ئۇلارنىڭ ئاياللار ئالدىدىكى يېتىم-
رىلمەس ئورنى، كۈچىدىن قورقاتتىم. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزەمنىڭ ئاجىزلىقى، ئىق-
تىدارسىزلىقىدىن ھەسرەتلىنەتتىم. غەزەپلىنەت-
تىم. ئاشۇ نەپرەت - قورقۇش، ھەسرەت ۋە
غەزەپ بىرلىشىپ قەلبىمدە دۇنيادىكى بارلىق
ئەرلەرگە ۋە ماڭا يامانلىق قىلغان كىشىلەر-
گە ئۆز كارامىتىمنى كۆرسىتىپ قويۇشتىن ئى-
بارەت ئوتتەك بىر ئارماننى ئويغاتقان ئىدى-
كى، مەن بۇ ئارمان يولىغا، خۇددى بارلىقىمنى
بىر دوغا تىككەن قىمارۋازدەك، ھاياتىمنى،
گۈزەل ياشلىقىمنى تىككەنىدىم. مەندە شۇن-
داق بىر مۇقەددەس كۈچ بولۇدىغان بولسا،
خۇتۇن كىشىنى ئادەم ھېسابلىمايدىغان، ئۆ-
زىنى جاھاندا بىر چاغلىشىپ، تېرىسىگە سىغ-
ماي يۈرۈيدىغانلاردىن تالايلىرىنى ئەتراپىم-
دا پەرۋانىدەك ئايلاندۇراتتىم. ئاياغ ئاستىم-
دا ئۆمىلىتەتتىم. خالىسام، چىدىغۇسىز مەس-
خىرە، ئاھانەتلەر بىلەن باش كۆتۈرگۈسىز
قىلىۋېتەتتىم. نومۇسى يوق ئايال كىشىدىن
جىنمۇ قورقارمىش. مەندىنمۇ بەزىلەر قورقات-
تى، بەزىلەر يىرگىنەتتى. يەنە بەزىلەر خۇ-
شامەت قىلىشاتتى، ئەتراپىمدا چۆگىلىشەت-
تى... مەن پەقەت قاپقاراڭغۇ كېچىلەردىلا ھو-
شۇمغا كېلەتتىم. بالا دەردى، بارلىقىمنى ئا-
تىغان ئەردىن، ئۇغقانلىرىمدىن، ئەتراپىتىك-
لەردىن كۆرگەنلىرىم، ۋىجدان ئازابى بىر

بولۇپ، يۈرىكىمنى ئاسىۋۇردەك قارمايتتى. غۇبارسىز باللىق ۋاقىتلىرىمنى، رەھمەتلىك دادامنى ئويلاپ نومۇس ئوتىدا تولغىناتتىم، كۆز ئالدىمدىكى قاراڭغۇلۇقتىن قورقاتتىم، يىغلايتتىم، ئاپئاق ئاقىرىپ تاڭلار ئاتقۇچە ھەيكەلدەك ئولتۇرۇپ چىقاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئىنسان ئاچ بۆرە، دۇنيا باشقىلارنىڭ بېشىغا دەسسەپ ياشىيالىغۇچىنىڭ دۇنياسى ئىدى!— ئايال چوڭقۇر، ئوتلۇق بىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن توختاپ قالدى. ئەتراپ تاشتەك ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكتى.— ئاخىر مەن سىزنى ئۇچراتتىم، سىز مەن ئارىلاشقان، كۆرگەن-بىلگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتىڭىز، مەن گۆدەك ۋاقىتلىرىمدىكى ئارمانلىرىمنى، شېرىن چۈشلىرىمنى، دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن كۆردۈم. سىزدىن قانداق ياشاشنى ئۆگەندىم. مەن ئەسلى دەسلەپ چەيلەنگەن، قۇرۇپ نابۇت بولۇش ئالدىدا تۇرغان قوراي، ھاياتتىن، يورۇقلۇقتىن ئۈمىد ئۈزگەن زەئىپ جان ئىدىم. پەقەت سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ئالغان ئىنسانىي مۇھەببەت، كۈچ-قۇۋۋەت، يورۇقلۇق مېنى تىرىلدۈردى، ماڭا ھاياتلىق بەخش ئەتتى، ۋۇجۇدۇمدىكى كۆمۈلۈپ قالغان گۈزەللىك، ئالىيجانابلىقنى قايتا چاقناتتى...

ئايالنىڭ ئاۋازى كېچەپ چېلىنىۋېرىپ تارىسىدە ئۈزۈلگەن تارىدەك ئۈزۈلدى ۋە چېكىش خىيالدەك قويۇقلاشقان تۇمان ئىچىگە سىڭىپ يوقالدى.

يەنە جىمجىتلىق، شۇ قەدەر پايانسىز، تەگسىز جىمجىتلىق... پەقەت يامغۇر تامچىلىرىلا بوش شىۋىرلىشىدۇ. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، چىداپ تۇرغۇسىز بىر خىل ھەيرانلىق ئىلكىدە بېشىمنى بۇرىدىم. ئىككىلا گەۋدە خۇددى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك قىمىر قىلمايتتى. بىرى دۈمچەيگەن، يەنە بىرى قاراڭغۇ چوققىلارغا تىكىلگەن. «قاسىم دوختۇر باغرى تاش بولۇپ كەتكەن ئادەم ئوخشايدۇ،— دەپ ئويلىدىم مەن،— گۆش بولسا چىش يېرىپ بىرەر ئېغىز سۆز قىلار ئىدى». ئەمما ئۇ ئۈندىمىدى، بىر پارچە كۆتەكتەك، تاشتەك تىلسىز. ھەرىكەتسىز ئولتۇرۇۋەردى. ئاخىرى ئايال قوزغالدى، ئايىغى ئاستىدا ئۇششاق تاشلارنى شىرىقلىتىپ يىراقلاپ كەتتى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل قامىتى مومايلاردەك كۆرۈنەتتى، يەلكىسىدە بىرەر چوققىنى يۈدۈۋالغاندەك مۈكچىيىگەنىدى.

قوشنا ياتاقتىن ناخشا ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىنى مىڭبىر خىياللارغا سالىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق، شېرىن مۇڭلۇق ناخشىلار. ئالتۇن چىشلىق چوكانمۇ بۇياقتا ئولتۇرۇپ تەڭلا تىڭشايدۇ، ئارقىدىن خىيالغا پېتىپ جىم بولۇپ قالىدۇ.

— سېغىزخاندەك شاراقلىغىنى بىلەن بۇ بىچارىنىڭمۇ دەردى بار-دە،— دەپ ئىچ ئاغرىتىدۇ موماي.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى ھەممىمىز يەنە تۇراخۇن بوۋاينىڭ دەرىخى ئاستىغا توپلاشتۇق، تاغدىن-باغدىن باشلانغان پاراڭلار ئاخىرى يەنە كونا تېما ئۈستىگە يۆتكەلدى.

— قاسىم دوختۇر گۈلچېھرەنى ئالىدىغان بوپتۇ، ئىككىسى قەشقەرگە بارىدىكەن، تويىنى شۇ يەردە قىلىدىكەن.

— ئەتىلا ماڭىدىكەن، ئورنىغا باشقا دوختۇرمۇ كېلىپ بوپتۇ.

— راست، قاسىم دوختۇر بۈگۈن كۆرۈنمىدى.

تۇراخۇن بوۋاي ئادىتىتىن تاشقىرى خۇ-

شال، كۆپچىلىكمۇ بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق-نىڭ تەقدىرىنى ئۆزلىرى مۇشۇ دەرەخ تۈۋى-دە ھەل قىلىشقاندەك يەكۈنلەپ قالغان. ئا-ياللارنىڭ كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشكەن. بۇ يەر-دە پەقەت نىياز دەلدۈشلا خاپا، خاپىلىق ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە، قېلىن كالپۇكلىرى-دا، قىسىق كۆزلىرىدە شۇنچىلىك ئېنىق ئە-پادىلىنىپ تۇراتتىكى، پاكىتىدە يىغلىۋېتىدى-غاندەكلا قىلاتتى. ئاخىرى بىر ئەركىشى ئۇ-نىڭ بىلەن چېقىشىشقا باشلىدى:

— نىياز ئۇكام، خاپا بولما، بايا چاقچاق قىلدۇق. گۈلچەھرە نىيازجاندىن باشقىسىغا تەگمەيمەن، — دەپتۇ.

مومای ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

—نىياز، ھەي نىيازجان، قەشقەرلىك دورا بولۇپ قالغانمىدى ساڭا. ئالدىرىما، شەھەرنىڭ تىرناقتا تېختىغۇدەك قىزلىرىدىن ئېلىپ بېرىمىز.

خۇشاللىق ۋە گۇمان ئارىلاشقان ئاجايىپ ھېسسىياتلار ئىلكىدە كىشىلەر توپىدىن ئايرىلدىم: «ئەجەبا، ھېلىقى ئاخشىمى مۆرىمەي ئولتۇرغان قاسىم دوختۇر راستىنلا...؟

— ۋاي تېزرەك بولسىلا، تۇرسىلا دەيمەن. راستىنلا كېتىدىغان بوپتۇ، كېتىدىكەن!

ئالتۇن چىشلىق چىركانىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى قانداقتۇر تۇمانلىق، غەلىتە چۈشلىرىم بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندى. كۆزۈمنى زادىلا ئاچالمايتتىم. بەكمۇ قىيىنىلىپ ئورنۇمدىن تۇرغان ۋاقتىمدا تاقەتسىزلەنگەن ياش چوكان-دىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى.

كىشىلەر ئارشاڭ ئاپتېبۇسى توختاي-دىغان مەيدانچاقىغا ئەمەس، يەنىلا



دۆڭدىكى دەرەخ ئاستىغا تېپىلىنىشقان. تۇراخۇن بوۋايمۇ ھاسىسىغا تايانغان ھالدا كىشىلەر تېپى ئىچىدە. مەن تېپىقا قىسىلىپ كىرىپ ئۇلار كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم: ئۈستى - ئۈستىگە قاتلاشقان پاكار چېقىلا-لارنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن ئىلانىباغرى يولدا سومكا كۆتۈرگەن ئېگىز بوي ئەركى-شى بىلەن سۇتتەك ئاق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ئايال تېز كېتىپ باراتتى. سەھەر شامىلى ئەرنىڭ چاچلىرىنى، ئايالنىڭ ئېپىز كۆڭلىكىنى ئۇچۇراتتى. يولنىڭ تىك، تار يەرلىرىگە كەلگەندە، ئەر قۇۋۋەتلىك قوللىرىنى ئۇزىتىپ ئايالنى يۆلىۋالدى. ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇلار پاكار چوققىلار كەينىدە كۆرۈنمەي قالاتتى. بىر پەستىن كېيىن، ئەرنىڭ سەل

چۈۋۈلغان چاچلىرى، بېشى، گەۋدىسى ئار-
قىسىدىن ئايالنىڭ نازۇك قامىتى كۆرۈنەتتى.
شۇ يوسۇندا بىردەم مېڭىشقانىدىن كېيىن
يەنە غايىپ بولاتتى، پەيدا بولاتتى. شۇنچە
مېڭىپمۇ ئارشاڭ ئەتراپىدىن چوڭكىلەپ -
چوڭكىلەپ كېتەلمەيۋاتقانىدەكلا
كۆرۈنەتتى.

— ھە، راست، ئۇلار نېمىشقا ئاپتى-
ۇسنى ساقلىمىغاندۇ؟ — دەپ ئەجەبلەندىم
مەن خېلىدىن كېيىن ھەيشۇمنى يىغىپ.

— بۈگۈن يەكشەنبە ئەمەسمۇ،
ئەتىگەندە ئاپتىبۇس يوق.

— ئەلۋەتتە ساقلىمايدۇ - دە، شۇ
تاپتا ئۇلارنىڭ كۆزىگە يول كۆرۈنەتتىمۇ؟

— بەللى، توغرا دەيسەن، — دېدى
تۇراخۇن بوۋاي ئۆزىچە بىر خىل
خۇرسەنچىلىك ئىچىدە، — شۇنداق، كۆيۈك
دېگەننىڭ كۆزى قارىغۇ نەرسە!

كۆپچىلىك خېلىغىچە كۈلكە - چاقچاق
قىلىشتى، ئاخىرى بىردىن - ئىككىدىن تار-
قاشقا باشلىدى. تويۇقسىز، يېنىمدىلا ئۈن -
تىنسىز كېتىۋاتقان ئالتۇن چىشلىق چىرايلىق
يەرگە مۈككىدە ئولتۇردى - دە، يۈزىنى
توسۇپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ماڭا نېمە بار ئىدى بۇ چۆلدە،
مەنمۇ كېتىمەن. بۈگۈنلا كېتىمەن...

كىشىلەر توختاشتى، ئارقىسىغا بۇرۇ-
لۇپ تېڭىرقىشىپ قالدى، كۆڭۈللىرىدىن
ئايالغا تەسەللىي بولغۇدەك سۆز ئىزدەشتى.
كۈتۈلمىگەندە ئايالنىڭ يىغىسى يەنە
كۈلكىگە ئۆزگەردى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن
ئاغزىنى تۇسۇۋېلىپ مۈرىلىرىنى تىترىتىپ
ئىچ - ئىچىدىن قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.
كىرپىكلىرىدە بولسا مەرۋايىتتەك ئۇششاق
تامچىلار پارقىرايتتى...

(«چولپان» مەجمۇئەسىنىڭ 2 - سانىدىن ئېلىندى)

ئاپتور ھەققىدە:

خالىدە ئىسرائىل 1952 - يىلى
قەشقەردە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا
كەلگەن، 1975 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر
شۆيۈەنىنىڭ خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىنى
پۈتتۈرگەن. ھازىر «شىنجاڭ گېزىتى»
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەھرىر بولۇپ
ئىشلىمەكتە.

(بېشى 90 - بەتتە)

ناھايىتى ئوبدان بولدى. ھېلىقى مەسىنىڭ
گەپلىرىمۇ بىر پەردە كۆمېدىيە بولدى.
قېنى، يولداشلار، كۆڭۈللۈك ئولتۇرايلى،
ناخشا ئېيتايلى...

گارمونچى يىگىت گارمونىنى تارتىپ
ئانچە - مۇنچە ناخشا ئېيتىپ باقتى. بەزىلەر
زورمۇزو قىزىدىق گەپ، لەتىپىلەرنىمۇ سۆز-
لەپ باقتى، بىراق كەيپىيات ئۇكشالمىدى،
ناخشا ۋە چاقچاقلارمۇ ئانچە قىزىلاشمىدى.
مېنىڭ كۆزۈمگە جالالىدىننىڭ ئۇچىسىدىكى
كاستيۇم، تامدىكى گىلەملەر ھە، دەپ سەكرە-
ۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى،
يولداشلار، دەم ئالايلى، جالالىدىن خەير-
خوش، خۇشۋاق بولۇڭلار! — دېيىشتى
كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ. قىز بىلەن
يىگىتكە قولداش بولغۇچىلار ۋە شىرەدىكى
نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن
بىر - ئىككى قوشنىسى قالدى. قالغانلار مې-
ڭىشتى. تالاغا چىققاندىن كېيىن كىمدۇر
بىرى چاقچاق قىلىپ:

— خەير، ھەممەڭلار ياخشى چوش
كۆرۈڭلار، تويىنىڭ خۇلاسىسىمۇ ئوبدان
چىقتى، — دېدى.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

مەن ياتاققا قايتىپ كېلىپ ئۇزاققىچە
تىنچلىنالمىدىم. جالالىدىننىڭ بىر نۆرى،
بىراق بىچارە قىزغا بەك ئىچىم ئاغرىدى...

www.uyghurkitap.com

ماھىنۇر ئوسمان (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى)

# ئاپا، بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ!

(ھېكايە)

ياز كېچىسى، 14 كۈنلۈك ئاينىڭ شولىسى نېپىز شايىدەك پۈتۈن كائىناتنى ئورىغانىدى. مەن ئالدىمغا چۈشكەن شولامغا قارىغان پېتى ئويچان كېتىۋاتىمەن، قانچىلىك ماڭغىنىمنى بىلمەيمەن. قارىسام، بۈككىدە سۇۋادان تېرەكلىك كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتىمەن. مەن بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ، كۆلنىڭ قارشى قىرغىقىغا قارىدىم، سۈزۈك سۇ يۈزىدە كۈلۈپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمان ۋە سۇۋادان تېرەكلەر تېخىمۇ غۇۋا كۆرۈندى. مەن دەردلىك قەلبىمنى تىندۇرۇپ ساپ ھاۋادىن قېنىپ نەپەس ئالدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۆككە تىكىلدىم ۋە ئۆز يۇلتۇزۇمنى ئىزدىدىم. تولا قاراپ كۆزۈم تالغاندا، بىر نۇرلۇق يۇلتۇز چېپىلدىقتى. ئۇ بارغانسېرى يوغىناپ روشەنلەشتى، يۈرىكىم ئىختىيارسىز قاتتىق سوقۇپ كەتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم، ئۇ ئاپامغۇ؟!

— ئاپا! — بۇ سۆز ئازابلىق يۈرىكىمدىن ۋىژداندەك ئېتىلىپ چىقتى، ئەتراپىمدىن ئەكس سادالار ياندى، — ئاپا بۇ سىزمۇ؟ مەن خاتا تونۇۋاتامدىمەن - يا؟

بۇ نۇرانە چىراي يۇلتۇزلار ئارىسىدىن كۆچۈپ، مېنىڭ ئالدىمغا چۈشتى. ئاپام بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. كېچىلىرى ئۇنسىز يىغلاپ قىزىرىپ كېتىدىغان بولاقتەك كۆزلىرى نۇرلىنىپ، يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ قاپتۇ. ئاپام ماڭا كۈلۈپ قاراپ قولىنى يايدى، مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىللىق باغرىغا ئۆزەمنى ئاتتىم. يۈزۈمنى كۆكسىگە ياققىنىمچە بېلىنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ يىغلىدىم. كۆزلىرىمدىن بۇلاق سۈيىدەك ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان ياش قەلبىمدىكى بارلىق دەردلەرنى بىللە يۇيۇپ ئېلىپ چىقماقتا ئىدى. مەن قانغۇچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئاپامنىڭ كۆزىگە قارىدىم.

— ئاپا! سىز بىزنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭىز؟ — دېدىم ئاپامنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، — سىز دائىم بەختلىك بولۇشىمىزنى تىلەپ، سىلەرنى ئۆز قولۇم بىلەن چوڭ قىلىپ قاتارغا

قوشۇمەن، دەيتتىڭىزغۇ؟ ئەمدى بىز كىمنىڭ قولىدا خار - زار بولۇپ يۈرەرمىز؟ سىز ماڭا لەززەتلىك ئاق سۈتىڭىزنى بېرىپ، ئاق - قارىنى تونۇتقانلىقىڭىز ئۈچۈنلا مەن مەرىپەت بېغىدا كۆلەڭگەن ئەمەسمىدىم؟!

ئاپام سۆزۈمنى ئاڭلاپ، مېنى ئۆز باغرىغا مەھكەم باستى، ئارقىدىن ئىسسىق ئالقانلىرىدا ئىككى مەڭزىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ پېشانەمگە سۆيدى.

— خوش قىزىم، — دېدى ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ، — مەن كېتەي.

مەن ئاپامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چىدالمىدىم.

— ياق ئاپا! — دېدىم تېخىمۇ يىغلاپ، — مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭ، بىز سىزدەك ھايات تۈۋرۈكىمىزدىن ئۈچمەس چىرىغىمىزدىن ئايرىلدۇق. جېنىم ئاپا! راست گېپىمنى قىلسام، ئانىسىز ياشاش ئۆلگەندىنمۇ يامان ئىكەن. دادام يېرىم كېچىلىرى يانچۇقلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ قايتىپ كەلگىنىدە، سىز تاشلاپ كەتكەن تۆت ئۇكام بىلەن مېنى ئاغزىغا كەلگەن سۆز بىلەن تىللايدۇ، يەرنى سۈر - تىرقاي قىلىپ ئۆيدىن قوغلايدۇ، پۇلغا يارىغۇدەك ئۆي بىساتلىرىمىز بىر - بىرلەپ يوقىلىشقا باشلىدى. دادام بەزىدە غەلىتە پۇرايدىغان تاماكىسىنى چېكىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كېتىدۇ - دە، باش - كۆزلىرىمىزنى سىلاپ:

— جېنىم بالىلىرىم، ئاناڭلار سىلەرنى نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمىگەن بىلگىنىتتى، — دەپ كېتىدۇ، مەن بۇرۇن سىزنىڭ دائىم كېچىلىرى ئۈنسىز يىغلاپ چىقىدىغانلىقىڭىزنى سېزىپ قالاتتىم. لېكىن سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالمايتتىم. بايا ئىچىڭىز دەردكە تولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىزگىمۇ قارىماي كېتىپ قالغانىكەنسىز - دە! ئېيتىڭا جېنىم ئاپا، سىز يەنە كەتتىڭىز، بىز قانداق قىلىمىز؟ بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسا نېمە بولىدۇ؟ — ئاپام يۈزىنى مەندىن قاچۇرۇپ تەتۈر قارىۋالدى. مەن ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى سىلكىپ، تېخىمۇ ئۈنلۈك يالۋۇردۇم، — مەن ئەمدى مۇنداق تۇرمۇشتا ياشاشنى خالىمايمەن، ئەگەر سىز راستىنلا قايتىپ كەتسىڭىز، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭ!...

ئاپام بېشىمنى يەنە مەن تەرەپكە قارىتىپ بۇراپ، پېشانەمگە، بىرنى سۆيدى ۋە بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، ھايات جاپالىق بولسىمۇ يەنە مەنىلىك، ئۈمىدلىك ياشا! — دېدى - دە، مەندىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشقا باشلىدى. مەن:

— ئاپا! جېنىم ئاپا، مېنى ئالغاچ كېتىڭ، — دەپ ئاپامنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم. ئاپام كەينىگە قاراپمۇ قويماي ئادەتتىكى مېڭىشىدا كېتىۋاتاتتى. مەن بولسام شۇنچە يۈگۈرۈپمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشەلمەيۋاتاتتىم. قانچە كۈچىسەممۇ پۇتلىرىم ئالمىشىپ، يۈگۈرەلمەيتتىم. ئاپام كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يولغا چۈشۈپ، ماڭا قارا كۆرۈنە ماڭدى. مەنمۇ بار ئاۋازىم بىلەن توۋلاپ، قارىسىنى يوقاتماي يۈگۈردۈم. قانچىلىك يۈگۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئالدىمىزدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا پەيدا بولدى. ئاپام قىرغاققا كەلگەندە ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ، بىر كۈلۈپ قويدى - دە، ئېقىنغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئاپا! — يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىققان بۇ سادا كېچە جىمجىتلى-

قىدا يىراقلارغا كەتتى، لېكىن ئاپامدىن جاۋاب كەلمىدى. كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال كەچتى. «دادامنىڭ تۈگىمەس تىل - ئاھانەتلىرىنى ئاڭلىماسلىق، دائىم ھاراق پۇرىقى كەتمەيدىغان ئېغىزى، كېچىلىرى كۆڭلەكچانىلا قېلىپ قايتىپ كەلگىنىدە، قىزىللىق يوقىمايدىغان قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنى قايتا كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئاپام بىلەن بىللە كېتىمەن. جېدەلكەش داداڭ بىلەن قالغۇچە، جاپاكەش ئاناڭ بىلەن كەتمەمسەن». بۇ خىيال ئەكس سادا بولۇپ، قۇلاق تۈۋىمدە ئۈزۈلمەستىن جاراڭلاپ كەتتى. دەريامۇ: «كەل قىزىم، سېنى قىينىمايلا ئاناڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويىمەن، كۆزۈڭنى يۇمۇپ بۇ كەڭرى قوينۇمغا كىرگىن» دېگەندەك داۋالغۇيتتى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئاپامنىڭ ئەزىم دەريادەك بىغۇبار پاك قەلبىدە غەمسىز ياشاش ئۈچۈن ئاپامنىڭ قېشىغا بارىمەن، دېگىنىمچە ئەينى ۋاقىتتا ئاپامنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ كەتكەن بۇ سۇغا ئۆزەمنى ئاتتىم.

سۇ مېنى قوينىغا ئېلىشنى ياقتۇرمىدىمىكىن، ھايال ئۆتمەي لەيلىتىپ چىقىرىۋەتتى. كۆزۈمگە ئەڭ ئالدى بىلەن چېلىققىنى ئاسماندىكى سۈزۈك ئاي بولدى. مەن ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەي قالدىم، چۈنكى ئۇ ئاي ئەمەس، خۇددى ئاپامغىلا ئوخشايتتى. مەن تازا بىر سىنچىلاپ قاراي دېيىشىمگە چۆكۈپ كەتتىم. مەن بار كۈچۈم بىلەن پۇت - قوللىرىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سۇ يۈزىگە قايتا چىقىۋالدىم. ئاھ! ئاينىڭ يۈزىنى، ياق ئاپامنىڭ يۈزىنى بىر پارچە قارا بۇلۇت توسۇپ ئاپتۇ.

— ئاپا!— مەن ئىنتىزارلىق بىلەن توۋلىدىم.

— مانا مەن ماۋۇ يەردە بالام! — ئاپامنىڭ ئاۋازى قىرغاقتىن ئاڭلاندى. مەن ئىلگىرى سۇ ئۈزۈشنى بىلمىسەممۇ بار كۈچۈم بىلەن غۇلاچ تاشلاپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئىنتىلدىم. ئەنە، ئاپامنى كۆردۈم. ئۇ ئېگىز قىيانىڭ ئۈستىدە ماڭا قاراپ خىتاب قىلدى:

— قايتىپ كەت بالام، دەريا سۈيى سېنىڭدەك نارەسىدىلەرنى قوينىغا ئالمايدۇ. سەن ياخشى ئادەم بولۇپ، جەمئىيەتكە قېتىل، داداڭلارنى مەن ئادەم قىلالمىدىم، سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ئېچىنىپ، تۈزۈلۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس. سەنمۇ مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ بىرگە كەتسەڭ، يۆلەنچۈكسىز، تايانچىسىز قالغان ئۇكىلىرىڭغا كىم قارايدۇ؟ تېز قايتىپ كەت...

مەن قىرغاققا قاراپ قالايمىقان پالاقشىشقا باشلىدىم... بىردىن دەھشەتلىك چاقماق چېقىپ، ئاپام غايىپ بولدى. مەن بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ئاپا بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ!...

چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئاپام قولياغلىقىدا پېشانەمدىكى تەرلەرنى، كۆزۈمدىكى ياشلارنى ئېرتىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، تېخى ھېلىلا چۈشۈمدە دېگەن سۆزلىرىمنى قايتىلىدىم:

— ئاپا، بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ!

(«ئىلى گېزىتى» نىڭ 1987 - يىل 24 - مارت سانىدىن ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com

مالىك كېۋىر

# ياخشى يېزىلغان ھېكايە

ماھىنۇر ئوسماننىڭ «ئاپا، بىزنى تاشلاپ كەتمە!» ناملىق ھېكايىسىنى قولۇمغا ئېلىپ ئىختىيارسىز ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، قانمىدىم، ئەسىر قىلغان نەرسە نېمە؟ ھەجىمىنىڭ ئىخچاملىقىمۇ، ۋەقەلىكىمۇ ۋە ياكى ھېكايە ئاپتورىنىڭ تېخى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇشىغا قارىماي، ئىشلەتكەن گەپ - سۆزىنىڭ راۋانلىقى، تىلىنىڭ گۈزەللىكىمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېكايە يازغاندا دىققەت قىلىپ كۆڭۈل بۆلۈدىغان ئىشلار، ئەمما مەن ھېكايىنى ئوقۇغاندا ئاپتورنىڭ قەلىمىدىن تامغان مول ھېسسىياتتىن، ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش چىنلىقى ۋە ئاشۇ چىنلىقتا سىڭدۈرۈلگەن ئادەم روھىنى غىدىقلايدىغان سېھىرلىك كۈچتىن تەسىرلەندىم. ئاپتور ئىجادىيەت مەشىقىنى ئەمدىلا باشلىغانلىقىغا قارىماي، «ئەدەبىيات — ئادەملەر توغرىسىدىكى پەن» دېگەن بۇ ھەقىقەتكە سادىق بولۇپ، زېھنىي كۈچىنى، قەلەم ماھارىتىنى ئادەمنى تەسۋىرلەش، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە قاراتقان. يەنە بىر جەھەتتىن ھېكايە ۋەقەلىكىنى ئاددىي، ئوقۇغۇچىغا تونۇش، ھەممىشە ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئاسان چۈشەنگىلى، چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدىغان دېتاللاردىن قۇراشتۇرغان. نەتىجىدە ئاپتور ئۆز ھېسسىياتىنى ئوقۇغۇچى ھېسسىياتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە بىرلەشتۈرەلىگەن. ھېكايىدە بايان، دىئالوگ، پېيزاژ تەسۋىرى مەركىزىي ئىدىيىنى دەۋر قىلغان ۋە شۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئانا - بالىلىق مۇناسىۋەت، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ نەپىس، نازۇك تۇيغۇ — ئانا مۇھەببىتى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتساق، ۋەقەلىك زېمىنىدا جانلىق ئادەم كارتىنىسىنى سىزىپ كۆرسىتىش ھېكايىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى. بىز بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئۈچ شەخس — ئانىنى تەشنالىق بىلەن باغرىغا بېسىشقا تەييار تۇرغان يېتىم قىز ئوبرازى «مەن» نى، مېھرىبان ئانىنى، ئۇنىڭ ئالەمدىن بىمەھەل ئۆتۈشىگە سەۋەب بولغان، قىزنىڭ يۈرىكىنى لەختە - لەختە قان قىلىۋەتكەن، ھەممىشە ئۈستىبېشىنى بۇلغاپ، كۆزىنى لازا قويغانداك قىزارتىپ يۈرىدىغان نەشىكەش، قىمارۋاز، تاش يۈرەك ئاتىنى كۆرىمىز. ئاپتور بۇ ئۈچ شەخسكە خاس پورترېت سىزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق روھىي دۇنياسىدىكى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى قېنىق بوياق بىلەن ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىپ، بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس ئوبراز ياراتقان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى ياخشى يېزىلغان، شۇنىڭدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ھېكايە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

(«ئىلى گېزىتى» نىڭ 1987 - يىل 4 - ئاپرېل سانىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زاهىر ئابدۇراخمان

# ئۈكسۈگەن نەپەسلەر

## ئانا

1

ئانا
كۆزىڭىزدىن تۇغۇلغان قۇياش
كۆيدۈرىدۇ.
تومۇرىڭىزدىن تارالغان يوللار
قىرىتىدۇ،
ۋۇجۇدىڭىزدىن تۆرەلگەن تۇپراق
يەۋېتىدۇ.
ئاھ...!

2

پارتىلسام
بولسا كۇمپەيكۇم
قۇللار يىدۇپ يۇرگەن بۇ دۇنيا.
بەختىڭىز ئۈچۈن
قايتا سىزدىن تۇغۇلسام، ئانا!

## ئىلتىجا

1

ئوغلۇم بار ئەجرىمنى ئاتىدىم ساڭا.

2

قارىلىقى ئۈچۈن چېچىڭىنىڭ
ئاقاردى بېشىم.
تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن يېشىڭىنىڭ
تۆكۈلۈپ
قۇرىدى يېشىم.
پۈكۈلمەسلىكى ئۈچۈن قەددىڭىنىڭ
يا بولدى بېلىم.

3

ئوغلۇم،
ياشلىقىمنى كۆچۈردۇم ساڭا.
ئەجرىم ئۈچۈن
سەندىن بەدەل قىلمايمەن تەلەپ،
ياق
ئۇ نومۇس ماڭا.

4

پەقەت
يادىكار قىلغىن باللىقىڭنى،
ئابىدە بولسۇن قالغان ئۆمرۈمگە.

5

ئۆلگىنىمدە
ياش تۆكمە ھەرگىز
سالما تاۋۇتقا
بىر پارچە كىگىزگە ئورساڭلا، بەس.

6

ياتقىنىمدا قەبرىدە
زاكامدا دەپ سېزەي ئۆزەمنى
بۆشۈكتە دەپ سېزەي ئۆزەمنى
تەۋرەتكىن ئاستا...
ئەللەيلەت ئاستا ...

## تەكلىماكان

تەكلىماكان
لايىق تېپىپ ساڭا شەھەردىن
قىلىپ قويساق تويۇڭنى
ئېتىپ پىجاڭزا،
چېلىپ داپ ـ دۇمباق.
كۆرگەن پەرزەنتىڭ
يەنە كۆچمەن قۇم،
يەنە پىر توغراق...

(ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ 1987 - يىللىق 1- سانىدىن ئېلىندى)




# كەنجى ئاسلان بىلەن كىچىك چاشقان توغرۇلۇق ھېكايە

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

كەنجى ئاسلان ئىككى ئاچىسى، ئاكىسى ۋە ئانىسى بىلەن ئىسسىقىنە بىر ئۆيدە ياشايتتى. ئۆي دېگىنىمىز-تېمىمۇ، تورۇسلىرىمۇ قېلىن قەغەزدىن ياسالغان، ئاستىغا يۇمشاق چۈشەكلەر سېلىنغان يىغان كورۇپكا بولۇپ، تارچىلىق بولسىمۇ قىشتا ئىسسىق ئىدى. ئانىسى ئالاتاغىل مۇشۈككىخان ناھايىتى مېھرىبان ۋە بالا جانلىق بولۇپ، بالىلىرىغا، بولۇپمۇ كەنجى ئاسلانغا بەك ئامراق ئىدى. كەنجى ئاسلان ئاچىلىرىنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ چىقىپ يۈزلىرىگە قاماق سالسىمۇ، ئاكىلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپ تېرىكتۈرسىمۇ ئانىسى يەنىلا مۇشۇ ئاسلاننى ياقلايتتى، ئاچىلىرى ۋە ئاكىلىرىنى ئەيىبلەيتتى.

ئاسلان بەك شوخ ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئىككى ئاچىسى ۋە ئاكىلىرى بىلەن جېدەللىشىۋېرىپ زېرىكتى. ئۇ، ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەردىكى تاغىسىدەك باتۇر، جەڭگەرلىك بولۇپ ئۆسكۈسى، ئوغرىلار شايكىسىنى، تولۇم چاشقانلارنى ۋە قاراقچى سېرىق قۇيرۇقلارنى تارمار قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى. ئۇ، بۇ نىيىتىنى ئېيتقاندا، ئاچىلىرى قىرقىنىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارايتتى. ئىككى ئاكىسى مەسخىرە بىلەن بۇرۇتلىرىنى تىترىتىپ قويۇاتتى. ئانىسى بولسا: «ساراڭ بولما، سەن تېخى كىچىك، ھېچنېمىنى بىلمەيسەن» دەپ ئۇنىڭ تالاغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى.

كەنجى ئاسلاننىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق قارىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى قېرىلىقىغا قارىماي، مۇشۇ ئۆيدىكى ئوغرى چاشقانلار گۇرۇھىنى تەزدۇرۇۋەتكەن يەردە، ئۇ ياش يىگىت تۇرۇقلۇق نېمىشقا قولىدىن ئىش كەلمىسۇن!؟ بىراق قەھرىمان بولۇش ئۈچۈن مەيدان بولۇش كېرەك. بۇ كىچىك ئۆيدە نەدىمۇ ئۇنىڭغا مۇنداق شارائىت بولسۇن، شارائىتنى ئۇنىڭ ئۆزى ئىزدىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەي بولمايدۇ.

كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭغا مۇنداق پۇرسەتمۇ تۇغۇلۇپ قالدى. كەنجى ئاسلاننىڭ ئانىسى ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغانچە ئورنىدىن تۇرمىدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى كەنجى ئاسلان ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى بىلەن ئىككى ئاچىسىنى ئۆي ئىگىسىنىڭ بالىسى ئۆزىدەك شوخ، كېيىن دوستلىرىغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتتى. ئۇلار-

نى ئېلىپ ماڭغان كۈنى ئۆيدە قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى، ئانىسى چىدىيالمىغىنىدىن تېختىماي مىياڭلاپ بالىلىرىغا ئىنتىلدى، ئاكا-ئاچىلىرىمۇ كەتكىلى ئۇنىماي يات بالىلارنىڭ قوللىرىنى مورلىدى، كەنجى ئاسلان بولسا يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى ئانىسىنىڭ بېقىنىغا تىقىۋالدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەنجى ئاسلان ئانىسىغا ئوخشايدىغان تاغىل ئىككى ئاچىسىنى، بوز رەڭلىك ئىككى ئاكىسىنى سېغىنىشقا باشلىدى. كەنجى ئاسلان ئۇلارنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدى. بۈگۈن ئانىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىردەم ئىنجىقلاپ يېتىپ خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى، ئۆي ئىگىسى ۋە ئۇنىڭ بالىسىمۇ ئۇخلاپ قالدى. كەنجى ئاسلان ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئوڭ قولىنى قىپقىزىل تىلى بىلەن ھۆللەپ ئادىتى بويىچە يۈزىنى قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىگىچە يۇيۇپ چىقتى، كېيىن سول قولىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ سول قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن باشلاپ يۈزىنى، پېشانىسىنى سۈرتۈپ چىقتى، چۈنكى ئۇ كوچىغا چىقىدۇ-دە! مۇنداق كۆزلىرىدە چاپاق قايىنىغان، بۇرنىنى پېتلا باسقان ھالەتتە كوچىغا چىقسا قانداق بولىدۇ؟ ئاندىن كېيىن تىلى بىلەن تۇمشۇقلىرىنى يالىدى، قورسىقى ئازراق چالىدەك تۇرىدۇ، ئانىسىنى يەنە بىر ئېمىپ ئالسۇنمىكىن، بىراق ئۇ ئويغىنىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ تۈگمەس نەسىھەتىنى باشلىۋەتسىچۇ، بولدى، تالادىن كىرىپ ئەمسىمۇ بولىدۇغۇ، ئاڭغىچە ھېچنېمە بولۇپ كەتمەس.

ئۇ ئەمدىلا ئايىقى چىققان بالىلاردەك تايتاڭلاپ ھويلىغا، ھېيلىدىن كوچىغا چىقتى. قۇياش نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقتى، ساپ ھاۋا بېشىنى ئايلاندۇردى، ئاجايىپ يوغان، بەھەيۋەت، يۇمىلاق پۇتلىرى بار بىر نەرسە گۈرۈلدىگىنىچە ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ نېمىكىنە؟ گۈرۈلدىگىنى ئاز كەلگەندەك دۇت ... دۇت... قىلىپ ۋارقىراپ قويۇشىچۇ تېخى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزى قارا قوڭغۇزغا ئوخشايدىغان، بىراق قوڭغۇزدىن يۈز ھەسسە يوغان (كەنجى ئاسلان ئاران يۈزگىچە ساناشنى ئۆگەنگەچكە ئۇنىڭ مۆلچەرىدە 100 ئەڭ چوڭ سان ئىدى) بىر نەرسە گۈگىرىگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى، ۋاي-ۋۇي بۇ مەخلۇقلار بۇ يەردە نېمىدېگەن كۆپ. يۈزچە بارمۇ نېمە؟ ئۇنىڭ كەينىدىن بىرمۇنچە بالىلار قاتارلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. كەنجى ئاسلان يۈزگىچە، كېيىن يەنە ياندۇرۇپ يۈزگىچە ساناۋەردى، بەش قېتىم يۈز بولدى. بۇنىڭ ھەممىسى قانچە بولىدىكىن؟ بۇنى ئەلۋەتتە ئانىسىدىن سوراش كېرەك. ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىنى بىلىدۇ. كەنجى ئاسلان ئۇ يەر، بۇ يەردە تېختايتتى، گۈگىرىگەن، غاقىرىغان ئاۋازلاردىن چۆچۈيتتى، قۇلاقلىرىنى ئاۋاز قاياقتىن كەلسە، شۇ ياققا ئايلاندۇرۇپ مىدىرلىتاتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر ئامال بىلەن كوچىدىن ئۆتۈۋالدى، ئاندىن تام ياقىلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ تارام-تارام تۈكلىرى يەلپۈنەتتى. ئۇ كىچىككىنە قۇيرۇقىنى ياغاچتەك قىلىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ يۈگۈرۈۋەردى، يۈگۈرۈۋەردى، بۇ شەھەرنىڭ ئۆز ئۆيىدىن يۈز ھەسسە، يەنە يۈز ھەسسە يوغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۆيلەر يەنە ئۆيلەر، كوچىلار ئاندىن يەنە كوچىلار ... ئۇنىڭ بېشى ئايلاندى. پىلانلىرىمۇ كاللىسىدىن توزاندەك توزۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆيگە قايتىشنىڭ غېمى ئىگىلىدى. ئۇ ئارقىسىغا قايتتى، يولنىڭ بۇ چېتىگە ئۆتۈۋېلىپ يۈگۈردى. ۋاي-

ۋۇي، نېمەدېگەن ئۇزۇن كوچىلار بۇ!؟ ئۇ
مېڭىۋېرىپ توغرا بىر كىچىغا چىقىپ قالدى،
ئازراق ساقلاپ تۇرۇپ ئۇنىمۇ كېسىپ ئۆتتى.
ئۇ ھازىر خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى،
بەھەيۋەت نەرسىلەر ئۆتۈپ بولغاندا ئاندىن
كوچىدىن ئۆتۈۋالىدىغان بولدى. ئۇ ئۆز-
لىرىنىڭ ئىشىكىگە ئوخشايدىغان بىر ئىشىكتىن
غىپپىدە كىردى، ئۈچ، تۆت پەلەمپەيدىن
چىقىپ ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكنى تاتىلىدى.
ئىشىكنىڭ ئاستىدىكى يوچۇقىدىن ئۇنىڭغا
ناتونۇش بىر خىل پۇراق چىقتى، پۇ...
نېمە دېگەن سېسىق! ئۇ ئىشىك يېنىدىن
ئىلدام كەتتى. سول تەرەپتىمۇ بىر ئىشىك
بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆيى بۇ تەرەپكە
ئۆتۈپ قالدىمىكىنە؟ ئۇ ئىشىكنى تاتىلىماس-
تىن بوسۇغىسىنى پۇراپ باقتى. شۇ چاغدا
ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلدى. ئۇ قىپقىزىل
پارقىراپ تۇرغان پولنى كۆرۈپ ئەجەبلەن-
دى. ۋۇي، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئاستى مۇنداق
ئەمەس ئىدىغۇ. ھېلىقى ئۆيدىن چىققان
سېسىق پۇراق مۇشۇ پولدىكى قىزىل پارقىراق
نەرسىدىن چىققان ئىكەن - دە، ئۇ يىرگىنىپ
پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى، ئىككىنچى،
ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئىشىك... ئەمدى ئۇ ئۆزى
دوقۇرغان ئىشىكلەرنىڭ ھېسابىنى ئۇنتۇپ
قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى نەگە كەتتىكىنە؟
ئۇ تۇگۈلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، تىترەشكە
باشلىدى، قورسىقىمۇ ئېچىپ كەتتى. قاراڭغۇ
چۈشۈشكە باشلىدى، كوچىلارنىڭ، دېرىزىلەر-
نىڭ چىراغلىرى چاقناشقا، كوچىدىكى ۋا-
راڭ - چۇرۇڭمۇ ئازىيىشقا باشلىدى. ئۇ نەگە
بېرىشنى، نەدە تۇرۇشنى بىلەلمىدى، ئۇنىڭ
بۇرنى قىچىشقاندەك بولدى، بۇ يىغلىغۇسى
كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ ئىغول
بالا بولغاچقا يىغلىماي چىداپ باقتى.

بارا - بارا كوچىلاردا كېتىۋاتقان بەھەيۋەت
مەخلۇقلارمۇ، ئادەملەرمۇ، بالىلارمۇ قالمىدى.
ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئاستا - ئاستا ئۆچۈش-
كە باشلىدى. كەنجى ئاسلان شۇ چاغدىلا
يالغۇزلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى.
ئانىسىنىڭ ئاپپاق يۇمشاق مەيدىسىنى،
پېشانىسى ئالا، ئېگىكى ئاپئاق يۈزىنى ئەسلەپ
چىداپ تۇرالماي، كىچىغا چىققاندىن بېرى
بىرىنچى قېتىم ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا
يىغلىۋەتتى....

* *

كىچىك چاشقان دۇنياغا كۆز ئاچقى-
نىغا بىرنەچچە كۈن بولدى. ئۇنىڭ دادىسى،
ئانىسى، مومىسى، ئەرگە تەگمىگەن ئاچىلىرى،
ئۆيلەنمىگەن ئاكىلىرى ھەممىسى بىر ئۆيدە
ياشايدۇ. كىچىك چاشقاننىڭ مومىسى — ئەڭ
قېرى چاشقانخان ئەتىگەندىن كەچكىچە
ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىش - كۈشلىرىنى
قىلىدۇ. ئۇ بىر پۇتى يوق بولسىمۇ، ئاس-
قاقلاپ يۈرۈپ ئۆي يىغىشتۇرىدۇ. بالا-
چاقىلىرى تېپىپ كەلگەن ئوزۇق، ئوقەت،
نان، دان، تۈگمە، مارجان، مىس، قەلەي،
يىپ - پاختا قاتارلىق نەرسىلەرنى خىل -
خىلى، تۈر - تۈرى بىلەن ئۆز جايىغا
دۆۋىلەيدۇ، ئاندىن ئوچاق بېشىدا تاماقنا
تۇتۇش قىلىدۇ، كۈندۈز سائەت ئىككىدە
ئۇلار چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرىدۇ، تاماقنى
كىچىك چاشقان (ئۇنىڭ تېخى ئىسمى يوق.
ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇش مۇراسىمى تېخى
ئۆتكۈزۈلمىگەچكە ئۇنى ھەممىسى كىچىك
چاشقان دەپلا ئاتايدۇ، بىزمۇ شۇنداق دەپ
تۇرايلى) نىڭ ئانىسى چاشقان ئاغىچام
ئۈستەلگە ئەپكىلىدۇ. بۇلارنىڭ تاماق جوزىسى
باللار مەكتەپتە ئاتىدىغان دېسكىدىن سەل

كىچىكرەك، ئورۇندۇقلىرى سەرەڭگە قېپىچىلىك كېلىدۇ، تەخسىلىرى پەلتۇنىڭ چوڭ تۈگمىسىچىلىك كەلسە، چوكىلىرى سەرەڭگىنىڭ ياغىچىدىنمۇ كىچىك. ئۇلار ناھايىتى تەرتىپلىك، تاماق چوڭىدىن كىچىككە قارىتىپ تارتىلىدۇ. لېكىن كىچىك چاشقان تېخى دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان يېڭى مېھمان بولغاچقا، ئاۋۋال شۇنىڭغا بېرىلىدۇ، تاماقتىن كېيىن ھەممىسى ئۇزۇن كارىدوردىن ھەر تەرەپكە قارىتىپ كولاپ ياسالغان كىچىك بۆلمىلىرىگە كىرىپ كېتىپ، شۇ يەردە يۇمشاق چۆشەكنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايدۇ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلار «ئىش»قا چىقىپ كېتىشىدۇ. گەمىدە تەكۇر چاشقان موماي ۋە كىچىك چاشقانلا قالىدۇ. مومىسى بارلىق مومايلارغا ئوخشاش ھېكايە، چۆچەكلەرنى سۆزلەشكە ئامراق، بىر گەپنى تېپىۋالسا بارمۇ قايتۇرۇپ-قايتۇرۇپ ئېيتىۋېرىدۇ، يە بۇرۇن ئېيتقىنىنى ئۇنتۇپ قالامدىكىن، كىچىك چاشقانغا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسى مەلۇملۇق. ئۇنىڭ قانداق چوڭ بولۇپ، قانداق ئەرگە تەگكىنى، ئېرىنىڭ ئۆزىنى تۆت بالا بىلەن قالدۇرۇپ «ئىش» قا چىقىپ كەتكەنچە ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكىنى، ئۆزىنىڭ تۆت بالىنى باقىمەن دەپ ئوزۇق ئىزدەپ چىقىپ، بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ ناكا بولۇپ قالغىنى قاتارلىقلار كىچىك چاشقانغا يادا بولۇپ كەتتى. كىچىك چاشقانغا دۇنيادا قاپقان ۋە مۈشۈك دېگەن يامان مەخلۇقلارنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ يۇۋاش چاشقانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان قەبىھ دۈشمەنلەر ئىكەنلىكى، بۇۋىسىنىمۇ شۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى مەلۇم ئىدى. كىچىك چاشقان ئاستا-ئاستا بۇ تۈگىمەس ھېكايىلەردىن، قاراڭغۇ، غۇۋا ئۆيلەردىن زېرىكتى. ئۇنىڭمۇ ئاكىلىرىدەك، ئاچىلىرىدەك سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرگۈسى كېلەتتى، لېكىن موماي ھەرخىل ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى قورقۇتۇپ تالاغا چىقارمايتتى. كىچىك چاشقان مومىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدا ئاغزى بېسىقىنىدىن خۇشال بولدى، ئۇ ئۆزىچە خىيال سۈردى: ئالجىغان موماي، گەپ قىلىدىم دەپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ دەۋېرىدۇ، يالغۇز قېلىشتىن قورقسا كېرەك، مېنىمۇ تالاغا چىققىلى قويمايدۇ، ئۆزىنىڭ تالاغا چىقىشقا ماجالى يوق، شۇڭا ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، مەن دېگەن بالا تۇرسام، كەچكىچە قېرى چاشقاندەك ئۆيدە ئولتۇراتتىممۇ، مېنىڭمۇ ياخشى-يامانىنى ئىلغا قىلغۇچىلىكىم بار. مۈشۈك، تاختامۈشۈك دېگەنلەرگە بوزەك بولاتتىممۇ، ئالدىمغا كېلىپ باقسۇنچۇ قېنى!

كىچىك چاشقان شۇنداق خىياللار بىلەن تار كارىدوردىن ئۆتۈپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئىشىك ئورنىدا پايدىلىنىدىغان تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا يۆلەپ قويۇلغان تاشنىڭ قىسىلچىقىدىن تاشقىرىغا چىقتى.

ئۇ نەگە چىقىپ قالدى؟ ئۇ يەرنىڭ ئاستىدىكى ئىسسىق ئۆيدىن بىراقلا سىرتقا چىقىپ قالغاچقا تېنى سەل شۈركەنگەندەك بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ يۇمران تۈكلىرى تولۇق يېتىلىپ، بەدىنىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كېتەلمىگەنىدى-دە. ئۇ يورۇقلۇقتىن كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى، بىردەم جايىدا تۇرۇۋېلىپ كۆزلىرىنى يورۇققا كۆندۈردى، ئاستا-ئاستا بىر كۆزىنى، ئاندىن ئىككىنچى كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ قاپقارا مونچاقتەك كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپلا قالدى ۋە: «نېمە دېگەن كەڭرىچىلىك!» دەپ

ۋارقىرىۋەتتى. دېمىسمۇ نېمىدېگەن كەڭ -
رىچىلىك، بۇ بەلكىم مومىسى سۆزلەپ بەر -
گەن دەريا دېگىنى بولسا كېرەك. بىراق
دەريادا سۇ بولاتتىغۇ، سۇدا پاراخوت بو -
لاتتى، پاراخوتنىڭ ئىچىدە تۇرغۇن چاشقانلار
ماكان تۇتۇپ شەھەردىن شەھەرگە سەيلە قىلىپ
يۈرۈشەتتى، ئاجايىپ نازۇ - نېمەتلەرنى تېپىپ
يېيىشەتتى. بۇ دەريادا سۇ يوق ئىكەن،
ياكى بۇ دەريا بولماي يول دېگەن نەر -
سىمىكىن؟ كېيىن مومىسىدىن ئىدىتلاپ
سورىۋالماي بولمايدۇ. قاپقارا تۈكلىرى
پارقىراپ تۇرغان، ئۇزۇن قۇيرۇقى يەردە
سۆرۈلۈپ يۈرگەن، كۆزلىرى سېرىق، چىش -
لىرى يوغان بىر نەرسە ئۇنى كۆرۈپ
ھاۋشۇپ قويدى. كىچىك چاشقاننىڭ يۈرىكى
دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، يۈرىكىنىڭ ئۇر -
غىنى قۇلىقىغا داڭ ئۇرغاندەك ئاڭلاندى،

ئۇ چىقىراي دېدى، ئۇنى چىقماي قالدى.
قاچاي دېسە پۇتلىرى يەرگە يېپىشىپ قال -
غاندەك مىدىرلىيالمىدى، ئۇ بەك قورقۇپ
كەتتى ۋە كاللىسىغا مۈشۈك ياكى تاختا -
مۈشۈك دېگەن مەخلۇق شۇ بولسا كېرەك،
تۇغۇلۇپ بىرنەچچە كۈن بولمايلا ئۆلۈپ
كېتىدىغان بولدۇم، دېگەن خىيال كەلدى.
شۇ ھامان مومىسىنىڭ مېھرىبان چىرايى،
ئانىسىنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى ۋە ئىنچىكە
قۇيرۇقى ئېسىگە چۈشتى. بەزىدە ئانىسى
ئۇنى قوچاقلاپ ئوكىدىسىغا يېتىۋالسا، دا -
دىسى ئانىسىنىڭ قۇيرۇقىدىن ھارۋا سۆرى -
گەندەك سۆرەپ ئۇنى ئويناتاتتى. كىچىك
چاشقاننىڭ ئېسىگە يەنە ئىسسىق، جىمجىت
ئۇيى چۈشتى. ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە
قايتىپ بارالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېچى -
نىشلىق ئاۋازدا چىقىراپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھېلىقى مەخلۇق كۆزلى -
رىنى ئۇنىڭغا تىكىپ بىر قەدەم كەينىگە
چېكىندى. شۇ ئارىدا ئىككى پۇتلۇق بىر
نېمە (بۇ بەلكىم مومىسى ئېيتقان ئادەم
دېگەن نەرسە بولسا كېرەك) كېلىپ قالدى.
كىچىك چاشقاننى كۆرۈپ قالدى - دە، كاپلا
قىلىپ ئۇنى تۇتىۋالدى، كىچىك چاشقان
ئۆزىنىڭ ھاۋادا پۇلاڭلاپ قالغانلىقىنى،
قۇيرۇقىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقانلىقىنى
سەزدى، ئەتراپقا بىر مۇنچە ئادەمچاقلار
ئولاشتى، ئۇلار ۋارقىرىشاتتى، چىقىرىشاتتى،
ئىسقىرتىشاتتى...

*　　*

پەلەمپەيمۇ پەلەمپەي يۈگۈرۈپ ھېرىپ
ھالىدىن كەتكەن كەنجى ئاسلان يېقىن
ئەتراپتا بولۇۋاتقان ۋاڭ - چۇڭدىن ھەيران
قالدى، قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپ كۆزلىرى
دۈگىلەكلىشىپ كەتتى. كۈل رەڭ تۈكلۈك،
كۆزلىرى قاپقارا مۇنچاقتەك، قۇيرۇقلىرى
بىگىزدەك ئىنچىكە بىر كىچىك مەخلۇقنى
كىچىك بالىلارنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ
سەكرىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى - دە، ئۇ -
نىڭغا ئىچى ئاغرىغىنىدىن تەنلىرى شۈر -
كىنىپ كەتتى ۋە چىداپ تۇرالماي مياڭ -
لىۋەتتى، ئۇنىڭ ئېچىنارلىق ئاۋازدا چىقى -
رىشى بىلەن تەڭ ئاجايىپ بىر ئەھۋال يۈز
بەردى، كىچىك بالىلار ھېلىقى كىچىك
مەخلۇقنى تاشلىۋېتىپ ھەممىسى ئاسلانغا
تاشلاندى. بىچارە ئاسلاننىڭ كۆزلىرى
چەكچىيىپ، قۇيرۇقلىرى تىك بولۇپ كەتتى.
ئۇ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاشقىمۇ
ئۈلگۈرەلمەي پەقەت ھېلىقى كىچىك مەخ -
لۇق نېمە ئىش قىلسا ئۇمۇ شۇنى قىلدى،
يەنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جىنىنىڭ بارىچە

يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ نەگە قاچسا، ئۇمۇ شۇ يەرگە ئۆزىنى ئاتتى، ئاخىرى بىنانىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇ بىر ئۆيگە كىرىپ قالدى.

ئۇلار كىرىپ قالغان بۇ ئۆيدە ئەدىشلار، ساندۇقلار، كونا ئاياغلار، كونا كىيىملەر، قەغەزلەر، كىتابلار ۋە ئۇلار كۆرمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى، قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ پۇرىقى قاڭسىپ تۇراتتى. كەنجى ئاسلاننىڭ قورسىقى ئاچقىنىغا خېلى بولغانىدى. ئۇ، ئامباردا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ يۇمىلاق بىر نەرسىنى كۆردى ۋە ئۇنى ئۆڭ قولى بىلەن ئىتتىرىپ كۆرۈپ، ئاندىن پۇراپ باقتى، بۇ سېسىپ قالغان بىر باش پىياز ئىكەن.

نېمىدېگەن سېسىق! كەنجى ئاسلان يىرگەنگىنىدىن پۇف...پۇف... قىلىپ نېرى كەتتى. ئۇ، بۇ ئۆينىڭ تۆت تەرىپىنى ئارىلاپ چىقتى، جىمجىتلىق، ھېچكىم يوق. ھېلىقى كىچىك ئاغىنە كىرىۋىدى، نەگە كەتتىكىنە؟ تۆت تەرىپكە قاراپ ھېچكىمنى كۆرمىگەن ئاسلاننىڭ بۇ دىمىق ئامباردا بىر كېچىنى ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزۈشكە كۆزى يەتمەي، بۇ يەردىن چىقماقچى بولۇپ، ئامبارنىڭ پەنجىرىسى بار تېمىغا يامىشىپ باقتى، ئەمما كىرگەن جايىدىن چىقىشىغا چامىسى كەلمىدى. ئامبارنىڭ تېمى سىلىق ۋە ئېگىز ئىكەن - دە. ئۇ ئىشىكنى تاتىلاپ باقتى، مىدىر - سىدىر قىلىسىچۇ كاشكى، ياكى كىچىككىنە يوچۇق بولسىمۇ... ئاسلاننىڭ بۇ چوڭقۇر، سېسىق پۇراق كېلىپ تۇرغان ئۆيدە سولىنىپ قالغىنىغا يۈرىكى سىقىلدى، ئازاب - ئوقۇبەتكە چىدىماي تۈنۈگۈنكىدىنمۇ ئېچىنارلىق ئاۋاز بىلەن يىغلىۋەتتى.

نېمىدۇر بىرنەرسە شىرتىلداپ شەپە بەردى، ئاسلان چۆچۈپ كۆزىنى چەكچەيتتى. ئامبار قاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئاسلاننىڭ كۆزلىرى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرەتتى. ئۇ ئەسكى ئاياغنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىگە قاراۋاتقان بايىقى كىچىك مەخلۇقنى كۆردى. ئۇ بىچارىمۇ ئېچىنارلىق ئاۋازدا يىغلايتتى. ئاسلاننىڭ يىغىسى توختىدى. ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى، كىچىك بوۋاقنىڭ ئالدىدا يوغانلا بولۇپ قالغان ئوغۇل بالا يىغلىسا بولمايدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىچارىگە تەسەللىي بەرمىسە بولامدۇ؟

ئاسلان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆڭ قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، تىرناقلىرىنى چىقارماي بارماقلىرىنىڭ مەخمەلدەك يۇمشاق تەرىپى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى. كىچىك چاشقاننىڭ تۈكلىرى يۇمران بولۇپ، كىچىككىنە تېنى قورقۇنىدىن دىر - دىر تىترەيتتى. ئاسلان ئۆز گەۋدىسىنىڭ چاشقاندىن خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ قەلبىدە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن خەيرىخاھلىق، ئاكىلىق ھېسسى ئويغاندى، ئۇ چاشقاندىن نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى، كىچىك جانىۋار تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. كەنجى ئاسلان ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئۆيدىن سىرىلىپ چىقىپ كەتكەن بەخباش بالا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ سەرگۈزەشتىسى نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە! ئەڭ ياخشىسى ھەر ئىككىلىسىنلا ئۆيگە قايتىپ كەتكىنى تۈزۈك ئوخشايدۇ. ئىككىسى قاراڭغۇ ئۆيدە ئۇزاق مۇڭداشتى ۋە ئۆيگە قايتىپ ئوبدان بالا بولۇش توغرىلىق بىر-بىرىگە ۋەدە بېرىشتى. بۇ قاراڭغۇ ئۆيدىن قانداق چىقىپ كېتىش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشتى.

www.uyghurkitap.com

کىچىك چاشقان ئىشكىنىڭ بوسۇغىسىنىڭ ئاستىدىن كېلاپ يوچۇق چىقاردى، ئۇ ھارسا ئاسلان تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ يوچۇقنى كېڭەيتتى. ئۈچ كۈن دېگەندە ئېچىرقاپ ھالىدىن كەتكەن بۇ ئىككى دوست بۇ ئامباردىن ئامان-ئېسەن چىقىپ كېتىشتى ۋە تام ياقىلاپ بىرلىكتە ئۆيلىرىنى ئىزدەپ راۋان بولۇشتى. ئۇلار ئەمدى تەجرىبىلىك بولۇپ قېلىشتى، ئادەم كۆپ چاغلاردا كىشىنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا كىرىۋېلىپ، ئادەم ئايىغى سېلىككەندە ئاندىن يول يۈرۈشتى. قورسىقى ئاچقاندا يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەر ئۇچرىسا بۆلۈشۈپ يېيىشتى. يەتتىنچى كۈنى ئىككىسى يەنە بىر ئامبارنى ماكان ئېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. تاڭ سەھەردە تۇيۇقسىز چىققان قىيا-چىيادىن ھەر ئىككىسى ئويغىنىپ كېتىشتى، ئۆينىڭ ئىچىدە بىر يوغان چاشقان ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى سوزغىنىچە بۇلار تەرەپكە قاراپ چىرىلدايتتى. كىچىك چاشقان ئاسلانىنىڭ باغرىدىن چىقىپ چوڭ چاشقانىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئاسلان ئۆز دوستىنىڭ ئاخىرى ئانىسىنى تاپقىنىنى چۈشەندى. بۇ نېمىدېگەن خۇشاللىق-ھە! ئۇنىڭ كۆزلىرىگە خۇشلۇقتىن ياش كەلدى، ئۇ خوشلاشقاندەك بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. كىچىك ئاسلانىنىڭ قەلبىنى بىر خىل ھۇزۇرلىنىش ئىگىلىۋالدى. بىرووغا ئاز-تولا ياخشىلىق قىلىش نېمىدېگەن ياخشى ئىش-ھە! ئاسلان يولىغا راۋان بولدى. بىنادىن بىناغا، قورۇدىن قورۇغا سەپەر قىلدى، ئۇ چوقۇم ئۆز ئۆيىنى تاپىدۇ، ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

# ئىككى شېئىر

## سائەت

چىك ـ چىك، چىك ـ چىك...
ياڭراق ئاۋاز چىقىرىپ،
سائەت دائىم ئالدىغا
ماڭار توختىماي چېپىپ.
چىڭ تۇتۇشنى ۋاقىتنى
مېنىڭ يادىمغا سېلىپ.
قايىل مەن بۇ سائەتنىڭ
نومۇر قويۇپ ۋاقىتقا،
ئىنسان ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز
خىزمەت قىلىش روھىغا.
مەنمۇ شۇڭا سائەتتەك
ئالغا دائىم ئىلگىرىلەپ،
ئىلىم ـ پەندىن، ھېكمەتتىن
خىش قويۇمەن چىڭ، پۇختا
ئوقۇشۇمنىڭ ئۇلىغا!

## رەگەتكە

ھەي رەگەتكە، رەگەتكە،
ئۇقتىن، سېنى نېمە دەپ ـــ
تاشلىۋەتتىم بىر چەتكە
ئوينىماسقا ئەبەتكە؟
ئىلگىرى راست مەن سېنى
تۇتقان ئىدىم دوست قىلىپ.
يۈرەر ئىدىم ھەر قاچان
بىللە يېنىمدا ئېلىپ.
قىلمەن دەپ مەرگەنلىك
بولدى ئەھۋالىم قىيىن.
(ئىنتىزامدا، ئەخلاقتا
قالدىم دوستلاردىن كېيىن.)
زامىن بولدۇم ھەتتا مەن
ئۇچار قۇشلار جېنىغا.
چىينىشىمىز دەپ ئويناپ
تاشمۇ يېدىم بۇرنۇمغا.
دېدىم شۇ چاغ نېمىشقا
بۇ نەرسىنى ئۆگەندىم؟
ئويلاپ باقسام ھەممە گەپ
ئۆزەمدىكەن چۈشەندىم.
ئەمدى سېنى ئوينىماسقا
چىن دىلدىن ئەھدى قىلدىم.
ئويۇن ئويناي مەزمۇنلۇق،
پايدا يوقكەن سېنىڭدىن.

مەمتىمىن بارى

# شېئىرلار

## بوشاڭلارنى دورىما

خوراز چەللاپ تاڭ ئاتتى،
تۇر ئورنىڭدىن، ئۇخلىما.
قوڭغۇراقمۇ چېلىندى،
باشلىنىدۇ يوقلىما.

كىرسەڭ ئەگەر كېچىكىپ،
ئۇيالماسمەن سىنىپقا؟
قىلغىن سەنمۇ رىئايە
دوستلىرىڭدەك ۋاقىتقا.

سەھەر تۇرۇپ ھەر كۈنى
بەدىنىڭنى چېنىقتۇر.
بوشاڭ، ھورۇن بولماستىن،
ھەممە ئىشتا تېتىك تۇر.

## ئاسلىنىم

ئەتراپىمدا ئايلىنىپ
نېرى كەتمەس ئاسلىنىم.
زىيانداشنى — چاشقاننى
ئامان قويماس، ئاسلىنىم.

ئۇزۇن قۇيرۇق، ئالماچ،
پېشانىسى قاپقارا.
كىتاب كۆرسەم ئولتۇرۇپ،
ھەمراھ بولار ئۇ ماڭا.

چارچىغاندا ئوينايمەن،
ئەركىلىتىپ باغلاردا.
ئۇخلايدۇ ئۇ مەن بىلەن
ئۇيقۇ تۇتقان چاغلاردا.

تاڭ سەھەردە مەن تۇرسام،
ئۇمۇ ئەسنەپ تۇرىدۇ.
ئالدى ئىككى پۇتىدا
يۈز - كۆزىنى يۇيىدۇ.

چېپىلمايدۇ ھەرگىزمۇ،
ئۆيدە قاچا - تاۋاققا.
ئولتۇرىدۇ بىر چەتتە
مەن ئولتۇرسام تاماققا.

ئاسلىنىمنى مەن شۇڭا
قەۋەت ياخشى كۆرىمەن.
خەۋەر تېپىپ ھالىدىن،
ئايرىم مېھمان قىلىمەن.

## ھال سوراپ

ئالتە ئوغۇل، يەتتە قىزدىن
تەشكىللەنگەن سەنئەتچى؛
ئۇستازىمىز خالمۇرات
بولدى بىزگە يېتەكچى.

ناخشىچى بىز، سازچى بىز،
ھەم ئۇسسۇلچى ھەممىمىز.
ئېرىشتى زور ئالقىشقا
ناخشا - ئۇسسۇل، سازىمىز.

بېرىپ يىراق چېگرىغا
ئويۇن قويدۇق ھال سوراپ.
جەڭچى تاغا، ھەدىلەر
قويدى بىزگە گۈل تاقاپ.

قەھرىمانلار بىزلەرگە
سۆزلەپ بەردى ھېكايە.
ئۆرگۈپ بىزنىڭ روھىمىز،
ئاشتى غەيرەت، ئىرادە.

بىز ئۆگەندۇق ئۇلارنىڭ
قەھرىمانلىق روھىدىن.

**ھەسەن ئىلمۇالدى**

## قايىل بولدى ئانىسى

ئوقۇۋاتقان قىزىنى
قويدى ئانا توختىتىپ.
«موللاملاردا ئوقۇغىن»
— دېدى ئۇنى قورقۇتۇپ.
«لازىم بولار دىنىي دەرس —
دېدى، — بالام، ئۆلگەندە.
راستلىقنى بىلىسەن
يەر قەھرىگە كىرگەندە.
سوئال - سوراق سورايدۇ
مۇنكىر - نىكىر قەبرىدە.
بېرەلمىسەڭ جاۋابنى،
قالىسەن چوڭ جەبرىگە.
جەھەننەمدە ئاتەشتەك
ئوت دېڭىزى ئاقىدۇ.
ئوقۇمىساڭ موللامدا،
يىلان - چايان چاقىدۇ.
تۇرار يەرنى بىر ھۆكۈز
مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ.
پەرىشتىلەر ئەرشنى،
تۇتۇپ تۇرار يۆكۈنۈپ.
چىقالمايدۇ بەندىلەر،
بالام، ئېگىز ئاسمانغا.
موللاملاردا ئوقۇساڭ
ئىشەنمەيسەن يالغانغا».

تىنچلىقنى ۋەتەننىڭ
كۆرگەن ئەلا ھەممىدىن.

قەھرىمانلار خىسلىتى
بولدى ئىلھام، كۈچ - قۇۋۋەت.
كەلتۈرىمىز چوڭ بولۇپ
ئەلگە بىزمۇ شان - شەرەپ.

ئاڭلاپ قىزى ئانىنىڭ
بۇ كۈلكىلىك سۆزىنى،
— دېدى چوڭقۇر ئىشەنچتە،
سالماق تۇتۇپ ئۆزىنى:
«جېنىم ئانا، ئىلىم - پەن
قويدى كۆپنى ئۆگىتىپ.
يۈكسەلمەكتە خەلقىمىز
نادانلىقنى تۈگىتىپ.
پەرىشتىلەر قانداقمۇ،
تۇتالايدۇ ئاسماننى؟
پەن بىلمىگەن نادانلار
دەيدۇ بۇنداق يالغاننى.
روھانىلار يۇقتۇرغان
بىزگە مۇشۇ ئىللەتنى.
ئۇنتۇمايلى، جان ئانا،
ۋەتەن، خەلق، مىللەتنى.
كەڭ ئاسماندا ئىنسانلار
سەيلە قىلىپ يۈرمەمدۇ؟
بۇ گېپىڭنى ئاڭلىسا،
ھەممە سەندىن كۈلمەمدۇ؟
ئاچماقتىدۇر ئىلىم - پەن
تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى.
جېنىم ئانا، ئەمدى سەن
سەگەك تۇتقىن ئېڭىڭنى.

ئويلاپ باققىن باشقىلار
ئۆزىسە كۆكتە، دېڭىزدا.
سەت ئەمەسمۇ بىز ئۈچۈن
توختاپ قېلىش بىر ئىزدا.
ئۇچماقتىدۇر سامادا
سۈنئىي ھەمرا توختىماي.
چىقتى ئايغا ئالىملار،
بولماس بۇنى ئويلىماي،
بۇ ھەممىسى بىلىمنىڭ
خاسىيىتى، خىسلىتى.
ئىلىم - پەندە ئاشىدۇ
خەلقىمىزنىڭ ئىززىتى.
گەر ئوقۇساق موللامدا
بىلەلمەيمىز بۇنى بىز.
ئىگىلىمەي بولمايدۇ،
پەن - بىلىمنى ئەمدى تېز.
جېنىم ئانا، تىرىشمىغىن
مېنىڭ داغدام يولۇمنى.
يېتەكلەيدۇ پارتىيە
تۇتۇپ مەھكەم قولۇمنى».

*

قىزنىڭ سۆزى ئانىنىڭ
قەلبىدىن ئورۇن ئالدى.
ئۆزى ئېيتقان سۆزلەرنى
قايتا ئويلىنىپ قالدى.

ئابدۇللا ئىدرىس

## كېپىنەك

ھويلامدىكى گۈلۈمگە
مەھلىيادۇر كېپىنەك.
كېتەلمەيدۇ يېنىمدىن،
بىرەر جايغا ھېچ بۆلەك.

شاختىن - شاخقا قونىدۇ،
قانات قېقىپ پىلدىرلاپ،
گاھ سۆھبەتلەر قۇرىدۇ،
چېچەك بىلەن پىچىرلاپ.

مەنمۇ پەنگە ئىنتىلگەن
كېپىنەكمەن گوياكى.
زېھىن قويۇپ دەرسكە،
بوپ چىقىمەن ئەلاچى.

جېلىل مۇھەممەد

# باغچا ناخشىلىرى

## مەنمۇ قاچان بارىمەن

ئايلار ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ،
ئۆسۈپ قالدى بويۇممۇ.
ئەقىل قونۇپ مېڭەمگە،
ئاشتى پىكىر - ئويۇممۇ.
قاراپ بېقىڭ، ئانىجان،
قاچانغىچە كىچىك مەن؟
ئاكام بىلەن مەكتەپكە،
مەنمۇ قاچان بارىمەن؟!

## كىچىك تەتقىقاتچىلار

ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز
بەك ئالدىراش ھازىر بىز.
كېلىشتۇرۇپ ئەينەكتە،
بىر تېلىسكوپ ياسايمىز،
تېلىسكوپتا كەچلىكى،
يۇلتۇزلارغا قارايمىز.

ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز،
بەك ئالدىراش ھازىر بىز،
پەن - تېخنىكا ئۆگىنىپ،
ئۇچار كېمە ياسايمىز،
شۇ كېمىدە ئولتۇرۇپ،
كائىناتتا ئوينايمىز.

## چۈجە

چۈجە، ئەجەب ئوماقسەن،
غەمسىز، خۇشال ئوينايسەن،
ئاناڭ كەتسە يىراققا،
«چىك، چىك، چىك، چىك، چىك»
دەپ
ھەريان چېپىپ ئىزدەيسەن.
يۇمران تۈكۈڭ ئوخشايدۇ،
ئاپئاق، يۇمشاق ماموققا،
بەكمۇ ئامراق ئىكەنسەن،
بۇغداي بىلەن تېرىققا.
تېنىڭ خۇددى مۇشتۇمدەك،
تۇمشۇغىڭمۇ بەك كىچىك،
ساڭا قانچە گەپ قىلسام،
دەيدىغىنىڭ شۇ: «چىك، چىك».

## سامساق

مېنىڭ ئىسمىم سامساق باتۇر،
ھەممە ماختاپ، قوشاق قاتۇر.
مىكروب بىلەن قىلمەن جەڭ،
ماڭا ئۇلار كېلەلمەس تەڭ.

دوستلار يېسە ئاشقا سېلىپ،
مىكروبلارنى ئۆلتۈرىمەن.
كىچىك دوستلار، قاچماڭ مەندىن،
سىزنى ساغلام ئۆستۈرىمەن.

## پەمىدۇر

پومزىكمدەك يۇمىلاق،
رەڭدار قىزىل پەمىدۇر.
پىششىق يېسە، خام يېسە،
بېغىشلايدۇ ئۇ ھوزۇر.

چىن يۈلى

## ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مېتودولوگىيە مەسىلىسى

مېتود — ئادەملەرنىڭ بىلىش قورالى. ئەمما ئىلمىي مېتودنى ھەركىم ئۆزى خالى-
غىنىچە سۇبيېكتىپ ھالدا بەلگىلىۋالالمايدۇ، ئۇ جەزمەن تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ماھى-
يىتى بىلەن بىردەك)، تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىر-
دەك بولۇشى كېرەك. ئىلمىي مېتود — ئوبيېكتىپنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىن-
كاسى. ماركسىزملىق مېتودولوگىيە ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن
بىردەك.

ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە
باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلەرگىمۇ ئورتاق بولغان ماھىيەت، قانۇنىيەتنى ۋە ئەدەبى-
يات-سەنئەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئالاھىدە ماھىيەت ھەم ئالاھىدە قانۇنىيەتنى
ھازىرلىغان بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىككى تەرەپ ھەم بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، ھەم
بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. بىز مەلۇم مەدەنىيەت، مەلۇم جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتى-
سادىنىڭ ئىنكاسى، ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يەنە سىياسىي ۋە ئىقتىسادقا غايەت زور
تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەيمىز. بۇ پۈتكۈل ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەتنىڭ
ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ ئورتاق ئومۇمىي ماھىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ بۇنىڭ
سىرتىدا ئەمەس (ئەلۋەتتە، بۇ تۈپكى جەھەتتىن، ئىجتىمائىي، سىنىپىي ئىدېئولوگىيىنىڭ
ماھىيىتى جەھەتتىن دېيىلگەن گەپ، ھەربىر كونكرېت ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىسىنى
مېخانىك ھالدا بۇنداق ئىزاھلاشقا بولمايدۇ). ئىدېئولوگىيە ھېسابلانغان ھەربىر تارماق-
نىڭ ئۆزىگىلا خاس ئالاھىدە ماھىيىتى بولىدۇ. ھەربىر كونكرېت تارماقتىكى ئىدې-
ئولوگىيىنى بىلىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ھازىرلى-
غان ئورتاق ماھىيەت بىلەن ھەربىر كونكرېت ئىدېئولوگىيە تارمىقىنىڭ ئالاھىدە ماھىيى-
تىنى بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا
ئەمەس.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مېتودولوگىيىسى ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ، ئىج-
تىمائىي ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتى بىلەن
تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئالاھىدە شەكلى بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئالاھىدە
ماھىيىتىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماركسىزملىق
ئەدەبىيات-سەنئەت مېتودولوگىيىسى پەقەت تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىدېئولوگىيە نەزەرىيىسى
ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى ئاساسىدىلا تىكلىنىدۇ. تارىخىي ماتېرىيا-
لىزملىق ئىدېئولوگىيە نەزەرىيىسى ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىدېئولوگىيە مەسىلىلىرىنى تەكشۈرىدىغان مېتودولوگىيىنىڭ ئاساسى، چۈنكى، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، نەزەرىيە بىلەن مېتود بىردەك بولىدۇ.

ئۆتكەنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، «سول» دوگماتىزملىق ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىز ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، دائىم دېگۈدەك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا ئىدېئولوگىيىلەر بىلەن بولغان ئورتاقلىق تەرەپلىرىگە بەكرەك دىققەت قىلىپ، ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرىگە ئازراق دىققەت قىلدۇق، يەنى ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن باشقا ئىدېئولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ئورتاق بولغان ماھىيىتىگە دىققەت قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىگە تازا دېگەندەك دىققەت قىلمىدۇق. ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلىشتىكى مۇنداق دوگماتىزملىق ئۇسۇل بىزنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشقا سەل قارايدىغان، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە سەنئەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان، باشقا ھەرقانداق ئىدېئولوگىيە تارمىقى ئورنىنى باسالمايدىغان رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. كۆپ ھاللاردا ناتۇرالىزملىق ئىجادىيەت بازارنى ئىگىلىۋالدى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ۋە سەنئەت سەۋىيىسى قاتتىق بوغۇلۇپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ سىياسىي تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرگە ئايان. ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، تارىختىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن جانلىنىش، گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ دوگماتىزمنىڭ تۈگىتىلىشى بىلىش ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرقەدەر مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا باشلىغانلىقىمىز ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزى ھازىرلىغان ئىدېئولوگىيىنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە بىرقەدەر دىققەت قىلغانلىقىمىزدىن ئايرىلمايدۇ.

ئەمما بۇرۇنقىنىڭ ئەكسىچە، مانا ئەمدى مۇنداق ئەھۋال ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پاش قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپلۇقىنى چەتكە قاقىدىغان ھەر خىل، ھەر ياڭزا كۆزقاراشلار بارلىققا كەلدى. ئىدېئولوگىيە توغرىسىدىكى ماركسىزملىق نەزەرىيە — تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىدېئولوگىيە نەزەرىيىسى ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن «ئەنئەنىۋى قاراش»، «ئەنئەنىۋى مېتود»، جەزمەن «يېڭى قاراش»، «يېڭى مېتود» لارنى ماركسىزملىق (ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ ماركسىزمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) «ئەنئەنىۋى قاراش»، «ئەنئەنىۋى مېتودنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك، دېيىلدى. ماركسىزمغا ئۇنىڭ ئەسلى سىياقىغا زادىلا مۇناسىپ بولمىغان خىلمۇ خىل چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلدى، ئەمەلىيەتتە، ماركسىزم بۇرمىلاندى، ھەجۋىلەشتۈرۈلدى.

بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۇنى تەتقىق قىلىش كېرەك. بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس، ئايرىم نەزەرىيە مەسىلىسىمۇ ئەمەس، بەلكى ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشقا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.

1

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە يولداش لىيۇزەيفۇ ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر بىر قاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بىرقەدەر بۇرۇنراق ئېلان قىلغان پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقنىڭ بىرىكىشى توغرىسىدىكى ماقالىسى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بۇ يەردە دېيىلگەن كۈچلۈك ئىنكاس قوللىغۇچىلارنىڭمۇ، تەنقىدىي پوزىتسىيىدىكىلەرنىڭمۇ ئىنكاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق ناۋادا بىز يولداش لىيۇزەيفۇنىڭ خاراكتېردىكى ئىككى ياقلىمىلىقنىڭ بىرىكىشى توغرىسىدىكى ماقالىسى، ئاساسەن، ئەدەبىياتتىكى تىپ مەسىلىسىگە قارىتىلغان دېسەك، ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن ماقالىلىرى تېخىمۇ كەڭ، سىستېمىلىق ماھىيەتكە ئىگە بولۇپ، پەلسەپە، ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىدىكى بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مەن بۇ يەردە پەقەتلا مېتودولوگىيىگە ئائىت مەسىلىلەردە بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. ئەمما مېتودولوگىيە مەسىلىسى نەزەرىيە، كۆزقاراش مەسىلىلىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان بولغاچقا، مېتودولوگىيە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشمۇ ئەڭ تۈپكى نەزەرىيە كۆز قاراشلاردىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ.

يولداش لىيۇزەيفۇ ئۆزىنىڭ «ئەدەبىياتنىڭ تەپەككۇرنى تەتقىق قىلىشنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن ماقالىسىدا ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بىر قاتار يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بەزى يېڭى ئۇسۇللارنى قوبۇل قىلدى، شۇنداقلا يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇسۇللار توغرىسىدىكى سىناق ۋە ئىزلىنىشلەرنىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. بۇ يەردىكى نۇرغۇن كونكرېت نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللارنىڭ قىممىتى توغرىسىدا ئەلۋەتتە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا كونكرېت تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىلا ئاندىن ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ. ئەمما يولداش لىيۇزەيفۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ يۈزلىنىشىنى بايان قىلغىنىدا، ئۇ «كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ» دەپ ھېسابلىغان «تاشقى جەھەتتىن ئىچكى جەھەتكە يۈزلەنگەن» يۈزلىنىشنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ: «تاشقى جەھەتتىن ئىچكى جەھەتكە يۈزلىنىش دېگىنىمىز ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيەتلىرىنى مۇھىم بىلىپ تەكشۈرۈشتىن ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا يۆتكىلىش دېمەكتۇر. بىزنىڭ بۇرۇنقى ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا تاشقى قانۇنىيەت، يەنى ئەدەبىيات بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ھەمدە ئۇستقۇرۇلمىدىكى باشقا ئىدېئولوگىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، مەسىلەن، ئەدەبىيات بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى، يازغۇچىنىڭ دۇنياقارىشى بىلەن ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىقلار مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەتقىقاتنىڭ مەركىزى ئىچكى قانۇنىيەتكە، يەنى ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى مۇھىم ھالقىلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى، ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىنىڭ قۇرۇلما شەكلى ۋە پائالىيەت قانۇنىيىتى قاتار-

لىقلارنى تەتقىق قىلىشقا يۈتكەلدى، قىسقىسى، ئۆزىگە قايتتى.»

ماركسىزمنىڭ ئەدەبىيات بىلەن ئىستېتىكا توغرىسىدىكى تۈپ قائىدىلىرىنى، ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىدە شەرھلەنگەن سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى «تاشقى قانۇنىيەت» دەپ قاراش يولداش ليۇزەيفۇدىن باشلانغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى مۇندىن ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرىلا بەزىلەر ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ئەمما يولداش ليۇزەيفۇغا ئوخشاش، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم شەرھلىگەن ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى نۇرغۇن تۈپكى قائىدىلەر (مەسىلەن، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى، يازغۇچىنىڭ دۇنياقارىشى بىلەن ئىجادىيەت مېتودىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار) نى توغرىدىن - توغرا «تاشقى قانۇنىيەت» دەپ ئاتاش تېخى كۆرۈلمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە يولداش ليۇزەيفۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن «ئەدەبىيات بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ھەمدە ئۈستىقۇرۇلمىدىكى باشقا ئىدېئولوگىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت» نىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ماھىيىتى، مەزمۇنى ھەمدە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇلار قانداقتۇر «تاشقى قانۇنىيەت» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، دەل ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەڭ تۈپكى، ئەڭ چوڭقۇر ئىچكى قانۇنىيىتى.

ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلغاندا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلغاندا، دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت مېتودىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلاردىن ئايرىلغاندا، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولماي قالىدۇ.

ماركسىزم بىردىن تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىدېئولوگىيە نەزەرىيىسى ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق تونۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئومۇمىي قائىدىلەرنى قەتئىي ئىشلىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش ليۇزەيفۇ ئېيتقان «ئىستېتىك ئالاھىدىلىك، ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى مۇھىم ھالقىلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى، ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىنىڭ قۇرۇلما شەكلى ۋە پائالىيەت قانۇنىيىتى قاتارلىقلار» نى ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپلۇقىغا بولغان ئىشەنچتىن ئايرىلغان ھالدا زادىلا ئىلمىي چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى پۈتكۈل مەسىلە ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدە. ئېنگېلس 1846 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1847 - يىلىنىڭ بېشىدىلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىنى «ئىستېتىك، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر» لىك تەنقىد، دەپ ئاتىغانىدى. بۇنىڭدا ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ماھىيىتى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئالاھىدە ئىستېتىك ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈشتەك روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. ئەمما بىزنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىقىمىز ئۆتكەنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە بۇ نۇقتىغا سەل قارىدى، ئاساسلىقى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئىستېتىك ئۇسۇلى بىلەن تۇرمۇشنىڭ كونكرېت قانۇنىيەتلىرىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەتقىق قىلىشقا سەل قارىدى. مانا بۇ تۈگىتىشكە تېگىشلىك يېتەرسىزلىك، ئەمما «ئايرىملىق جەزمەن ئومۇمىيلىق بىلەن باغلانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.» پەقەت ماركسىزمنىڭ

ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالاھىدە شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىدىغانلا بولساق، ئەگرى يولغا كىرىپ قالمايمىز. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپلۇقىدىن ئايرىۋېتىپ، ئۇنى يەككە ـ يېگانە ھالەتتە تەتقىق قىلساق ھەمدە ماركسىزم يورۇتۇپ بەرگەن ئەدەبىيات بىلەن سىياسى، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش، يازغۇچىنىڭ دۇنياقارىشى بىلەن ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بىرقاتار ئىنتايىن مۇھىم ئىستېتىك پرىنسىپلارنى «تاشقى قانۇنىيەت» دەۋالساق، نەزەرىيە جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايمىز، ئەمەلىيەت جەريانىدىمۇ زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

ھەر بىر دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىدە ئۆزىگە خاس ئىقتىسادىي ئاساس بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىقتىساد ئالدىنقى شەرت بولىدۇ. مەسىلە كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە كىرىشتىن ئىلگىرى تۇرمۇش، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىر دەۋردىكى ئىقتىسادنىڭ ماھىيىتىنىڭ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدىغانلىقىدا. ھەر بىر دەۋردە ھەربىر سىنىپنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي مەزمۇنىنى تاپىدۇ. سىياسىي ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى، شۇڭا ھەر بىر دەۋر، ھەر بىر سىنىپنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى مۇقەررەر يوسۇندا سىياسىي مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. باشقا ھەرقانداق نەزەرىيە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى دەل مانا مۇشۇنداق تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرلا بىزنى تۇنجى رەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا ھەقىقىي، ئوبيېكتىپ، مۇكەممەل، چوڭقۇر ئىلمىي تونۇشقا ئىگە قىلالايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ماركس بىلەن ئېنگېلس قەدىمكى يۇناننى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى ھەمدە XVII، XXI ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات تارىخى ۋە سەنئەت تارىخىدىكى بىر قانچە ئەڭ مۇھىم دەۋرنى تەتقىق قىلغان. ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر قانچە دەۋردىكى سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەمدە بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن سىياسىي ـ ئىقتىسادنىڭ ئالاقىسى توغرىسىدىكى بايانلىرى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىنىشىدۇر.

قەدىمكى يۇنان سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى يۇنان ئىقتىسادىنىڭ نىسپىي گۈللىنىشى، يۇنانغا خاس شەھەرچە دېموكراتىك قۇللۇق تۈزۈم ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى يۇناننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى يۇنان سەنئىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن. يۇنان پەيلاسوپىنىڭ ئېنگېلس ماختىغان تېتىك، ئەركىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى پۈتكۈل يۇنان سەنئىتىدىمۇ ئوخشاشلا گەۋدىلەنگەن. بىز ئاز ـ پازلا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، قەدىمكى يۇنان سەنئىتى بىلەن قەدىمكى شەرق سەنئىتىنىڭ غايەت زور پەرقىنى بايقىۋالالايمىز. قەدىمكى يۇنان سەنئىتىدە گەۋدىلەنگەن نەرسە تېتىك، ئەركىن ئىدىيە خېلى يۇقىرى دەرىجىدىكى «ئىنسانىي ئازادلىق» دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بىز جۇڭگونىڭ قۇللۇق دەۋرىگە خاس مىس سەنئىتىدىن ئادەمگە قارىتىلغان چەك ـ بېسىمنى كۆرىمىز، بېشـ

www.uyghurkitap.com

مىزدا بىر خىل سىرلىق تەھدىت كۈچىنىڭ ھەيۋە قىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. گەرچە جۇڭگونىڭ مىس سەنئىتى شۇ دەۋرنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ھۈنەر-تېخنىكا سەۋىيەسىنى گەۋدىلەندۈرگەن، ھېلىھەم ناھايىتى زور ئىستېتىك قىممىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شەك-شۈبھىسىزكى، جۇڭگونىڭ مىس سەنئىتى شەرقنىڭ گۋاتۇلار ھاكىم مۇتلەقلىقىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئەگەر جۇڭگونىڭ مىس سەنئىتىدىن ئادەم چەك-بېسىم، بىر خىل سىرلىق تەھدىت كۈچى ھېس قىلىدۇ، دېيىلسە، بۇ قەدىمكى يۇنان سەنئىتىدىكى تېتىكلىك، ئەركىنلىك تۇيغۇسى بىلەن تازىمۇ روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ. بۇ خىل پەرق، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىككى خىل قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقىدىن كەلگەن، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. جۇڭگودا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن باشلاپ سەنئەت گەۋدىلەندۈرگەن روھتا روشەن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. بۇرۇنقى ھېلىقىدەك سىرلىق تەھدىت كۈچى تۇيغۇسى ھەددە زىيادە پارچە-پۇرات ۋە زىچ، ھەتتا كىشىنى سىقىلغاندەك ھېس قىلدۇرىدىغان قۇرۇلما ئازادلىق، كەڭتاشاللىققا قاراپ ئۆزگىرىشكە يۈزلەندى، دېمەك، ئادەم بىر خىل ئاز-تولا تېتىك، ئەركىن روھنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئاددىي يوسۇندا تارىخنى سېلىشتۇرۇش دېگەندەك مۇۋاپىق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئېنگېلس ماختىغان تېتىك، ئەركىن ئىدىيە جۇڭگودا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە بىخلانغان. روھىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىش جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇ خىل تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردىن ئايرىلغاندا، ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىۋى ھادىسىلەرنى تۈپكى جەھەتتىن بىلىشكە ئامالسىز قالىمىز، نېمە ئۈچۈن مەلۇم بىر دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت قىياپىتىنىڭ مۇنداق، يەنە بىر دەۋردىكىسىنىڭ ئۇنداق بولىدىغانلىقىدەك تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋۇجۇدقا چىقىشتىن ئىلگىرى ھەل بولماي كەلگەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەي قالىمىز.

2

يولداش ليۇزەيفۇ بەزى ماقالىلىرىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەمىزدە ھەقىقەتەن ساقلىنىۋاتقان چاكىنا جەمئىيەتشۇناسلىق، مېخانىك ماتېرىيالىزمنى تەنقىد قىلدى. يولداش ليۇزەيفۇ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە بۇرۇن ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزدە راستتىن مەۋجۇت بولغان مەۋجۇدىيەت بىلەن تونۇش، سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكت، ئەركىنلىك بىلەن زۆرۈرىيەتتىن ئىبارەت مېخانىك ماتېرىيالىزمنى ئاساسسىز تەنقىد قىلغان ئەمەس. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئۇ بىزنىڭ ئۆتكەندىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىمىزدىكى مۇشۇ تەرەپلەردە ساقلانغان خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرگەن. ئەمما گەپ شۇ يەردىكى، ئۇ بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى چۈشەندۈرگەن ۋە تەتبىقلىغان چاغدىكى خاتالىق ۋە يېتەر-

سىزلىكلىرىنى ماركسىزمنىڭ ئەسلى قىياپىتىدىن پەرقلەندۈرمىگەن، بىزنىڭ خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئىنكار قىلغاندا، ئەمەلىيەتتە، بۇ مەسىلىلەردىكى ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللارنىمۇ قوشۇپ ئىنكار قىلغان.

«ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپلىقى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ بىرىنچى ئابزاسىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق دېيىلگەن: «ئادەم پائالىيەتچانلىق ۋە پائالىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئادەم ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە پائالىيەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ، يەنى مۇئەييەن تەبىئىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. ئادەم ھەرىكەتلىنىۋاتقان، ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئادەم سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى، ئىقتىدارى، ئىجادچانلىقى بويىچە ھەرىكەتلىنىپ، تاشقى دۇنيانى ئىزگىنلەيدۇ. بىز تەكىتلىگەن سۇبيېكتىپلىق ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى، ئىرادىسىنى، ئىقتىدارىنى، ئىجادچانلىقىنى تەكىتلىگەنلىك، ئادەمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، سۇبيېكت تۈزۈلمىنىڭ تارىخىي ھەرىكەتلەردىكى ئورنىنى ۋە قىممىتىنى تەكىتلىگەنلىكتۇر.» شەك - شۈبھىسىزكى، ئادەمنى پائالىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە پائالىيەتچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ئادەمنى قانداقمۇ «ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدىكى ئادەم» ۋە «ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەم» دەپ ئايرىشقا بولسۇن؟ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدىكى ئادەمنىڭ ئۆزى دەل ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەم ئەمەسمۇ؟ ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى دەل ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدىكى ئادەم ئەمەسمۇ؟ قانداقمۇ ئادەمنىڭ «پائالىيەتنى قوبۇل قىلىش خۇسۇسىيىتى» نى «ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدىكى ئادەم» گە، «پائالىيەتچانلىق» نى «ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەم» گە مەنسۇپ قىلىۋەتكىلى بولسۇن؟ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدىكى ئادەمدە پائالىيەتچانلىق بولمامدۇ؟ «ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەم» دە پائالىيەتنى قوبۇل قىلىش خۇسۇسىيىتى بولمامدۇ؟ ئادەم مۇئەييەن تەبىئىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، ئۆز ئىرادىسى، ئىقتىدارى بويىچە تاشقى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدىكى ئادەمنىڭ ئۆزى ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەمدۇر، ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدىكى ئادەمدۇر. بۇ ماركسىزمنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى بارلىق پەلسەپە، ئادەم توغرىسىدىكى تەلىماتلاردىن پەرقلىنىدىغان مەركىزىي نۇقتىسى ۋە يادروسى. ئادەم ئەمەلىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھالىتىدە ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولىدۇ. مەيلى پائالىيەتنى قوبۇل قىلىش خۇسۇسىيىتى ياكى پائالىيەتچانلىقى بولسۇن، تامامەن ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئادەم ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا ئادەمنىڭ پائالىيەتنى قوبۇل قىلىش خۇسۇسىيىتى ۋە پائالىيەتچانلىقى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش ئادەمنى مېخانىك ماتېرىيالىزملىق كۆرسەتمىلىك ئىنكاس نەزەرىيىسىگە قايتۇرۇۋېتىدۇ ياكى سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمغا ئېلىپ بارىدۇ. يولداش ليۇزەيفۇ ئۆزىنىڭ ماقالىسىدا «ئۆزىنى ئۆزى كۆرسىتىش»، «سۇبيېكتىپلىق»، «پائالىيەتچانلىق» دېگەنلەرنى قايتا - قايتا تىلغا ئالغان، ئەمما ئاتالمىش «ئۆزىنى ئۆزى كۆر-

سىتىش» ياكى «ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەم» نىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرالىشىدىكى ئاساسقا ۋە ئالدىنقى شەرتكە سەل قارىغان.

ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى ئۆزلىرى يارىتىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بارچە تەرەپلىرى تارىخنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئادەمدىن ئايرىلمايدۇ. پۈتكۈل ئىجتىمائىي تارىخ ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسى. ئەمما ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتى، ئادەمنىڭ ئىجادىيىتى ئادەمنىڭ «ئۆزىنى ئۆزى كۆرسىتىشى» مۇئەييەن ئىجتىمائىي، تارىخىي شەرتتىن ئايرىلغان ھالدا زادىلا چەكسىز كېڭەيمەيدۇ. ماركسىزمچىلارنىڭ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىلىقى بىلەن پائالىيەتچانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ھەرگىزمۇ ئىدىيالىزمچىلارنىڭكىدىن بەتەر ناچار ئەمەس، ئەمما ماركسىزمچىلار ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى ئۆزلىرى يارىتىشى خالىغانچە تاللىۋالغىلى بولمايدىغان شەرت - شارائىت ئاستىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ بىر دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى بەلگىلەنگەن شەرت - شارائىت ئالدىنقى دەۋردىكى كىشىلەر ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، ئەمما ئالدىنقى بىر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى كىشىلەر توپلىغان ۋە قالدۇرغان شەرت - شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەمەلىيىتى — ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى، سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتى ۋە مەدەنىيەت، سەنئەت ئەمەلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەمەلىيەت ئەنە شۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ماركس مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى قانداق شەكىلدە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، جەمئىيەت دېگەن زادى نېمە؟ ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ مەھسۇلى. ئادەملەر مەلۇم بىر خىل جەمئىيەت شەكلىنى ئەركىن تاللىۋالامدۇ؟ ياق، زادىلا تاللىۋالالمايدۇ.»، «ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەركىن تاللىۋالالمايدۇ، بۇ — ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىنىڭ ئاساسى، چۈنكى ھەرقانداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچى قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر خىل كۈچ، بۇرۇنقى پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى بولىدۇ.» دەل شۇنداق بولغاچقا، ماركسىزم ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادقا، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان ئەكس تەسىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ سۇبيېكت پائالىيەتچانلىق رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بولغان ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىق رولىنىمۇ ھەمدە سۇبيېكتنى قوبۇل قىلغۇچى كىتابخان ۋە تەنقىدچىلەرنىڭ پائالىيەتچانلىق رولىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئەمما بىر ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەككى، ماكان زاماندىن ھالقىغان، ئىجتىمائىي - تارىخىي شەرت - شارائىتتىن ھالقىغان «ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئادەم» نىڭ سۇبيېكتلىقى بولمايدۇ، ھېچقانداق شەرتسىز، چەكسىز كېڭەيمەيدىغان سۇبيېكت پائالىيەتچانلىق ياكى سۇبيېكتلىقنىڭ «ئۆزىنى ئۆزى كۆرسىتىشى» مەۋجۇت بولمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپى شۇنداق، ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ شۇنداق.

ئەدەبىيات - سەنئەتتە مۇتلەق مۇستەقىللىق بولمايدۇ، پەقەت نىسپىي مۇستەقىللىق بولىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە مۇتلەق مۇستەقىل تارىخ بولمايدۇ، پەقەت نىسپىي مۇستەقىل تارىخ بولىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىستېتىك ئالاھىدىلىكىنىڭمۇ مۇتلەق مۇستەقىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات - سەنئەت، ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىي، ئەدەبىيات -

سەنئەتنىڭ ئىستېتىك ئالاھىدىلىكىنى تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت مۇئەييەن
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىقلا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. تېگى - تەكتىدىن
ئالغاندا، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولسا، ئەدەبىيات - سەنئىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىقتىساد، سىياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئەدەبىيات - سەن-
ئەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى «تاشقى قانۇنىيەت» دەپ قاراپ،
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ «ئىستېتىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۆزىگە قايتىش» نى تەلەپ قى-
لىش ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمدىن چەتنىگەنلىك بولىدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزم ئىقتىسادنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۈپكى، ھەل
قىلغۇچ ئامىلى، يەنى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىلى، دەپ قارايدۇ، ئېنگېلس بەزىدە
ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، دەپمۇ ئاتىغانىدى. ئەمما مەيلى ماركس
ياكى ئېنگېلس بولسۇن، زادىلا ئىقتىسادنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ
ئامىلى، دەپ قارىمىغانىدى. ماركس، ئېنگېلس ئىقتىسادنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي، مەنىۋى تۇر-
مۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن
بىللە، باشقا ئامىللارنىڭ ئەھمىيىتىنى زادىلا ئۇنتۇمىغان ھەمدە تۈرلۈك ئامىللارنىڭ بىر-
بىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىمۇ كۆرسەتكەنىدى. ماركس ئۆزى كۆرۈپ بېكىتكەن «كاپى-
تال» نىڭ فرانسۇزچە نەشرىگە ھاۋارايى، تۇپراقنىڭ مۇنبەتلىك دەرىجىسى ئىقتىسادنىڭ
تەرەققىياتىدىلا ئەمەس، ئادەملەرنىڭ روھى، پسىخىك ساپاسىنىڭ راۋاجلىنىشىدىمۇ مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە، دېگەن بايانىنى ئالاھىدە قوشۇپ قويغانىدى. ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە
ئۇسۇلنىڭ «ئەڭ مۇپەسسەل، ئەڭ چوڭقۇر ۋە قىلچە بىر تەرەپلىمىلىكسىز ئىللىتى» (لېنىن)
شۇكى، ئۇ چاكىنا ماتېرىيالىزم، ئىقتىساد ماتېرىيالىزمى بىلەن، يەككە لىنىيىلىك، سەۋەب -
نەتىجە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن قىلچىمۇ ئورتاقلىقى ئىگە ئەمەس.
بىز ھەرگىزمۇ ماركسىزمدىن خەۋەرسىز تۇرۇپ، ئۇنى باش قاتۇرۇپ مەسخىرە قىلىدىغان،
شۇنداق بولۇشى ئېھتىمال دەپ قارايدىغان ئوبزورلارغا ئاساسلىنىپ ياكى «ئەپقاچتى گەپ-
لەر» بويىچىلا ماركسىزم ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارماسلىقىمىز كېرەك. يەنىلا لېنىننىڭ ماركس،
ئېنگېلسنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرى ئارقىلىق ماركسىزمنى تەتقىق قىلىش كېرەك، دېگەن تەلىمىنى
قايتا ئوقۇپ كۆرگىنىمىز تۈزۈك. بۇ تەلىمنىڭ ھازىرمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. چۈنكى
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ماركسىزمنى تەنقىد قىلغان خېلى كۆپ تەنقىدچىلەردە كەم بول-
غىنى دەل ماركسىزملىق ئاساسىي بىلىم بولدى.

ماركسىزم ئاساسچىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى قانداق ھەقىقىي، ئومۇمىيۈز-
لۈك، تارىخىي تەھلىل قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ قەدىمكى يۇنان بىلەن
كاپىتالىزم دەۋرىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتسەك ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ.

ماركس يۇنان سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنى يۇنان ئىقتىسادىنىڭ
مۇتلەق يۈكسەك ئاساسىي ئۈستىگە قۇرۇلغان، دەپ قارىمىغان، ئەمەلىيەتتە، ماركس ياشىغان
دەۋردە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى قەدىمكى يۇناندىن ناھايىتى زور دەرىجىدە
ئېشىپ كەتكەن بولۇپلا قالماي، بۇرۇنقى ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى.

ئەمما ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، سەنئەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىمۇ بىۋاسىتە بەلگىلىيەلەيدۇ، دەپ ھېسابلايدىغان چاكىنا گەپتانلارغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ماركس سەنئەت بىلەن سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە دىققەت قىلىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەربىر دەۋردىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنىمۇ تەتقىق قىلغان، ئۇنىڭ ئادەملەر روھىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىگە، قايسى تەرەپلىرىنىڭ پايدىلىق ۋە قايسى تەرەپلىرىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ مەشھۇر يەكۈنىنى چىقارغان: كاپىتالىزم گەرچە ئىنسانىيەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىدىكى غايەت زور مۇكەممەللىككە يول ئاچقان، تارىخىي يىراق كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا پۈتكۈل روھىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە كاپىتالىستىك ئىش تەقسىماتى ئادەملەرنى ئىش تەقسىماتىنىڭ قۇلىغا، ماشىنىنىڭ قارانچۇقىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. كاپىتالىزمنىڭ بەزى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى، مەسىلەن، سەنئەت ۋە شېئىرىيەت بىلەن قارىمۇ - قارشى، ھالبۇكى، قەدىمكى زاماندىكى يەككە ئىگىلىك تولىمۇ كىچىك بولۇپ، ناھايىتى زور چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى، ئەمما ئۇ تولىمۇ تار ۋە چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان دائىرىسى ئىچىدە ئادەمنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقى — ئادەمنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك كۈچ - قۇدرىتى — نى كۆرسەتكەنىدى. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى، كۆلىمىنىڭ قانچىلىك تار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەن لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى، ئۇنى بەدىئىي ئىش قوشۇپ قايتا ئىپادىلەشكە بولاتتى. ئەمما كاپىتالىزم دۇنياسىدىن بىز پەقەت چاپلىنىڭ «مودا دەۋرى» نىلا كۆرىمىز، كاپىتالىستىك ئەمگەكنى مەدھىيىلەيدىغان بەدىئىي ئەسەرلەرنى كۆرەلمەيمىز.

ماركس تۆۋەندىكى بىرقانچە ئابزاس سۆزىدە قەدىمكى دۇنيا ۋە كاپىتالىزم دۇنياسىنى سېلىشتۇرۇپ، تەڭداشسىز دەرىجىدە چوڭقۇر ۋە ئۆزۈل - كېسىل تەھلىل قىلغان:

«قەدىمكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، بايلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى بولۇپ ئىپادىلەنگەن ئەمەس....»

«شۇڭلاشقا، ھازىرقى دۇنيا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قەدىمكى زاماننىڭ كۆزقاراشلىرى تولىمۇ يۈكسەك تۇيۇلىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئادەم ھەرقانداق تار، مىللىي، دىنىي، سىياسىي بەلگىلىمىلەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانداقلا بولمىسۇن، باشتىن - ئاخىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ھازىرقى دۇنيادا ئىشلەپچىقىرىش ئادەمنىڭ مەقسىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، بايلىق بولسا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.»

«بۇرژۇئا ئىگىلىكى ھەمدە شۇنىڭغا ماس كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىدە ئادەمنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنىڭ مۇنداق تولۇق جارى قىلىنىشى تامامەن مەنىسىزلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق ئومۇمىي تۇس ئالغان، ماددىيلاشقان جەريان ئومۇمىيۈزلۈك ياتلىشىش بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىنىدۇ. بارلىق بەلگىلەنگەن بىر تەرەپلىمە مەقسەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاش بولسا، مەلۇم
تاشقى مەقسەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك مەقسەتنىڭ ئۆزى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.
شۇڭا، بىر تەرەپتىن، گۆدەك قەدىمكى دۇنيا بىرقەدەر يۇكسەك تۇيۇلىدۇ. يەنە بىر تەرەپ-
تىن، قەدىمكى دۇنيا كىشىلەر ئىزلەپ تاپماقچى بولۇۋاتقان بېكىتمە تۈزۈلۈش، فورما ھەمدە
بەلگىلەنگەن چەكلىمە قاتارلىق بارلىق تەرەپلەردە ھەقىقەتەنمۇ خېلىلا يۇكسەك. قەدىمكى
دۇنيا چەكلىك كۆزقاراش بىلەن قارىغاندىكى قانائەتنى تەمىن ئەتتى، ئەمما ھازىرقىدىن
قانائەتلەنگىلى بولمايدۇ، ئومۇمەن، ھازىرقى ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش بىلەن ئوتتۇرىغا
چىققان جايىنىڭ ئۆزى چاكىنىلىقتۇر.»

بىز ھازىرمۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، تەبىئىي پەن ۋە
تېخنىكا پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىيات ھەممىنى بەلگىلىيەلەيدۇ،
دەيدىغان كۆزقاراشنىڭ ئېقىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. مەدەنىيەت ساھەسىدە يۇقىرى-
قىدەك قاراشتىكىلەر كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي
قىلغانلىقتىن، مەدەنىيەت، سەنئەتتىمۇ تەبىئىي ھالدا يۇقىرى تەرەققىيات بولىدۇ، دەپ ھې-
سابلايدۇ. بىزنىڭ جۇڭگو بۇرۇن ئۇششاق ئىگىلىك ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولغان دۆلەت
ئىدى، شۇڭا مەدەنىيىتىمىزمۇ قالاق، دەپ قاراپ، غەرب ئەللىرى ئالدىدا ناھايىتى نومۇس
قىلىدۇ، ئۆز مىللىتىنى تامامەن يارىماسقا چىقىرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار جۇڭ-
گونىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلغىنىدا، بەزىدە ئۆز ئاتا - بوۋىسىنى ئۇنتۇپ
قېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن.

ئېنگېلس ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىقتىسادنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر
ھەل قىلغۇچ ئامىلى دەپ ھېسابلايدىغان چاكىنا قاراشلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇنداق
قاراش تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ، دېگەنىدى. ھالبۇكى،
بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈۋاتقىنىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش
(ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىچىدە ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ بار) نىڭ بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىلى،
دەيدىغان كۆز قاراشتۇر. ناھايىتى روشەنكى، مۇنداق قاراش ئېنگېلس ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرىدا تەنقىد قىلغان قاراشقا قارىغاندا بەكمۇ تۆۋەندە تۇرىدۇ، ئەمما ھازىر مۇنداق
قاراشتىكىلەر چاكىنا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاكتىپ تەنقىدچىلىرى. ئۇلار ھەتتا ماركسىزم
بىلەن ھەقىقىي چاكىنا جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ تەنقىد قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار
يەككە لىنىيىلىك، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭمۇ تەنقىدچىلىرى، ئۇلار
دائىم دېگۈدەك ماركسىزملىق ھەل قىلغۇچ كۈچ نەزەرىيىسىنى، ماركسىزمنىڭ بازىس ۋە
ئۈستقۇرۇلما توغرىسىدىكى تەلىملىرىنى يەككە لىنىيىلىك، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋەتلىك
تەپەككۇر ئۇسۇلى، دەپ ھېسابلايدۇ. بىز مۇنداق قىلىق توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى دېيى-
شىمىز مۇمكىن؟

شەك - شۈبھىسىزكى، ماركسىزمنىڭ تەۋرەنمەس، ئىزچىل نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرى بار،
ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ قانداقتۇ «بېكىتمە سىستېما» ئەمەس. لېنىننىڭ توغرا بايانى بويىچە
ئېيتقاندا، ماركسىزم ئۆتكەنكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر

www.uygurkitap.com

نەتىجىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتكەنكى بارلىق ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ ھەقىقىي داۋامى
ۋە تەرەققىياتى، ماركسىزمنىڭ ھەرقانداق مەزھەپ بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق، ئۇ
ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتكە ئىگە بارلىق ئىلمىي ئىدىيىلىرىنى بۇرۇن چەتتە قالغان ئەمەس،
ھازىرمۇ چەتتە قالمايۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ چەتتە قالمايدۇ، بەلكى ئاشۇ قىممەتكە ئىگە ئى-
لمىي ئىدىيىلەر بىلەن ئۆزىنى بېيىتقان، بېيىتىۋاتىدۇ، بېيىتىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلار ئىدىيى-
سى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى بولغان ماركسىزمنىڭ ماھىيىتى. ئەگەر ماركسىزم
بۇ ماھىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، جەزمەن قاتماللىققا، زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ.

ھازىرقى مەسىلە ئىككى جەھەتتە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بىرى، كونسېرۋاتىپ، تار ئىدىيە
ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇ خىل ئىدىيە ماركسىزمنىڭ يېڭى ئەھۋال، يېڭى تەجرىبە، يېڭى ئىل-
مىي ئىدىيىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا ئىلگىرىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
ئىنكار قىلىدۇ، يەنە بىرى، بەزى ئادەملەر ھەقىقەتەنمۇ ماركسىزمنى ماركسىزم ئاساسىدا راۋاج-
لاندۇرۇش كېرەك، دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار ھەتتا باشقىچە، ماركسىزمغا يات قاراشلارنى
ماركسىزمنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولىدۇ. بەزىلەر سىستېمىلىق ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ،
ئەمما، ئەمەلىيەتتە، سېستىمىلىق ئىدىيىنى ماداراچىلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار مەسى-
لەرنى كۆپ نۇقتىلىق، كۆپ قاتلاملىق يوسۇندا تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇۋاپىق
مۇئەييەنلەشتۈرگىنىدە، ئوخشاشمايدىغان قاتلامدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەھمىيىتى ۋە رولىمۇ
ئوخشاشمايدىغان ئامىللارنى، مەسىلەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بەلگىلەيدىغان سىياسىي، ئىق-
تىسادىي ئامىللار بىلەن باشقا ئامىللارنى بىر قاتارغا تىزىۋالىدۇ. بۇ خىل مادارچىلىق كۆز-
قارىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە پايدىسىز، بەلكى ئۇ ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ ماھىيىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىنى كۆپ نۇقتىلىق، كۆپ قاتلاملىق كۆزىتىش زۆ-
رۈر، بۇرۇن ھەقىقەتەن مېخانىك ھالدا بىر خىللاشتۇرۇۋېتىشتەك يېتەرسىزلىك ساقلانغا-
نىدى. بىز تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراشنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىساد-
نىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىنىمىزدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى-
نى چەكلەپ قويىدىغان باشقا ئامىللارغا، مەسىلەن، يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ پىسخىك ساپا-
سى، تەجرىبىسى، تەربىيىلىنىشى قاتارلىق ئامىللار، مىللىي ئالاھىدىلىك، ئىجتىمائىي پسى-
خىكا، ئەنئەنە، ھەتتاكى جۇغراپىيىۋى مۇھىت قاتارلىق ئامىللارغا دائىم دېگۈدەك سەل
قارىدۇق. بۇ ئامىللار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ ئامىللار-
نىڭ رولىنى نەزەرگە ئالماسلىق تولىمۇ كەمتۈكلۈك بولىدۇ. بۇ ئامىللار يەككە ـ يېگانە
ئەمەس، بۇ ئامىللار بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ ئامىللار بىلەن ئىقتىسادىي بازىسمۇ
بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەمما شۇنى كۆرمەسلىككە بولمايدۇكى، يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەھمىيىتى ۋە رولى ئۇپمۇ ئوخشاش، باپباررا-
ۋەر بولمايدۇ، ئېنگېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىقتىساد ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئۈستقۇرۇلمىدا «ئەڭ ئاخىرقى يېتەكچىلىك رول» ئوينايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئەييەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇئەييەن سىياسىي ـ ئىقتىسادنىڭ

ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تۈپ پاكىتنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپكى ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى تۇتۇۋالغانلىق بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئالدى بىلەن مۇشۇ تۈپ پاكىتنى، تۈپكى ئومۇمىي قانۇنىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە. ئەگەر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيىتىمۇ قاتلاملارغا بۆلۈنىدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا تارىخىي ماتېرىيالىزم شەرھلىگەن ماھىيەت، قانۇنىيەت ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيىتى دېيىش كېرەك.

3

يولداش ليۇ زەيفۇ نەزەرىيە ۋە مېتود مەسىلىسىنى ئادەتتىكىدەك سۆزلەپلا قويماستىن، ئۆز نەزەرىيىسى ۋە مېتودى بىلەن تارىخنى، ھازىرقى ھالەتنى كۆزەتكەن. «4 - ماي» دىن كېيىن، ماركسىزم جۇڭگودا پەيدا بولغاندىن بۇيانقى ئەدەبىيات ھەرىكىتى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئۆز كۆزقارىشى بار، ئۆز باھاسى بار. بەلكى دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە مېتودىنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

يولداش ليۇ زەيفۇ «ئەدەبىياتنىڭ ئويلىنىشى ۋە ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىشى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئويلىنىش قىزغىنلىقى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىن ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىگە كىرىپ كەلدى بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلدى ھەمدە ئاستا - ئاستا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ئويلىنىشىغا، يەنى بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئاساسلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرىنى قايتىدىن قاراپ چىقىشقا ئايلاندى.»

يولداش ليۇ زەيفۇ ھازىر جۇڭگودا نەزەرىيە جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق «پائال تەڭشەش» ياكى «پائال لايىھىلەش» بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بۇ خىل تەڭشەش ۋە لايىھىلەشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى مۇنداق مۆلچەرلەيدۇ: «بۇ ئېلىمىز يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق پائال تەڭشەش، ھەتتا ئېلىمىز مەدەنىيىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىر قېتىملىق پائال لايىھىلەش.» نېمە ئۈچۈن «يەنە بىر قېتىملىق» دېيىلىدۇ؟ چۈنكى «‹4 - ماي› دەۋرى ئېلىمىزدىكى تۇنجى قېتىملىق دەبدەبىلىك يېڭى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دەۋرى بولغانىدى.» بۇنىڭدىن روشەنكى، يولداش ليۇ زەيفۇ بۇ قېتىمقى «بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئاساسلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرىنى قايتىدىن قاراپ چىقىش» نى «4 - ماي» دىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم ئىدىيىۋى ئىسلاھات دەپ قارىغان. ئەمما بىزنىڭ «ئاساسىي نەزەرىيە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى» مىز نېمە؟ ھالقىلىق مەسىلە مانا شۇيەردە، قاراشتىكى ئوخشاشماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىمۇ مۇشۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن.

«4 - ماي»دىن كېيىن، ماركسىزمنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلىشىشىگە يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. جۇڭگو ئىنقىلابى ئاخىرى مۇندىن 30 نەچچە يىل بۇرۇن غەلىبىگە ئېرىشتى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى غەلىبىسى، بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلماسلىق بولمايدۇ. «4 - ماي»دىن بۇيان، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىنقىلابى تۈپ ئاساستىن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلدى. شۇڭا جۇڭگونىڭ «ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى» نى تىلغا ئېلىشتا جەزمەن ئالدى بىلەن ھەممە مۇھىم بىلىپ ماركسىزمنىڭ «ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئاساسلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى» نى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بىزدە خاتالىق، كەمچىلىكلەرنىڭ سادىر بولغانلىقى راست. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپى «سول» دوگماتىزملىق خاتالىق بولۇپ، مېخانىك ماتېرىيالىزملىق ۋە چاكىنا جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق خاتالىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بىزنىڭ بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى تارىخىمىز سىياسىي تارىخ، سىياسىي - ئىدىيىۋى تارىخقا ئوخشاشلا خاتالىق تارىخىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. بىر مەسىلىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك تارىخىي يوسۇندا تەھلىل قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلا بولساق، بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەتىمىزنىڭ نەزەرىيە، يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ، بۇ خاتالىقلارنىڭ تەسىرىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى، بۇنى داۋاملىق تۈردە زور كۈچ بىلەن ئۇزۇل - كېسىل تازىلاش زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايمىز. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ماركسىزملىق ئىدىيە جۇڭگودا باشتىن - ئاخىر ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى. ھەتتا خاتا ئىدىيە ۋە خاتا لۇشيەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ۋاقىتلاردىمۇ ماركسىزمنىڭ «ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئاساسلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى» يوقالمىدى، يوقالمىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەكسىچە تولىمۇ مۇشكۈل بولغان شارائىتتا تاۋلاندى، بېيىدى ۋە راۋاجلاندى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ دۈشمەنلىرى ماركسىزملىق ئىدىيىنى بېسىشتا ۋاستە تاللىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى خاتا خاھىشلارمۇ كۆپلەپ سادىر بولۇپ تۇردى، ئەمما دەل مانا مۇشۇنداق تاشقى دۈشمەن ۋە ئىچكى قىسمىدىكى خاتا خاھىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا جۇڭگونىڭ ماركسىزملىق مۇتەپەككۇرلىرى سىنالدى ۋە تاۋلاندى، شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. مەدەنىيەت - ئىدىيە ساھەسىدە لۇشۈن ھەممىگە تونۇلغان ئۈلگە ۋەكىلدۇر.

تارىخنىڭ دىئالېكتىكىسى مانا شۇنداق. مەسىلىنى بىر تەرەپلىمە تونۇپ قالماسلىق، ھۆكۈمنى بىر تەرەپلىمە چىقىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىدە زادى خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدىمۇ ياكى لۇشۈن ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي، ماركسىزملىق ئىدىيە ھەل قىلغۇچ

رول ئوينىدىمۇ؟ جۇڭگو ئىنقىلابى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ماركسىزمغا يات خاتا ئىدىيە بولدىمۇ ياكى لۇشۈن ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي، ماركسىزملىق ئىدىيە بولدىمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن جاۋاب بېرىش كېرەك.

پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلغان جايلار بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئايرىلىپ تۇرغاچقا، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا تارقىلىشى ناھايىتى زور چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى، ئەمما ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى، شەك - شۈبھىسىزكى، جۇڭگو ئىنقىلابى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ مۇپەسسەل يەكۈنىدۇر. ئۇ ماركسىزمنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈلۈشى. گەرچە بەزى مەسىلىلەر بىرقانچە ئون يىللىق ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بەزى ئوخشاشمايدىغان قاراشلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، شۇنداقلا تۈزىتىشكە تېگىشلىك بەزى يېتەرسىزلىكلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي گەۋدىدىن قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى جۇڭگونىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدۇر. بۇرۇن بىزنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى چۈشىنىش ۋە تەدبىقلىشىمىزدا بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇش سادىر بولغان. ئەمما بۇنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، بىراق بۇ تەرەققىيات ئۇنىڭ تۈپ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان تەرەققىيات بولۇشى كېرەك.

تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، بۇرۇن ناھايىتى زور بەدەل بەرگەن خاتا خاھىشلارنى يەنە سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئاساسلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرىنى قايتىدىن قاراپ چىقىش» ھەقىقەتەن زۆرۈر. ئەمما گەپ قانداق «قايتىدىن قاراپ چىقىش» تا، قانداق ئىدىيە ئاساسىدا «قايتىدىن قاراپ چىقىش» تا. بۇ مەسىلىگە يولداش ليۇ زەيفۇ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىزدە 30 - يىللاردىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر بىر خىل تەپەككۇر فورمۇلىسى شەكىللىنىپ قالغان. بۇ خىل تەپەككۇر فورمۇلىسى، ئومۇمەن ئالغاندا، چاكىنا سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى ۋە بىۋاسىتىلىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ تۈز لېنىيىلىك تەپەككۇر ئادىتىدىن ئىبارەت. شەيئىلەرنى كۆزىتىشتىكى پايدىلىنىش سىستېمىسى، ئاساسەن، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش بولدى. بىز سىياسىنىڭ پايدىلىنىش سىستېمىسىنى چەتكە قاقمايمىز ھەمدە ئىنكاس نەزەرىيىسىگىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىمىز. ئەمما تەپەككۇرنىڭ ئاساسى ئاشۇ ئىككى نەرسە بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل تەپەككۇر ئادىتىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ناھايىتى قىيىن، چۈنكى بۇ خىل ئىنېرتسىيىلىك تەپەككۇر قىلىش ئۇزۇن ۋاقىت داۋامىدا شەكىللەنگەن، ناھايىتى زور دەرىجىدە تاكامۇللاشقان ئاڭسىزلىققا ئايلانغان.»

«30 - يىللاردىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر، بىر خىل تەپەككۇر فورمۇلىسى شەكىللە-

نىپ قالغان، بۇ خىل تەپەككۇر فورمۇلىسى، ئومۇمەن ئالغاندا، چاكىنا سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى ۋە بىۋاسىتىلىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ تۈز لىنىيىلىك تەپەككۇر ئادىتىدىن ئىبارەت.» بۇنداق دېيىشنىڭ ئۆزى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ «30 - يىللاردىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر» بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىمىزنىڭ تارىخى، «ئومۇمەن ئالغاندا» خاتا تارىخ، دېگەنلىكتۇر. بىزنىڭ پۈتكۈل تارىخىمىز ئۈستىدە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىش، ئەلۋەتتە، كىچىك مەسىلە ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىچىسى، ھەربىر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغۇچىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان مەسىلە. يۇقىرىقىدەك قاراشتىكىلەر ھازىر كۆپ ئەمەس، لېكىن بىرنەچچەيلەنمۇ ئەمەس. بىز ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ۋۇجۇدقا چىقىش بىلەنلا خاتالاشتى، ناۋادا 1928 - يىلدىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تەختتىن غۇلىشىغا قەدەر بولغان بىر مەزگىل بولمىغان بولسا، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ نەتىجىسى باشقىچە زور بولغان بولاتتى، دېگەندەك سۆزلەرنى پات - پاتلا ئاڭلاپ تۇرىمىز. مۇنداق قاراشقا ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ پۈتكۈل ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى شەكسىز قايتىدىن يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بىز باشقا يولداشلارنى تىلغا ئالماي تۇرالايلى، يولداش ليۇزەيفۇنىڭ ئۆزىمۇ لۇشۈننى تەتقىق قىلغان ھەمدە لۇشۈننىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسى توغرىسىدا مەخسۇس كىتاب يازغان. ئۇ لۇشۈننىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بىلەن تونۇشلۇق ئىدى. بىز لۇشۈن ئىدىيىسىدىن «چاكىنا سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى ۋە بىۋاسىتىلىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ تۈز لىنىيىلىك تەپەككۇر ئادىتى» نى ئىسپاتلايدىغان نەرسىنى تاپالامدۇق - يوق؟ «4 - ماي» دىن تارتىپ ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا باشتىن - ئاخىر يېتەكچى رول ئوينىغان لۇشۈندەك مەشھۇر ئەربابنى يوققا چىقىرامدۇق - قانداق؟

يولداش ليۇ زەيفۇ «چاكىنا سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى» دېگىنىدە ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىنىپىي كۆرەشنىڭ مۇناسىۋىتىگە، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاددىي مۇئامىلە قىلىشنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. بۇنداق ئەھۋال بۇرۇن ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىدى، ھەتتا ئەھۋال كۆپ ۋاقىتلاردا خېلى ئېغىر بولغانىدى. ئەمما يېرىم ئەسىرلىك تارىختا «نەزەر سالغان» ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغاندا يەنە بىر تەرەپتىكى پاكىتنى كۆرمەسلىككە بولامدۇ؟ لۇشۈننىڭ پۈتكۈل ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتتە يېتەكچىلىك رول ئوينىغانلىقىدەك پاكىتنىمۇ چەتكە قايرىۋېتىپ، «ئومۇمەن ئالغاندا» دەپ ھۆكۈم چىقارساق بولامدۇ؟ بىز دەل لۇشۈننىڭ 30 - يىللاردىن ئەمەس، بەلكى 20 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتتە بەس - مۇنازىرە قانات يايغان چاغلاردىن باشلاپ، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن ساختا ئىدىيىنى قەھرۇ - غەزەپ بىلەن تەنقىد قىلغان، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىنىپىيلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى قەھرۇ - غەزەپ بىلەن تەنقىد قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «چاكىنا سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى» نى قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماي تەنقىد قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئەمەسمىدۇق؟ لۇشۈن ئېلىپ

بارغان ئۆچمەس، ئۈنۈملۈك كۈرەش ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەنىدى. بۇ نۇقتىنى لۇشۈنگە ئاز تولا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە بۇرۇندىنلا ئايان، بىز تارىخنىڭ سەھىپىلىرىگە تىركەلگەن ھەممىگە ئايان بۇ پاكىتنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالايمىز؟

4

ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشنىڭ مۇناسىۋىتى، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا «تاشقى قانۇنىيەت» دېگەن قاراشقا پۇت تىرەپ تۇرىدىغان ئورۇن قالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت يالغۇز سىياسىي - ئىقتىسادنىلا ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ ھەمدە دائىملا سىياسىي - ئىقتىسادنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ تەلىپى رەڭدار، باي تۇرمۇش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مۇشۇ مەسىلىدە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش زىيانلىق. بىز بۇرۇن بۇ جەھەتتە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ دەردىنى تازا تارتتۇق. بىرقانچە يىلدىن بۇيان بۇ جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدى. ئەمما يولداش لىيۇ زەيفۇ ھازىرمۇ ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەدەبىياتنىڭ «تاشقى قانۇنىيىتى» دەۋاتىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى «چەت» كە چىقىرىۋېتىدىغان مۇنداق ئىستېتىك ئالاھىدىلىكنىڭ «ئۆزى» گە نىسبەتەن كىشىلەردە ئىختىيارسىز مۇنداق سوئال تۇغۇلماي قالمايدۇ: مۇنداق ئىستېتىك ئالاھىدىلىك زادى قانداق ئىستېتىك ئالاھىدىلىك بولۇشى مۇمكىن؟ شەيئىلەرنىڭ مەنتىقىسى مۇنداق قاراشنى «نۇقۇل شەكىل»، «نۇقۇل گۈزەللىك» «نۇقۇل سەنئەت» دېگەن يەكۈنگە ئېلىپ بارىدۇ، خالاس. بۇنىڭدىن باشقىچە كۈننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

تۇرمۇش — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى، بۇ قاراشنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇنى ھەربىر يازغۇچى ۋە سەنئەتكار ئۆز تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. تارىختىكى ھەربىر ئىستىداتلىق يازغۇچى، سەنئەتكار ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۇرمۇشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن، شۇڭا يازغۇچى، سەنئەتكار تۇرمۇشتىن، «ئاپىرىدە بولۇش» تىن ئۆگىنىشى كېرەك. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، يولداش لىيۇ زەيفۇنىڭ ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئىستېتىك ئالاھىدىلىكنىڭ «ئۆزى» بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان «تاشقى قانۇنىيەت» مەسىلىسىگە چىقىرىۋېتىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئەمما ھازىر بەزى ئادەملەر ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئىنكاس نەزەرىيىسىنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى ئىنكار قىلىش، تۇرمۇشنى مېخانىك ئەينەكتەكلا دوراش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. مۇنداق ئەيىبلەش قىلچە ئاساسسىزدۇر. بىز ئادەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك دېگىنىمىز-

دە، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى ئىنكار قىلغىنىمىز يوق.
سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمۇ ئەزەلدىن باشقا بارلىق ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ ئەكس
ئەتتۈرۈشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇمۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى سۇبيېكتىپلىقتىن ئۆتكەن
ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر. ھەرقانداق ئەدەبىيات - سەنئەت بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئوبيېكتىپ
تەرەپ ۋە سۇبيېكتىپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بىر دەۋاتقان بەدىئىي چىنلىق
يالغۇز تۇرمۇش چىنلىقىلا ئەمەس، ئۇ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىدىيە، غايە، قىزغىنلىقىنىڭ
چىنلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىنلىق. ئەگەر پاكىت نەزەردە تۇتۇلغان بولسا، ماركسىزملىق
ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە تەتبىقلىنىشىنى «بىۋاسىتىلىك ئىنكاس نەزە-
رىيىسى» ياكى «مېخانىك ئىنكاس نەزەرىيىسى» دەپ ئاتىمىغان، ئەدەبىيات - سەنئەت ئى-
جادىيىتىدىكى ئوبيېكتىپ ئاساس بىلەن يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ ئامىللىرىنى،
سۇبيېكتىپ رولىنى، تامامەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان ئىدىيە دەپ ئاتىمىغان،
شۇنداقلا ئەدەبىيات تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك، ئەدەبىيات بىلەن
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەنگە ئوخشاش تۈپكى ھەمدە ئەڭ ئەقەللىي مەسى-
لىنى ئەدەبىياتنىڭ «تاشقى قانۇنىيىتى» مەسىلىسى دەپ قارىمىغان بولاتتۇق.

ئەلۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تامامەن
ئىجتىمائىي تارىخ تەرەققىياتىنىڭ جەريانىدا تونۇشقا كەلسەك، بۇنىڭدا ئىش خېلىلا مۇ-
رەككەپ، بۇ ماركسىزمنىڭ مۇھىم بىر نەزەرىيىۋى ۋەزىپىسى، شۇنداقلا بۇ ۋەزىپىنى پە-
قەت ماركسىزملا ئۆزلۈك - كېڭىل ئورۇنلىيالايدۇ. لېنىن تولستوينى تەھلىل قىلغىنىدا، بۇ
مەسىلىدىكى ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى مۇنداق يىغىنچاقلىغانىدى: «ئەگەر بىزنىڭ كۆ-
رۈۋاتقىنىمىز ھەقىقەتەن بىر ھەقىقىي ئۇلۇغ سەنئەتكار بولسا، ئۇنداقتا ئۇ جەزمەن ئۆز
ئەسەرلىرىدە ھېچبولمىغاندا ئىنقىلابنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن
بولىدۇ.» لېنىن بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا روسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى،
لېنىن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر، پرولېتارىيات ئىنقىلابى يېتىپ كەلگەن دەۋرنى نەزەردە
تۇتقان. ئەلۋەتتە، بىز بۇنى ئۆتكەندىكى بارلىق تارىخىي دەۋرلەرگە زورمۇزو تاڭالمايمىز،
ئەمما لېنىننىڭ مەسىلىنى شۇنداق قويۇشى مۇھىم مېتودولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.
ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ يازغۇچى ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇئەييەن ماھى-
يەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمەي قالمايدۇ. ھەربىر يازغۇچىنىڭ تارىختىكى ئەھمى-
يىتى ۋە ئورنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى نېمىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە قان-
داق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىگە ئۇي-
غۇن ياكى ئەمەسلىكىگە باغلىق، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىمۇ مۇشۇ ئاساسىي ئەمەلىيەتتىن
ئايرىلغان ھالدا يەككە مۇھاكىمە قىلىنغىلى، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسى-
ۋىتىدىن ئايرىلغان ھالدا ئويلاشقىلى بولمايدۇ. ئېستېتىك ئالاھىدىلىكنىڭ ئۆزىنىڭ مۇددەت
داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن نىسپىي مۇستەقىل قانۇنىيىتى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭمۇ يەككە - يې-
گانە ھالدا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سىياسىي، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش-
نىڭ ئالاقىسىنى تامامەن چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلىش

كويىدا بولۇش ئادەمنى ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

بىز بۇ يەردە پەقەت ئەدەبىياتتىكى تىپىكلىكنىڭ ئۆزگىرىش - راۋاجلىنىش ھالىتىدىنمۇ ئىسپاتقا ئىگە بولالايمىز. كۆپچىلىك كۆرۈپ تۇرۇپتىكى، ئەدەبىياتتا، بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋرنىڭ ئېپىك ئەدەبىياتىدا تىپ يارىتىش بارغانچە ئەدەبىياتتىكى مەركىزىي مەسىلىگە ئايلاندى. ئېپىك ئەدەبىياتنىڭ نەتىجىسىگە قاراشتا، ئاساسەن ياكى ناھايىتى زور دەرىجىدە، ئۇنىڭ بىرنى تىپىك پېرسوناژ بىلەن تەمىن ئەتكەن - ئەتمىگەنلىكى ۋە قانداق تىپىك پېرسوناژ بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىگە قارايمىز. ئۇلۇغ، داڭلىق يازغۇچىلار ياراتقان تىپلار ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىك ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن. بولمىسا، ئۇلار ئۇلۇغ، داڭلىق يازغۇچى بولالمىغان، ئۇلار ياراتقان پېرسوناژلارمۇ يۈكسەك تىپ بولالمىغان بولاتتى. بۇ قانۇنىيەت يېقىنقى زاماندىن بۇيان تېخىمۇ روشەنلەشتى. ئەگەر بىز كەپنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلايدىغان بولساق، دۇنيا ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن تىپىك پېرسوناژلار ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇناسىۋىتىنىڭ بارغانچە قويۇقلاشقان، زىچلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئېنگېلسنىڭ تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پرسوناژ توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن بۇيانقى سەنئەت تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلىغان بولۇپ، ئۇ بولۇپمۇ ئېنگېلس ياشىغان دەۋردىكى سەنئەت تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى.

ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ماھىيىتىنىڭ ئىنكاسى دېگەن تۈپ نۇقتىئىنەزەرنى چۆرۈۋېتىپ تۇرۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىستېتىك ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ ئەلۋەتتە، يۇقىرىدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەردىن ئايرىلغاندا، ئېنگېلسنىڭ تىپ توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئېنگېلس ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ۋەزىپىسى، يەنى ئەدەبىيات ئادەمنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، تىپىك پېرسوناژنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، دېگەن مەسىلىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئادەم ۋە تىپ ھەرگىزمۇ ئابستراكت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئورنى يوق ئادەم بولماستىن، بەلكى كونكرېت، مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئادەم. ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي - تارىخىي كۈچلەر ماھىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئىستېتىك قارىشىمۇ، ئىستېتىك ئالاھىدىلىكىمۇ ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس.

ئېنگېلس ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى «ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلمىگەن بىر قېتىملىق ئەڭ ئۇلۇغ، ئىلغار ئىسلاھات» دەۋرى دەيدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ياۋروپا ئەللىرىدە ئارقا - ئارقىدىن ھەممىنى ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. كاپىتالىزم باش كۆتۈرۈشىدىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھەقىقىي تىكلىگەنلىكىدەك مىسلىسىز غايەت زور تارىخىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جىمجىتلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، كىشىلەرنى ئەتراپىدىكى، دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ فېئودالىزم ياكى كاپىتالىزمنىڭ ئادەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا ئادەتتىكى، يۈزەكى تارىخىي ھادىسىمۇ ئەمەس ئىدى،

بەلكى چوڭقۇر تارىخىي ئۆزگىرىش، بولۇپمۇ ئادەملەردىكى روھىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق چاقنىغان تارىخىي ئۆزگىرىش ئىدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن بۇيان بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن مۇھىم تىپلارنى تۈپ - ئاساسىدىن مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

دونكىخوت، ھاملىت، پائۇست، ئاننا كارېنىنا، لېۋىن، نىخلىيۇدوۋ قاتارلىق تىپلار بارلىققا كەلدى.

XIX ئەسىردىكى روسىيە ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن «ئوشۇقچە ئادەملەر» نىڭ تىپلىرى بارلىققا كەلدى. جۇڭگودا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىن ھېسابلىغاندا، جىيا باۋيۈ، ئاكيۇ قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. بۇ تىپلارنىڭ تارىخ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياۋروپا ئەدەبىياتى ياراتقان يۇقىرىدىكى تىپلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمايدىغان جەمئىيەتلەردىكى تارىخىي زور ئۆزگىرىش دەۋرىنىڭ ئىنكاسى، تارىخىي زور بۇرۇلۇش ياكى مۇھىم تارىخىي ئۆتكۈنچى دەۋرىنىڭ ئىنكاسى. بىز ئاساسىمىز بار ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مابەينىدە، بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋردىن بۇيان ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش بۇرۇنقى ئەدەبىياتقا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر باغلاندى. ئۇ ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانچە چوڭقۇر، تارىخىي، كونكرېتنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدە ئىپادىلەندى.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن، بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋردىن بۇيان تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژ تېخىمۇ روشەن مەنىگە ئىگە بولدى. ئېنگېلس ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، پېرسوناژلارنى قەدىمكى يازغۇچىلارغا ئوخشاش ئىپادىلەش يارىمايدۇ، دېگەنىدى ھەمدە شېكسپىرنى ئالاھىدە ماختىغانىدى. ئېنگېلس رېئالىزمنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىمۇ، ئاساسەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن، بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋردىن بۇيانقى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى يەكۈنلىگەنىدى.

ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك پروزىچىلىقىدىكى رېئالىزم ئەنئەنىسىگە بىرلەشتۈرگەندىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە «سۇ بويىدا» دا روشەن خاسلىققا ئىگە، ھەممىگە تونۇشلۇق نۇرغۇن تىپلار يارىتىلغان، ئۇلار جۇڭگونىڭ فېئوداليزم دەۋرىدىكى دېھقانلار ئورۇشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدىكى تىپلىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر بۇ تىپلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت دەۋر سۈرگەن فېئودالىق جەمئىيەتتىكى كونكرېت تارىخىي باغلىنىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. جىيا باۋيۈ ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، بۇ پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان، ئۆتكەنكى فېئوداليزم دەۋرىدە كەمدىن - كەم كۆرۈلىدىغان، يېقىنقى دەۋر كىشىلىرىگە خاس ئادەم تەبىئىتى نەزەرىيىسى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ بەزىلىرى ھەمدە ئۇنىڭدىكى دېموكراتىك ۋە فېئودالىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ زىددىيەتلىرى جۇڭگودا ھامىلە ھالىتىدە پەيدا بولۇۋاتقان كاپىتالىزم ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ پېرسوناژنى مانا مۇشۇنداق كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەك قىيىن بولىدۇ. «زەردار بىلمەس ئىش-ھۈنەرنىڭ قەدرىنى، نامرات بىلەن يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى» دېگەن سۆز بۇ پېرسوناژنىڭ ئۆز سىنىپىنىڭ سادىق

پۈشتى ئەمەسلىكىنى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەمما شۇ دەۋردىكى يېڭى ئىجتى-
مائىي - تارىخىي كۈچ ئامىللىرى ناھايىتى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۆز سىنىپىدىن
بىراقلا ئادا - جۇدا بولۇپ، يول ئېچىش ئىقتىدارىغا ئىگە يېڭى پېرسوناژغا ئايلىنالىشى
مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تارىخىي ئۆزگىرىش ئەدەبىياتتا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. لۇشۇن ساۋ شۆچىننىڭ
ئىجادىيىتىدىكى يېڭىلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلغان ھەمدە بىرىنچى
بولۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. لېنىننىڭ تولستوي توغرىسىدىكى تەھلىلىدىن ماركسىزملىق
ئەدەبىيات - سەنئەت مېتودولوگىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشتىكى تارىخىي كونكرېتلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.
ئەگەر ئېنگېلس بالزاكقا باھا بەرگىنىدە بالزاكنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋرى فرانسىيىنىڭ
1816 — 1848 - يىللاردىكى تىرىلىش دەۋرى ۋە ئىيۇل خاندانلىقى دەۋرى ئىكەنلىكىنى
ئېنىق كۆرسەتكەن، دېيىلسە، ئۇنداقتا لېنىن تولستويغا باھا بەرگىنىدىمۇ روسىيىنىڭ بۇ
ئۇلۇغ يازغۇچىسىنى ئەنە شۇنداق كونكرېت تارىخىي قاراش بويىچە كۆزەتكەن. ئەمما لېنىن
تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا روسىيىنىڭ بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىسىنى «روسىيە ئىنقىلابىنىڭ
خاراكتېرى، ئىنقىلابنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نۇقتىسى» دىن تەھلىل قىلىش كېرەك،
چۈنكى بۇ ئۇلۇغ يازغۇچى، ئاساسەن، روسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەييارلىق دەۋرىدە ياشىغان،
دەپ كۆرسەتكەنىدى.

لېنىن تەھلىل قىلغان 1861 — 1904 - يىللاردىن ئىلگىرىكى ئىنقىلابنىڭ تەييار-
لىق دەۋرىدىكى روسىيە دەل تولستوي پېرسوناژلىرىنىڭ تىپىك تارىخىي مۇھىتى ئىدى.
ئاننا كارېنىنا، لېۋىن، نېخليۇدوۋنىڭ تىپىك تارىخىي مۇھىتى ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ پېرسوناژلار
ئوخشاشمايدىغان كونكرېت مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن، شۇڭا ئۇلار ئوخشاشمايدىغان تىپ
بولالىغان ھەمدە خاسلىقتا، ئۆز مىجەز - خاراكتېرىگە ئىگە بولالىغان. ئەمما بۇ پېرسوناژلار
بىر - بىرىگە قانچىلىك ئوخشاشماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا 1861 —
1904 - يىللارنىڭ تىپىك مۇھىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ئەگەر ئۇنداق ئەمەس دېيىلسە،
ئۇ ھالدا بۇ پېرسوناژلار مۇئەييەن تىپىكلىككە ئىگە بولالىدى دېيەلىگەندىمۇ، ھازىر بىز
كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تارىخىي كونكرېتلىقتا، ئېنگېلس تەلەپ قىلغان تىپىك مۇھىتتىكى
تىپىك پېرسوناژغا ئايلىنالمىغان بولاتتى.

ئېنگېلسنىڭ رېئالىزمغا قويغان تەلىپى ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن تەبىرى بىلەن ماركسىزم-
لىق تارىخىي قاراش ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بار. بۇ تەلەپ قىلغان رېئالىزم يۈك-
سەك دەرىجىدىكى رېئالىزم. تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژ قارىشىنىڭ قويۇلۇشى ئەدە-
بىيات رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاددىيلا ساقلاپ قالسا، ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىق-
نى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاددىيلا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قويساق بولمايدىغانلىقىنى، ئەدەبىيات-
نىڭ رېئاللىقنى رېئاللىقنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا كونكرېت ۋە تارىخىي يۈسۈندا ئەكس
ئەتتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەل جايىدا چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەگەر ئەدەبىيات - سەنئەت-
نىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن، بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋردىن بۇيان، ياۋروپادىكى ئەڭ مەشھۇر

يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ئەمەلىيىتىدە بۇنىڭ رېئالىزمنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك تەرەققىياتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى دېسەك، ئۇ ھالدا ئېنگېلس بۇ خىل تارىخىي تەجرىبىنى يەكۈنلەپ، بۇ خىل تەجرىبىنى داۋاملىق كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئېنگېلستىن كېيىن لېنىن تولستويغا باھا بېرىش ئارقىلىق بۇ خىل تەجرىبىنى كېڭەيتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىز مۇقەررەر يوسۇندا مۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىز: تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن، بىر دەۋرنىڭ سىياسىي - ئىقتىساد ئەھۋالىدىن، رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغاندا، ھەرقانداق زور ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرىگە ئەمەلىيەتنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن قانۇنىيەتلىك باھا بەرگىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئادەتتىكىدەك ئەكس ئەتتۈرۈشتىن زادىلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر دەۋرنىڭ سىياسىي - ئىقتىساد ئەھۋالىدىن، رېئال تۇرمۇشتىن، ئەدەبىيات - سەنئەت تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى دېگەن ئەقەللىي نۇقتىئىنەزەردىن ئايرىلغان ھالدا ئىستېتىك ئالاھىدىلىك ھەققىدە گەپ قىلىپ، پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئەدەبىيات تەتقىقاتى «ئۆزىگە قايتىدۇ» دەپ قاراش ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتىنى نەگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن؟

* *

ماقالىمىز ئاخىرلىشىدىغان پەيتكە يەتتى. ئاخىرىدا مەن ئۆزەمنىڭ مۇنداق بىر ھېسسىياتىمنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى خالاپ قالدىم: ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر «ئەدەبىيات قارىشىنىڭ يېڭىلىنىشى» ئۈستىدە گەپ قىلىشىۋاتىدۇ - يۇ، قانداق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياكى قانداق ئىدىيە ئاساسىدا يېڭىلاشنى ئېغىزغا ئالمايۋاتىدۇ. دەل مانا مۇشۇ مەسىلە بىر ھالقىلىق مەسىلە ئىدى. ماركسىزم راۋاجلىنىشى كېرەك، ماركسىزملىق نەزەرىيىمۇ راۋاجلىنىدىغان نەزەرىيە، مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ، كونا قائىدىلەرگە چىڭ يېپىشىۋېلىپ، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئايرىم يەكۈن، ئايرىم سۆز - جۈملىلىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇلار قىلمىغان گەپ، بايقىمىغان قانۇنىيەتلەرنى دېيىش، ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان چاكىنا ئادەملەرگە خاس ئادەت - قىلىقنى جەزمەن سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك، ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەدەبىيات قارىشىنى ماركسىزملىق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياكى ماركسىزملىق ئىدىيە ئاساسىدا يېڭىلاش كېرەك، شۇندىلا ئۇ توغرا يۆنىلىشكە ئىگە بولالايدۇ. ھازىر ئاز ساندىكى ئادەملەر ماركسىزمنى «راۋاجلاندۇرۇش» ياكى «ئەدەبىيات قارىشىنى يېڭىلاش» دېگەن نام ئاستىدا ماركسىزمنىڭ قائىدىلىرىنى چەتكە قايرىۋېتىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇنى سۇندۇرۇۋاتىدۇ. بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس، بەلكى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەقدىرىگە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جۇڭگودىكى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» دېگەن روھقا ئاساسەن، يولداش ليۇ زەيفۇنىڭ بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرى توغرىسىدا ئۆز قاراشلىرىمنى قويۇپ، يولداش ليۇ زەيفۇنىڭ شۇنداقلا كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق دىققىتىگە سۇندۇم.

«قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 8 - سانىدىن ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## ئىشچىلىقتىن يازغۇچىلىققا



مۇھەممەد باغراش 1952 - يىلى قايدۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى قارا شەھەر ناھىيىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى، تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قارا شەھەردىن ئايرىلغۇچە مۇشۇ ئانا دەريانىڭ سۈيىگە چۆمۈلدى، قىرغاقلىرىدىكى قومغا كۆمۈلدى...

دەريا بويىدىكى يېشىل ئورمان مۇھەممەد باغراش ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ باغچىسى ھەم يايلىقى ئىدى. مەھەللىدىكى باللار ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، بىر - ئىككىدىن قويلىرىنى ھەيدىشىپ، ئورمانلىققا كىرەتتى - دە، بىر يەرگە يىغىلىشىپ، ناخشا، ھېكايە ھەم لەتىپىلەر ئېيتىشاتتى. ئۇلار گاھى كېچىلىرى دەريا بويىدا سالچىلارنىڭ، بېلىقچىلارنىڭ گۈلخانلىرى يېنىدا تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇراتتى. سالچى ھەم بېلىقچىلارنىڭ كۆلكە - چاقچاقلىرى، مۇڭلۇق ناخشىلىرى، قىزىقارلىق چۆچەك، رىۋايەتلىرى ئۇلارنى سىرلىق دۇنيالارغا ئېلىپ كېتەتتى. سالچى ھەم بېلىقچىلار ئېيتقان ناھايىتى ئېگىز، ھەيۋەتلىك تاغلار؛ خەتەرلىك چىۋىقىلار؛ قۇدرەتلىك شاقىراتمىلار؛ ئوقتەك تېز ئاقىدىغان ئېقىنلار؛ غايەت زور سالنى سۈرەپ كىرىپ كېتىدىغان شىددەتلىك، تۈۋسىز قايناملار؛ باغراش كۆلىدىكى ئۇيەردىن - بۇيەرگە كۆچىدىغان سىرلىق ئاراللار ھەققىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەر كەلگۈسى يازغۇچىنىڭ كۆدەك قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

مۇھەممەدنىڭ دادىسى ياشلىقىدىن تارتىپ ھارۋا ھەيدەپ ئۇ چېتى دۆڭخۇاڭدىن تارتىپ بۇ تەرەپتە ئەنجانغىچە بارغان، كۆپنى كۆرگەن، بېشىدىن نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئۆتكۈزگەن ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم ئوغلى مۇھەممەدكە ئۆزى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئاجايىپ ۋەقەلەر، چوڭ شەھەرلەر ۋە ئۇ يەرلەردە ياشايدىغان خەلقلەر توغرىسىدا ئۇزۇن - ئۇزۇن قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئاشۇنداق چاغلاردا كىچىك مۇھەممەدنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ ئۇزاق ئۆتمۈش، ئاجايىپ كەڭرى دۇنيا ئايان بولاتتى.

ئۇنىڭ ئاپىسى قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى باللىرىغا ئاجايىپ قىزىقارلىق چۆچەك ھەم رىۋايەتلەرنى، شۇنداقلا يەنە «تاھىر - زۆھرە»، «چىن تۆمۈر باتۇر» قاتارلىق داستان ھەم چۆچەكلەردىكى بېيىت - قوشاقلارنى ئاجايىپ چىرايلىق، مۇڭلۇق ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ بېرەتتى.

مۇھەممەد باغراشنىڭ ئاتا - ئانىسى ماقال - تەمسىلگە، ئوخشىتىشقا ئۇستا ئىدى. يۇمۇر-
لۇق سۆزلەشنى بىلەتتى. يازغۇچى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ھەربىر پارچە ئەسىرىنىڭ
تىلى ئۈستىدە ئىشلىگەندە، ئائىلىسىنىڭ ئاشۇنداق تىل مۇھىتىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاشۇن-
داق تىل سەنئىتىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلدى.

ئۇ ھاياجانلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇبادا بىراۋ مەندىن: ‹سىزدىكى ئەدەبىي
ھەۋەس نەدىن كەلگەن؟› دەپ سوراپ قالسا، مەن تەنتەنە ۋە ئىپتىخار بىلەن: ‹بۇنى
ماڭا مېنى تاپقان ئاتا - ئانام، مېنى باغاشلاپ چەك قىلغان ئانا دەريا، ئانا كۆل، مېنى
ناخشا بىلەن ئۆستۈرگەن سالچى ۋە بېلىقچىلار بەرگەن›، دەپ جاۋاب قايتۇرغان بولاتتىم.
شۇڭا مەن ھازىر ئۆز ئىسمىمغا ئايلىنىپ كەتكەن تەخەللۇسىمنى ئانا دەريا قويۇلىدىغان
ئانا كۆل نامىغا ‹باغراش› دەپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمدىن بەك رازىمەن ۋە مېنىڭ
ئۇرۇق - ئەۋلادىمنىڭ مۇشۇ نامدا ئاتىلىدىغان بولغىنىغا چەكسىز خۇشالمەن. مېنىڭ ئۇرۇق-
پۇشتۇم ئەبەدىلئەبەت باغراش بالىسى بولۇپ قالىدۇ.»

تۇرمۇشتا گاھىدا قەدىرلىك ئادەملىرىڭنىڭ ياخشى تىلەكتە ئېيتقان بىرەر ئېغىز
سۆزى سېنىڭ ھايات تەسەۋۋۇرلىرىڭنى بۆسۈپ غايە مەنزىلىگە يېتىش يولىدا كۈرەش قىلىشىڭغا
بىر ئۆمۈر يەتكۈچە كۈچ - غەيرەت ۋە قىزغىنلىق بەخش ئېتىدۇ. ياشىنىپ قالغىنىڭغا ۋە
سالامەتلىكىڭنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي، ھاياتىڭنىڭ ئېغىر يۈكى ئاستىدا قان
بىلەن تەر تۆكۈش ھېسابىغا بەش بالىسىنى ئوقۇشقا بېرىپ، بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلغان ئاتا - ئانىسىنىڭ «ياخشى ئوقۇڭلار»، «ئادەم بولۇڭلار» دېگەن سۆزلىرى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىنىڭ سىرلىرى مۇھەممەد باغراشنىڭ كۆز ئالدىدا بارغان-
سېرى ئېچىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇيالايدىغان بولغان چاغدىن ئېتىبا-
رەن كىتاب ئوقۇشقا ئوتلۇق ھەۋەس باغلىدى. ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىدىكى ئەڭ زور
خۇشاللىق كىتاب ئوقۇش ئىدى. ئۇ مەكتەپكە بارغۇچە ۋە مەكتەپتىن يانغۇچە يول بويى
كىتاب ئوقۇپ ماڭاتتى. دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدىمۇ قولىدىن كىتاب چۈش-
مەيتتى. تەڭتۇشلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى بۇ كىتاب-
خۇمار بالىنى ئۆزىگە تارتالمايتتى. ئۇ يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئائىلىدىكى ئۆزىگە تەۋە ئىش-
لارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل قىرائەتخانىغا چاپاتتى. بىراۋ «ئوسمان ئۇستىنىڭ
قايسى ئوغلى؟» دەپ سورىسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغانلار ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرماس-
تىنلا «ھېلىقى ئۆزىدىن يوغان كىتاب كۆتۈرۈۋالىدىغان ئوغلىچۇ» دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.
شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاشۇ يىللاردا ئۆزى ئېرىشەلىگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ
تۈگەتتى.

كىتاب ئوقۇشقا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشكەن مۇھەممەد باغراشنىڭ كۆز ئالدىدا
ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر دۇنيا نامايان بولۇپ، كۆزى بىردىنلا يورۇپ دىلى روشەنلىشىپ كەتتى.
ئۇ ھايات، كىشىلىك دۇنيا، جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى خىيال، تەسەۋۋۇر، ئارزۇ ھەم
ئىزلىنىشلىرىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قىيىنلىشىنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلىدى. كۈنلەر ئۆتكەن-
سېرى ئۇنىڭدا بىرخىل تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى، تەپەككۇر كۈچى يېتىلگىلى تۇردى. ئۇ ئۆز ئەتراپ-

دىكى مۇھىتقا، ئادەملەرگە، سادىر بولۇۋاتقان تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە باشقىچە كۆز بىلەن قارايدىغان بولدى... كۈنلەر ئۆتتى. مۇھەممەد باغراش تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تېخنىكومغا قوبۇل قىلىندى. ئۇ يەردە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى يىلنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئارتىسلىققا تاللىنىپ، سەنئەت ئۆمىكىگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەكتەپ ھاياتى ئاخىرلاشتى. كېيىن ئۇ ئارتىسلىقتىن شوپۇرلۇققا ئالماشتى. ياشاش مۇھىتمۇ ئۆزگەردى. ۋاقىت قىس، ۋەزىپە جاپالىق ئىدى. لېكىن ئۇ كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى زادىلا ئۆزگەرتمىدى. خىزمەت شارائىتى، ۋاقىتنىڭ قىسلىقى ئۇنىڭ كىتابقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرالمىدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇماقچى بولغان كىتابلىرىنى كاپىنكىسىغا سېلىۋالاتتى. ئاندىن يول ئۈستىدىكى قىسقا توختاشلاردا، ھەرقايسى بېكەتلەردە قونغاندا، ھەتتا يۈك ساقلاش، يۈك بېسىش، يۈك چۈشۈرۈش ئارىلىقىدىكى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتلاردىمۇ كىتاب ئوقۇشنى زادىلا يادىدىن چىقارمايتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭدىكى ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش بېسىپ بولمايدىغان بىر خىل ھەۋەس - ئىشتىياققا ئايلاندى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ھادىسىلەرگە، ئادەملەرگە ئۇزۇن ۋاقىت كىتاب ئوقۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل بەدىئىي كۆز، ئەدەبىيات نەزەرى بىلەن قاراشنى ئۆگەندى. شۇ چاغدا ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئۈمىد ئۈزگۈسىز دەرىجىدە گۈزەل ۋە ياخشى ئىكەنلىكىنى، ھايات سەھنىسىدە ئۆزىگە خاس رول ئېلىۋاتقان ئادەملەر - نىڭ ئىنتايىن رەڭگارەڭ، ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ھايات قاينىمى ئىچىدە بىر بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە شارائىت دائىرىسىدە ئۆزىگە خاس بىر قەھرىمان ئىكەنلىكىنى، قاز داق ياشاش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەڭ تۈپكى مەسىلىدە ھەر بىرى ئۆزىگە خاس بىر خىل ھايات قارىشىغا، كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، كۆپ سانلىق كىشىلەردە دەۋر ئادەملىرىگە خاس بىر خىل ئورتاقلىق — ھاياتنى، گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، ياخشى نەرسىلەرنى قەدىرلەش، قەبىھلىككە، رەزىللىككە بىردەك نەپرەتلىنىش، ھاياتنى، جەمئىيەتنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تەلپۈنۈشتەك ئوخشاشلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ خىل گۈزەل ئارزۇ، يۈكسەك ئىدىيە ۋە غايە بىرلىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ خىل يېڭىچە بايقاش ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى، ئۇنى ھايات ھەققىدە، ئادەملەر ھەققىدە تىرەنرەك ئويلاشقا، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا، ئۇلارنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۇنى ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى، ئۈمىدى، قايغۇسى، خۇشاللىقى ھەققىدە ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئىستىكى، ھاياتتىكى كىشى سۆيۈپ قانمايدىغان گۈزەللىكنى، قانچە ئۇلۇغلىسا ئەرزىيدىغان ياخشى كىشىلەرنى، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە نېمىلەرنى ئويلاۋات - قانلىقىنى جەمئىيەتتە ئىنكاس قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئادەملەرنى ھاياتنى، گۈزەللىكنى، ياخشىلىقنى چىن قەلبىدىن سۆيۈشكە، قەدىرلەشكە ئۈندەش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق تىلەك بىلەن ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاۋازىدا، ئۆزىنىڭ تىلىدا، ئۆزى

ياقتۇرغان ئاھاڭدا ئۆزى بىلىدىغان ناخشىنى توۋلاش قارارىغا كەلدى ۋە شۇ ئۈمىدتە قولىغا قەلەم ئالدى.

1979 - يىلى يازدا ئۇلارنىڭ شېركىتى شىزاڭغا يۆك توشۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ۋەزىپە ئىدى. بۇ سەپەر مۇھەممەد باغراشنىڭ ھاياتىدا جىددىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. بۇ، سەپەر جەريانىدا دوستلۇق، ئىشەنچ، يولداشلىق، قىسقىسى، گۈزەل ئىنسانىي خىسلەت تېپىۋالدى، ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ «سەپداش» ناملىق ھېكايىسى ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق تەسىرات ئىچىدە تۇغۇلدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 12 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ھېكايە ياش يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىقتىدارىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئارقا - ئارقىدىن «ساۋاب»، «ھايات»، «رىسقى»، «ئادەملەر» قاتارلىق بىر مۇنچە ھېكايىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «سەپداش» ناملىق ھېكايىسى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 31 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ساۋاب» ناملىق ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - دەرىجىلىك ھېكايە مۇكاپاتىغا، «ئادەملەر» ناملىق ھېكايىسى 1986 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى ئاساسەن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىي ژۇرناللارغا بېسىلدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە خەنزۇ ئوبزورچىلىرى تەرىپىدىن بىر قانچە پارچە باھامۇ يېزىلدى.

ياش يازغۇچى مۇھەممەد باغراش 1982 - يىلى ۋە 1985 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى گۈيجۇ ۋە شەندۇڭ يەنتەيدە ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات سېمىنارىيىلىرىگە قاتنىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرى بىلەن تونۇشتى ھەمدە ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندى. 1985 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش» بىلىم مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى خاربىندا چاقىرىلغان «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساس ئىگىسى بولغانلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى» دا مۇكاپاتلىنىپ، مەخسۇس گۇۋاھنامە ئالدى، «جۇڭگو ئەدەبىياتى لۇغىتى» دا تونۇشتۇرۇلدى. 1983 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «ساۋاب» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى. يازغۇچىنىڭ «ئادەملەر»، «ئاھ قىز، ئاھ شوپۇر» ناملىق توپلاملىرىمۇ نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ 1985 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

مۇھەممەد باغراش ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پەقەت ئىلھام بىلەن ھېسسىياتقىلا تايىنىپ يازغۇچى بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئاتوم ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويغان زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى، رەڭگا رەڭ تۇرمۇشىنى، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئىلھام ۋە ھېسسىياتتىن باشقا يەنە ناھايىتى

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن

### «دوختۇر ژىۋاگو» نىڭ ئوكۇشسىز تەقدىرى

— سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى پاستىرناكنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا

بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كىشىلەردە ھەر خىل ئىنكاس ۋە غۇلغۇلا پەيدا قىلىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال. ئەمما بىر پارچە رومانىنى بەزىلەر زەھەرلىك ئوت دەپ چۈشىنىدىغان، بەزىلەر بولسا ئۆلمەس تارىخىي داستان دەپ ئۇنىڭغا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بېرىدىغان بۇنداق دۇنياۋى ئىختىلاپ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى پاستىرناكنىڭ «دوختۇر ژىۋاگو» ناملىق رومانى.

بەشيۈزمىڭ خەتلىك بۇ روماندا كونا روسىيە زىيالىيسى دوختۇر ژىۋاگونىڭ سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە گىراژدانلار ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئوكۇشسىز تەقدىرى ۋە بەختسىز كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىغان. ژىۋاگو ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەلسەپە قاتارلىق پەنلەردىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، كۆپلىگەن شەيئىلەرگە ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قارايتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بورىنى روسىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىنى قاپلىغان مەزگىلدە ئۇ چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولغان. ئۇ گەرچە بۇ ئۆزگىرىشنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيىتىنى چۈشىنەلمىسىمۇ، ئىنقىلابنىڭ ئىلىيجاناب غايىسىگە، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ھەرىكەت ۋە تارىخنىڭ مۆجىـ

---

چىزىقۇر، مۇكەممەل، كەڭ دائىرىلىك بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇش زۆرۈر شەرت ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى تارىخ، پەلسەپە، پىسخولوگىيە، دىن، سىياسىي ئىقتىساد، دىئالېكتىكا، ماتېرىيالىزمغا ئائىت ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئۇندىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلار ۋە غەرب ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ مودېرنىزمغا، يېڭى رېئالىزمغا ئائىت ئەسەرلىرىنى، ئەدەبىيات تارىخىنى ئوقۇتلۇق ئۆگىنىشكە كىرىشتى. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە پەقەت تەرەققىيات، زىددىيەت، ئىزلىنىش ئوقۇتىسىدىنلا ئەھمىيەتلىك! ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمۇ، ئەلۋەتتە، شۇنداق! بىز ياش يازغۇچى مۇھەممەد باغراشنىڭ ئىزلىنىش يولىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىلەكداشمىز.

تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com

زىسى» دەپ ماختىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن دوختۇرخانىدا مەھكەم تۇرۇپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان. بىراق كېيىن ماددىي ئەشيالارنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئائىلىسى بىلەن ئۇرالغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ دوختۇرلۇق قىلغان. بىر يىلدىن ئۇششۇق ۋاقىت ئىچىدىكى كەسكىن پارتىزانلىق تۇرمۇشى، شۇنىڭدەك ئۇرالدىن موسكۋاغا قايتىش سەپىرىدە كۆرگەن كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر ژىۋاگونى ھەم ئاق ئارمىيىنىڭ دەھشەتلىك زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان، ھەم ئىنقىلابنىڭ زورلۇق كۈچىنىمۇ قوللىمايدىغان قىلىپ قويغان، ئۇنىڭدا ئىنقىلابقا نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن، يوقسۇزلۇقمۇ ئۇنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى بەكلا خورىتىۋەتكەن. ئاخىرى موسكۋاغا يېنىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى خىزمەتكە كېتىۋاتقاندا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ كوچىدىلا ئۆلۈپ قالغان.

يازغۇچى كونا زىيالىيلارنىڭ ئىنقىلابنىڭ ئالدى-كەينىدىكى تەقدىرىنى يازغاندا، ئۆزىگە خاس، ئەمما خەتەرلىك تەرەپنى تاللىۋالغان: باش قەھرىمان ھېلىقىدەك ئىنقىلاب يالقۇنىدا تەلتۆكۈس ئۆزگىرىشنى ئويلايدىغان ئىلغارلاردىن بولماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتە ئەكسىلئىنقىلاب بىلەن چەك-چېگرىنى ئايرىغان، لېكىن ئىدىيە، پەلسەپە ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەم جەھەتتە يەنىلا دەۋر بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەردۇر. ژىۋاگونىڭ پاجىئەسى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان، ئەمما ئۇنىڭ ئىنقىلاب جەريانىدىكى بەزى ئېغىش ۋە كەتكۈزۈپ قويۇشلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، دېيىشكە بولمايدۇ. دەل ئەنە شۇ جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىنكاسى مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. ئەگەر سوغۇققانلىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن بولسا، پاسترناكنىڭ 50-يىللاردا يۈكسەك دەرىجىدە تارىخنى ئەسلىشى ۋە قايتا-قايتا مۇنازىرە يۈرگۈزۈشىنىڭ ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى، ئەمما كىشىلەر شۇ مەزگىلدە بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى.

پاسترناك ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ كەلگەن ھەمدە بەش يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق يېزىپ پۈتتۈرگەن «دوختۇر ژىۋاگو» رومانىنىڭ قول يازمىسىنى 1956-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. تەھرىر بۆلۈمى مۇزاكىرە قىلىپ رومانى ئېلان قىلىشنى رەت قىلغان ھەمدە باش مۇھەررىر سىمونوپ ۋە باشقا تۆت نەپەر تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى تەھرىر بۆلۈمى نامىدىن ئاپتورغا خەت يېزىپ: ژىۋاگو قارىماققا لاتاپەتلىك ۋە ئەدەبلىك تۈس ئالغان ئىنسانپەرۋەر بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئەخلاقىي پەزىلىتى بولمىغان، خەلقنى پەس كۆرىدىغان، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى. رومانغا «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ»، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، گراژدانلار ئۇرۇشى شۇنىڭدەك ئارقىدىنلا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر خەلققە ئازاب-ئوقۇبەتتىن باشقا ھېچقانداق ياخشىلىق ئېلىپ كەلمىگەن ھەمدە روسىيە زىيالىيلىرىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن چىرىكلەشتۈرگەن»، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى چوڭ بىر خاتالىق، ئىنقىلابنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش تەس بولغان بىر بالا-قازا، كېيىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى جىنايەت» دېگەن روھ سىڭدۈرۈلگەن، دەپ قارىغان.

شۇ چاغدا ئاپتور «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە پەرۋا قىلماي، قول يازمىنى 1957 - يىلى 6 - ئايدا ئىتالىيىدىكى نەشرىيات سودىگەرلىرىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇ يىلى 11 - ئايدا رومانىنىڭ ئىتالىيە يېزىقىدىكى نۇسخىسى مىلاندا نەشر قىلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا رومان يەنە ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس ۋە شۋېتسىيە تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

«دوختۇر ژىۋاگو» رومانىنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى نۇسخىلىرى غەرب ئەللىرىدە كەڭ تارقىلىپ، كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرى: «رومان شۇنچىلىك تارىخى ئەھمىيەتلىك دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»، «ئۇ بىر ئۆلمەس تارىخى داستان»، «ئۇ دەۋرىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى» دەپ تەرىپلەشكەن. شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ رەئىسى ئېستېرلىن شادلانغان ھالدا «دوختۇر ژىۋاگو» رومانىنى تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ: «بۇ كىتابقا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، سىياسى تەشۋىقاتتىن قىلچەمۇ ئەسەر يوق. ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە تۈپتوغرىلا قويۇلغان روھىي ھالەتلەردىن قارىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئىجادچانلىق كۈچىنىڭ روسيىدە تېخى يوقالمىغانلىق ئەمەلىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ» دېگەن. 1958 - يىلى 10 - ئايدا شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىدىغان نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى پاستېرناككا بېرىشنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان لىرىك شېئىرىيەتچىلىكىدە ۋە رۇس پروزىسىنىڭ ئەنئەنىسى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىسى» نى تەقدىرلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى «دوختۇر ژىۋاگو» نى قەدىرلىسەمۇ، ئەمما بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلغاندا، رومانىنىڭ نامىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىشتىن قاچىدۇ. بىراق پاستېرناك شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى ئاشۇ «دوختۇر ژىۋاگو» رومانى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇ مەزگىلدە غەرب ئەللىرىدىكى ھەر ساھە ئەربابلار ئاپتورغا بەس-بەستە تېلېگرامما يوللاپ ئۇنى تەبرىكلەيدۇ، ئاپتور ئۆزىمۇ شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىگە تېلېگرامما يوللاپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭ ماجىرا كۆتۈرۈلىدۇ. ئاپتور شەپقەتسىز تەنقىد ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەشلەرگە دۇچ كېلىدۇ. 1958 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26-كۈنى «ھەقىقەت» گېزىتى: «ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ئورگانلىرى بىر تال زەھەرلىك ئوتنى چۆرىدىگەن ھالدا جار سالماقتا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ: «دوختۇر ژىۋاگو» سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا، سوۋېت خەلقى ۋە زىيالىيلىرىغا چاپلانغان تۆھمەت»، «ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازىيىنىڭ يازغۇچى ۋە شائىر پاستېرناكنى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلىشى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى ھاقارەتلىگەنلىك ۋە سوۋېت يازغۇچىسى پاستېرناككا تۆھمەت قىلغانلىق» دەپ يازىدۇ. شۇ كۈنى يەنە سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئەدەبىيات گېزىتى» تۋاردوۋسكى، فىدىن، ئوۋېچكىن ۋە لاپلىنوپ قاتارلىق ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە يازغان خېتىنى باسىدۇ. خەتتە: پاستېرناكنىڭ «دوختۇر ژىۋاگو» رومانىنى چەت ئەلدە نەشر قىلدۇرۇشى «سوۋېت يازغۇچىلىرى ۋە پۇقرالىرىنىڭ ئىناۋىتىگە داغ تەككۈزگەنلىك»، رومان «بۇرژۇئازىيە گېزىت-ژۇرناللى-

رى ۋە خەلقئارا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان»، «پاستېرناك ئۆزىنىڭ «دوختۇر ژىۋاگو» رومانىنى چۆرىدىگەن ھالدا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى جار سالغانلىقى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈتۈنلەي دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراپ، مەقسەتلىك ھالدا سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە ھەرىكەت قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن» دەپ ئەيىبلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتى پاستېرناكنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى جاكالىغان. ئاپتور قاراشلىق بولغان موسكۋا يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەتتا ھۆكۈمەتتىن ئۇنىڭ سوۋېت گىراژدانلىقى ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. گوركى ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاپتورنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا توپلىشىۋېلىپ، تاش، داشقال ئېتىپ، ئۇنىڭ دېرىزە-ئىشىكلىرىنى بۇزۇپ، غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئېتىرازىنى بىلدۈرىدۇ. 11-ئاينىڭ 4-كۈنى تاس س ئاگېنتلىقى ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقتا بىنائەن: «پاستېرناك ستوكھولمغا بېرىپ مۇكاپاتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەگەر ۋەتەنگە قايتىپ كەلمىسە، سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ھەرگىز ياخشىلىق كۈتمەسلىكى كېرەك» دېگەن.

پاستېرناك كۈچلۈك سىياسىي بېسىم ئاستىدا شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىگە تېلېگراممىا يوللاپ، مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1-سېكرېتارى خروششوۋغا خەت يېزىپ، ئۆزىگە نىسبەتەن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت چېكىدىن ئاشقان تەدبىرنى قوللانماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ۋەتەننى سۆيىدىغان قىزغىن قەلبىنىڭ ئۆلسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى»نى قايتا-قايتا ئىپادىلەيدۇ. «ھەقىقەت» گېزىتى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى پاستېرناكنىڭ بۇندىن بىر كۈن بۇرۇن تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن خېتىنى ئېلان قىلىدۇ. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ھەپتىدىن بۇيان مېنىڭ رومانىمنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان سىياسىي پائالىيەتنىڭ شۇنچىلىك كۆلەمگە يەتكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن ئۆزەمنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىمنىڭ بىر خىل سىياسىي باسقۇچ ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندىم. ئۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەن ھەر قانداق كىشىنىڭ بېسىمىسىز، ئۆز رازىلىقىم بىلەن مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، تېلېگراممىا يوللىۋەتتىم... مەن ھەرگىز ئۆز ۋەتىنىم ۋە خەلقىمگە زىيان كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئەمەسمەن. «‹يېڭى دۇنيا› ژۇرنىلى ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، كىتابخانىلار بۇ رومانىنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا ۋە سوۋېت تۈزۈمىگە قارشى تۇرغان ئەسەر دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن دېگەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇنى ھېس قىلالمىغان ئىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭقۇر پۇشايماندىمەن»، «ئۆزەمگە ئېنىقكى، مەن ھەرگىز ئەسلى مەنىسى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بۇ خىل بەمەنە خۇلاسىگە ئىمزا قويمايمەن، ئەپسۇسكى مېنىڭ ئەسىرىمنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى دەل مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق چۈشەندۈرۈشلەر ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. مانا بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نېمە ئۈچۈن مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقىمنىڭ سەۋەبى. ئەگەر مېنىڭ نەشرىيات سودىگەرلىرىدىن تەلەپ قىلغىنىمدەك بۇ كىتاب ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈپرەك نەشر قىلىنغان بولسا ئىدى (بۇ كىتابنىڭ ئىتالىيىدىن باشقا مەملىكەتلەردە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى مەن ھەرگىز ئۇقمايدىكەنمەن). ئۇ چاغدا بەلكىم بۇ خىل ئەھۋالنى ئازراق بولسىمۇ چەك-

لىيەلىگەن بولاتتىم. ئەپسۇسكى كىتاب نەشر قىلىنىپ بولدى، بۇنى ئەمدىلىكتە ئوتتۇرىغا قويغىنىم بىلەنمۇ كېچىكتىم... ئىشىنىمەنكى، ئۆزەمنىڭ پاك ئابرويىمنى ۋە يولداشلارنىڭ ماڭا نىسبەتەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قۇدرىتىم بار».

پاسترناك دۇچ كەلگەن بۇ خىل كەچۈرمىشلەر غەربتىكى ھەرقايسى ساھە ئەربابلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ، نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار، جەمئىيەت ئەربابلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بەس-بەستە ئېتىراز بىلدۈرۈشىدۇ.

پاسترناك 1960-يىلى ۋاپات بولدى. 60-يىللاردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئىزچىل تۈردە نەشر قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق «دوختۇر ژىۋاگو» رومانى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشمەي كەلدى. 1977-يىلىغا كەلگەندە ئەينى يىللاردا بۇ رومانىنى «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشنى رەت قىلغان سىمىنوپ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز ۋاقتىدا يازغۇچىغا قوللانغان بەزى ئۇسۇللاردا، مەلۇم ھالقىلىق جەھەتلەردە «بەلكىم بىزنىڭ قىلغىنىمىز ئادىل بولمىغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئۇ پاسترناكنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى تالانتىنى ئىنتايىن ئىززەتلەيتتى. ئۇ يەنە: «پاسترناك روسىيىنىڭ 20-ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ شائىرلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ نامىنى بىلوك، ماياكوۋسكى ۋە تىۋاردوۋسكى قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ نامى بىلەن بىللە ئاتاشقا بولىدۇ» دېدى. سىمىنوپ ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «شۇ چاغدا بىز پاسترناكنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىگە نىسبەتەن ئاقىلانە ۋە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالمىدۇق» دېدى. سىمىنوپنىڭ پوزىتسىيىسىدە بولغان بۇ خىل سىرلىق ئۆزگىرىش 70-يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەلكىم مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاسترناكقا بولغان مۇئامىلىسىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇندىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن ئاتاقلىق شائىر يېۋتۇشىنكو «سوۋېت مەدەنىيەت گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ، پاسترناكنىڭ پۈتۈن توپلاملىرىنى نەشر قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. «پۈتۈن توپلام» ئەلۋەتتە مەنئىي قىلىنىشقا ئۇچرىغان «دوختۇر ژىۋاگو»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1986-يىلى 6-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 8-نۆۋەتلىك يازغۇچىلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا يېۋتۇشىنكو قۇرۇلتايغا 40 نەچچە نەپەر يازغۇچىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ، پاسترناكنىڭ نامىنى، ئىنسانپەرۋەرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە 1990-يىلى يازغۇچىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 100 يىل تولۇشتىن ئىلگىرى يازغۇچىنىڭ خاتىرە سارىيىنى سېلىشنى ئۈمىد قىلدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى «دوختۇر ژىۋاگو»نى تۇنجى قېتىم نەشر قىلماقچى ئىكەن. مانا بۇ خەۋەرلەر جاھان جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ۋە قىزىقىشىنى قوزغىماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

(«ژىۋاگو» رومانى ھازىر ئېلىمىزدىكى «ھېكايىلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ)

شۇي جىنيا

(«ئەدەبىيات» گېزىتىنىڭ 1987-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

دىلشات تۇرسۇن تەرجىمىسى

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن



www.uyghurkitap.com

غەرب ئەدەبىياتىدا بىر مەزگىل كەڭ بازار تاپقان ۋە ھېلىمۇ ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغان مودېرنىزم ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىز ئىلگىرى ژۇرنىلىمىزدا بەزى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان، ئەمدى كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ ئېقىم بىلەن تېخىمۇ كونكرېتراق تونۇشۇشى ئۈچۈن «چەت ئەل ئەدەبىياتى» سەھىپىمىزدە مودېرنىزمنىڭ ئاساسلىق ئېقىملىرىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئەسەرلەرنى بىردىن تەرجىمە قىلىپ ئاپتور ۋە كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنماقچىمىز.

تەھرىردىن

**فرانس كافكا** (ئاۋستىرىيە)

# يېزا دوختۇرى

(ھېكايە)

مەن ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدىم: بىر جىددىي كېسەلنى كۆرۈش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقىشىم كېرەك ئىدى. ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر ئادەم 10 چاقىرىم يىراقتىكى بىر يېزىدا مېنى ساقلاپ تۇراتتى. لېكىن مەن بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقىدا كەڭ دالا سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ تاپتا ھۆركىرەپ بوران سوقۇپ، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتىدۇ. ئۆزەمنىڭ قوش چاقلىق ئات هارۋام — يەنە كېلىپ يوغان-يوغان چاقلىرى يېزا يوللىرىدا مېڭىشقا تولىمۇ باپ كېلىدىغان يېنىك هارۋام بار. مەن مانا جۇۋامنى كىيىپ، داۋالاشقا لازىملىق جاددۇقلار سېلىنغان سومكامنى كۆتۈرۈپ، ھويلامدا يولغا چىقىشنى كۈتۈپ تۇرىمەن. لېكىن ئات يوق، ئات تېپىلمايۋاتىدۇ. ئۆزەمنىڭ ئېتى قار-شىۋىرغانلىق قىشتا ئادەتتىن تاشقىرى ھېرىپ زورۇقۇپ كەتكەچكە، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن. ئايال خىزمەتكارىم بىرەرسىدىن ئات ئۆتنە ئېلىش ئۈچۈن شۇ تاپتا پۈتۈن يېزىنى كېزىپ يۈرىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۈمىد

يوقلۇقى، بۇ يەردە بىكاردىن - بىكارلا ساق-
لاپ تۇرۇۋاتقانلىقىم ئۆزەمگەمۇ ئايان. يەرگە
چۈشكەن قار بارغانسېرى قېلىنلىشىپ، مې-
ڭىشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى. خىزمەتكار
قىز دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەنە ئۇ
ئۆزى يالغۇز، قولىدا پانۇسلا پۇلاڭلاپ تۇ-
رىدۇ. راست - تە، مۇشۇنداق بىر چاغدا شۇنچە
يىراق يەرگە بېرىپ كېلىشكە كىمنىڭمۇ ئېتى-
نى بېرىپ تۇرغۇسى كېلىدۇ؟ مەن ھويلىدا
ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدىم، لېكەن ھېچ-
قانداق ئامال تاپالمىدىم. مەن ئىچ - ئىچىم-
دىن تىت - تىت بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان تاشلىنىپ ياتقان چۈشقا قوتىنىنىڭ
كونىراپ كەتكەن ئىشىكىنى بىرنى تەپتىم.
ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى - دە، گىرەگە ئېسىلىپ
قالغان ئىشىك ئۇياق - بۇياققا لەپەڭلەپ جا-
لاقلىدى. شۇ ئان ئىسسىق ھاۋاغا ئارىلىشىپ
كەتكەن ئاتنىڭ تەر پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇل-
دى. قوتاندا بىر تال يىپقا ئېسىقلىق گۈگ-
گا چىراغ لەپەڭلەپ تۇراتتى. تاختايلار بى-
لەن تىزىپ قويۇلغان شۇ قەدەر پاكار بىر
جايدا كىمدۇر بىرى كۆپكۆك كۆزلىرىنى
پارقىرىتىپ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

ماڭا ئاتنى قوشۇشنى بۇيرۇدىڭىزمۇ؟—
سورىدى ئۇ يەر باغىرلاپ ئۆمىلەپ چىقىپ. مەن
نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، بۇ يەردە يەنە نې-
مىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن
ئېڭىشىپ قوتاننىڭ ئىچىگە قارىدىم. ئايال
خىزمەتكارىم يېنىمدا تۇراتتى.

— ئادەم كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆز ئۆيىدە
نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ،— دېدى
ئۇ، ھەر ئىككىلىمىز كۈلۈپ كەتتۇق.

— ھەي بۇرادەر، ھەي قىز!— دېدى
ھېلىقى ئادەم ۋارقىراپ، شۇنىڭ بىلەن تې-
مەن ۋە تولۇمدەك سېمىز ئىككى ئات كۆرۈن-

دى. ئاتلار پۇتلىرىنى گەۋدىسىنىڭ ئاستىغا
يىغىپ، كېلىشكەن باشلىرىنى خۇددى تۆگى-
لەردەك ئۇزۇن سوزۇپ، ئۆز گەۋدىسى بى-
لەن تەڭ دېگۈدەك ئىشىكتىن پەقەت گەۋ-
دىسىنىڭ ھەرىكەت كۈچىگىلا تايىنىپ تەستە
سۇغۇرۇلۇپ چىقىشتى. ئاتلار شۇ ئانلا قەددىنى
رۇسلىۋىدى، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ پۇتلىرى
ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى،
تەرلەپ كەتكەچكە ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن ھور
چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنىڭغا ياردەملەش،— دېدىم مەن
خىزمەتچى قىزغا. ئىتائەتمەن قىز دەرھال
بېرىپ هارۋا جابدۇقلىرىنى هارۋى-
كەشكە سۇنۇپ بەردى، لېكىن ئۇ يې-
قىنلىشىشىغا، ھېلىقى ئات باقار ئۇنى قۇچاق-
لىۋېلىپ، يۈزىنى قىزنىڭ يۈزىگە ياقتى.
خىزمەتكار قىز ئاچچىق چىقىراپ، مېنىڭ قې-
شىمغا كېلىۋالدى، ئۇنىڭ مەڭزىدە چىشىنىڭ
ئىككى قاتار قىپ - قىزىل ئىزى قاپتۇ.

— ھۇ ھايۋان،— دېدىم مەن غەزەپ
بىلەن ۋارقىراپ،— قامچا يېگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟
لېكىن مەن شۇ ئان: «بۇ بىر يات ئادەم. ئۇ-
نىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. ھەم-
مە ئادەم مېنىڭ ئىلتىماسىمنى رەت قىلغان
بىر چاغدا ئۇ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، مېنىڭ تەڭ-
لىكتىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بەردى» دەپ
ئويلاپ قالدىم. ئۇ گويا مېنىڭ نېمىلەرنى
ئويلىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرغاندەك، تەھدىت
سېلىپ ۋارقىرىغىنىمغا رەنجىپمۇ كەتمەي ئات-
لارنى ھارۋىغا قوشتى - دە، ئاندىن ماڭا بۇ-
رۇلۇپ:

— ھارۋىغا چىقىڭ،— دېدى.

دەرۋەقە، ھەممە نېمە تەقمۇ تەق
بولغانىدى. سەپسېلىپ قارىسام، ئاتلار تو-
لىمۇ بەلەن ئىكەن. مەن شۇ چاققىچە مۇن-

داق ياخشى ئاتلارنى ھارۋىغا قوشۇپ باقمىغانىدىم. شۇڭا خۇشاللىق بىلەن ھارۋىغا چىقتىم.

— ھارۋىنى ئۆزەم ھەيدەيمەن، چۈنكى سەن يولنى بىلمەيسەن،— دېدىم مەن.

— ئەلۋەتتە،— دېدى ئۇ،— مەن سىز بىلەن بىللە بارمايمەن، روسانىڭ قېشىدا قالىمەن.

روسا ئۆزىگە كېلىدىغان قۇتۇلغۇسىز بىر بالا - قازانى ئالدىن سەزدى بولغاي، «ياق!» دەپ ۋارقىراپ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىشىك زەنجىرىنى شالدىرلىتىپ ئىلغانلىقىنى، ئاچقۇچ سېلىپ قۇلۇپنى ئىچىدىن ئەتكەنلىكىنى، ئاندىن ھەممە ئۆيلەرنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ، ھېچكىم تاپالمايدىغان بىر جايغا مۆكۈنگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردۇم.

— سەن مەن بىلەن بىللە بارسەن!— دېدىم ئاتباقارغا،— بولمىسا ھەر قانداق جىددىي كېسەل بولسىمۇ بارمايمەن. مېنىڭ ئۇ ئىشنى دەپ بۇ قىزنى ساڭا بەدەل ھېسابىدا تاشلاپ كېتىش خىيالىم يوق.

«چۇ!» دەپ ۋارقىرىدى ئاتباقار ۋە قاتتىق چاۋاك چالدى. ئاتلار خۇددىي كەلكۈندە ئېقىپ كېتىۋاتقان ياغاچلاردەك ئالدىغا تاشلاندى. مەن شۇ ئان ئىشىكتىنىڭ قاتتىق جالاقلاپ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئارقىدىنلا شىددەتلىك قار - بوران باستۇرۇپ كېلىپ مېنىڭ جىمىكى سەزگۈ ئەزايىمنى ئېتىپ تاشلىدى. ئاقىۋەت مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا سادىر بولدى. كېسەلنىڭ ھويلىسى خۇددىي مەن بىلەن قوشنىدەك بىر پەستىلا يېتىپ كەلگەنىدىم. ئىككى ئات ئاستا كېلىپ توختىدى، قار - بورانمۇ بېسىقتى. ئاينىڭ شولىسى زېمىننى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاۋۋال كېسەلنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئارقىدىن ئاچىسى ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار مېنى ھارۋىدىن كۆتۈرۈپ دېگۈدەك چۈشۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ۋالاق - چۇلۇڭ كۆتۈرۈپ دېيىشكەن گەپلىرىدىن بىرەر ئېغىزىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. كېسەل ياتقان ئۆينىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوچاقتىمۇ ھېچكىم قارىمىغاچقا، ئىس چىقىپ تۇرۇپتۇ. دېرىزىنى ئېچىۋەتكۈم كەلدى، لېكىن ئالدى بىلەن كېسەلنى كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى. كېسەل بالا تولىمۇ ياداپ كېتىپتۇ، قىزىتمىسىمۇ يوق، بەدىنى سوغۇقمۇ، ئىسسىقمۇ ئەمەس، لېكىن كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ كېتىپتۇ، ئۇچىسىغا كۆڭلەكمۇ كىيمەپتۇ، ئۇ پەي يوتقاننىڭ ئاستىدىن قوپۇپ ئولتۇردى - دە، بوينۇمنى قۇچاقلاپ، قۇلىقىمغا:

— دوختۇر، مېنى ئۆلۈپ كەتكىلى قويۇڭ،— دەپ شىۋىرلىدى.

مەن ئەتىراپىمغا قارىدىم، لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ. كېسەلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئالدىغىراق ئېڭىشىپ، مېنىڭ دىئاگنوز قويۇشۇمنى كۈتۈپ جىم تۇرۇشاتتى. كېسەلنىڭ ئاچىسى سومكامنى قويۇشۇم ئۈچۈن بىر ئورۇندۇق ئەكىلىپ بەردى. مەن سومكامنى ئېچىپ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىمنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم. ھېلىقى بالا يەنىلا مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىپ، بايىقى ئىلتىماسىنى تەكرارلىدى. مەن كىچىك قىسقۇچتىن بىرنى ئېلىپ، شامنىڭ يورۇقىدا تەكشۈرۈپ بېقىپ ئۆز ئورنىغا سېلىپ قويدۇم. «راست — دەپ ئويلىدىم مەن سەل بىھۆرمەتلىك بىلەن،— مۇشۇنداق ئەھۋالدا پەرۋەردىگار ئۆزى قوللاپ، غايىپتىن ئات يەتكۈزۈپ بەردى. ئىشنىڭ جىددىيلىكىدىن تېخى بىر ئاتنى ئارتۇق ئەۋەتىپتۇ. ھەتتا ئارتۇقچە بىر ئاتباقارنىمۇ

www.uyghurkitap.com

قوشۇپ قويۇپتۇ...» شۇ ئارىلىقتا گۈپپىدە
روسا ئېسىمگە كەلدى. قانداق قىلسام بولار،
ئۇنى قانداقمۇ قۇتقۇزارمەن، شۇ تاپتا ئۇ
10 چاقىرىم يىراقتا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە ھارۋىغا قوشۇلغان ئىككى ئات بەكمۇ
شاش ئىكەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قانداق
قىلىپ ئۇنى ئادباقارنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇپ
ئالارمەن؟... بىلمىدىم، ھېلىقى ئىككى ئات
تىزگىنىنى قانداق يېشىپ، دېرىزىنى تاشقى-
رىدىن قانداق ئېچىۋالدىكىن، ھەر بىرسى
بىردىن كۆزنەكتىن بېشىنى تىقىپ كېسەلگە
قادىلىپ قاراپ تۇردۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ۋار-
قىراشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلمايدۇ. «ئەڭ ياخشى-
سى دەرھاللا قايتاي» ــ دەپ ئويلىدىم
مەن، ــ ئاتلارمۇ مېنىڭ قايتىشىمنى تەلەپ
قىلىۋاتسا كېرەك.» شۇنداقتىمۇ، كېسەل بالى-
نىڭ ئاچىسىنىڭ پەلتۇيىمنى يېشىشكە يول
قويدۇم. ئۇ تېخى مېنى ئىسسىقتا بېشى ئاي-
لىنىپ گاڭگىراپ قالدى، دەپ ئويلىغان ئوخ-
شايدۇ. بوۋاي ماڭا بىر قەدەھ تاتلىق ھا-
راق سۇنۇپ، مۈرەمگە ئۇرۇپ قويدى، ئۇ-
نىڭ قىممەتلىك نەرسىنى چىقىرىپ مېھمان-
نى كۈتۈشى ماڭا بولغان سەممىمي ئىشەن-
چى ئىدى. مەن بېشىمنى چايقىدىم. بوۋاي
بولسا ئۆزىنىڭ تولىمۇ تار نەزەرىگە بىنائەن
«سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمىسا كېرەك،
ھاراقنى شۇ ۋەجىدىن ئىچمىدى بولغاي»
دەپ ئويلاپ قالدى. كېسەل بالىنىڭ ئانىسى
مېنى كارىۋاتنىڭ يېنىغا چاقىردى. مەن يې-
قىن باردىم. ئاتلاردىن بىرى ئۆينىڭ تورۇ-
سىغا قاراپ قاتتىق كىشنىگەن چاغدا، مەن
بېشىمنى بالىنىڭ كۆكرىكىگە ياقتىم. ئۇ مې-
نىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن ساقىلىمنىڭ ئاس-
تىدا تىترەپ كەتتى. بۇ ھال مېنىڭ قارى-
شىمنى ئىسپاتلىدى: بۇ بالا ساق - سالامەت

ئىدى. پەقەت قېنىنىڭ ئايلىنىشىدا ئازراقلا
چاتاق بار، ئانىسىنىڭ بەكمۇ ئەركىلىتىپ
قەھۋەنى كۆپرەك ئىچۈرۈۋەتكەنلىكىدىن شۇن-
داق بولغان. لېكىن بالا ساق - سالامەت،
ئەڭ ياخشىسى ئۇنى كارىۋاتتىن قوغلاپ چۈ-
شۈرۈش كېرەك. ئەمما مەن جەمئىيەتنى ئىس-
لاھ قىلغۇچى ئەمەس، ئۇ ياتسا يېتىۋەرسۇن.
مەن مۇشۇ رايوننىڭ ياللانما دوختۇرى، ئۆز
كەسپىمگە ناھايىتى سادىق، ھەتتا بىر ئاز
ئاشۇرۇپمۇ ۋېتىمەن. مېنىڭ كىرىمىم ناھايى-
تى ئاز. لېكىن سالامەتلىكىم ئىنتايىن ياخ-
شى، كەمبەغەللەرگە ياخشىلىق قىلىپ تۇرۇ-
مەن. مەن روسانى بېقىشىم كېرەك. شۇڭلاش-
قا ماۋۇ بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلىغىنى
توغرا، چۈنكى مېنىڭ ئۆزەممۇ ئۆلۈپ كەت-
كۈم بار. مۇشۇنداق قىش كۈنلىرىدە، مەن
بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيمەن؟ ئېتىم ئۆ-
لۈپ كېتىۋىدى، يېزىدا بىرەر ئادەمنىڭمۇ
ئېتىنى بېرىپ تۇرغۇسى كەلمىدى. نائىلاج
چوشقا قوتىنىدىن ئىككى ئاتنى تارتىپ چى-
قىرىپ ھارۋىغا قوشتۇم. ناۋادا چوشقا قوتى-
نىدا ئىككى ئات پەيدا بولۇپ قالمىغان بولسا،
چوشقىلارنى ھارۋىغا قېتىشقا توغرا كېلەر-
دى. ئىشلار دېگەن شۇنداق بولىدىكەن. شۇ-
نىڭ بىلەن مەن بۇ ئائىلىدىكىلەرگە بېشىم-
نى لىڭشىتىپ قويدۇم. بۇ ئىشلاردىن ئۇلار-
نىڭ قىلچە خەۋىرى يوق. خەۋىرى بولغان
تەقدىردىمۇ ئۇلار بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بو-
لاتتى. دورا قەغىزى يېزىپ بېرىش ئاسانلا
بىر ئىش، لېكىن ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا چۈ-
شىنىشى تولىمۇ مۈشكۈل. بەس ئەمدى،
مېنىڭ سىرتقا چىقىپ كېسەل كۆرۈشۈم مۇ-
شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشسۇن. مەن يەنە بىر
قېتىم قۇرۇق مېڭىپتىمەن، ئىشقىلىپ، مەنغۇ
بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان. بۇ ئەتراپتىكى ئادەم-
لەر ھەمىشەم كەچتە كېلىپ دەرۋازامنى قې-

قىپ، مېنى قاتتىق ئازابلىشىدۇ. لېكىن بۇ قېتىم ئۇستىلەپ روسانى قۇربان بەردىم. بۇ چىرايلىق قىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ كەلگەن، مەن ئۇنى ئانچە باشقۇرۇپمۇ كەتمەيتتىم. بۇ قۇربانلىق بەكمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى، شۇڭا تازا ئوبدان ئويلىنىۋېلىشىم كېرەك. بۇ ئائىلىدىكى ئادەملەرگە تەنبىھ بەرگىنىمدىن كۆرە ئۆزەمنى تۇتۇۋالغىنىم تۈزۈكرەك. ئۇلار ھەر قانداق قىلىپمۇ روسانى ماڭا ياندۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. مەن قول سومكامنى ئېتىپ، پەلتۇيۇمغا قول سۇنۇۋىدىم، لېكىن بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كېسەل بالىنىڭ دادىسى قولىدىكى تاتلىق ھاراقنى پۇراپ قويدى، ئانىسى مەندىن ئۈمىدىنى ئۈزسە كېرەك، — راست-تە كىشىلەر يەنە نېمىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ؟ — كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ لېۋىنى چىشلىدى. ئاچىسى قان بىلەن بۇلغانغان بىر ياغلىقنى ھە دەپ لەپەڭلىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر قارارغا كېلىپ، مەلۇم ئەھۋالدا بۇ بالا راست ئاغرىقتۇ دەپ ئېتىراپ قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىۋىدىم، ئۇ بالا مەن گويا ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى قۇۋۋەت دورىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ ئارىلىقتا ھەر ئىككى ئات تەڭلا كىشنىدى. بۇ كىشنەشنى پەرۋەردىگار ئۆزى مېنىڭ كېسەلنى تەكشۈرۈشۈمگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك. شۇ پەيتتە مەن شۇنى پايقاپ قالدىم: بۇ بالا راستىنلا كېسەل ئىكەن. ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يانپاش ئۇستىخىنىنىڭ يېقىن جايىدا، ئالقانچىلىك چوڭلۇقتا يارىسى بار ئىكەن. قىزىلگۈلنىڭ رەڭگىدەك قىپقىزىل جاراھەتنىڭ تېيىز-چوڭقۇرلۇقى ئوخشاش ئەمەسكەن. ئوتتۇرىسىنىڭ رەڭگى ئەڭ قېنىق، تۆت ئەتراپىنىڭ رەڭگى بىر ئاز سۇس، ئۇششاق دانىچە ھالەتتە ئىكەن، جاراھەت ئاغزىدا خۇددى ئاغىلاردىكى ئۈستى ئوچۇق كانلاردەك پات-پات قان ئويۇندىلىرى پەيدا بولۇپ قالاتتى، يىراقتىن قارىغاندا شۇنداق كۆرۈنەتتى، لېكىن يېقىنراق بېرىپ قارىسىڭىز، ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. مۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ كىممۇ ھەيرانلىق ئىچىدە خىرسىنماي تۇرالايدۇ دەيسىز؟ چىمچىلاقچىلىك چوڭلۇقتىكى چىۋىن لىچىنكىلىرىنىڭ قىزىلگۈلدەك قىپقىزىل گەۋدىسى قان بىلەن بۇلغانغانىدى. ئۇلار ئاق رەڭلىك كىچىككىنە بېشىنى ۋە نۇرغۇن ئۇششاق پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ، جاراھەتنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن لومۇلداپ چىقىپ ھە دەپ يورۇقلۇققا ئىنتىلەتتى. بىچارە بالا، سېنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمىغۇدەك. مەن سېنىڭ جېنىڭغا قادالغان جاراھەتنى تاپتىم. بەدىنىڭدىكى بۇ قىزىلگۈل① سېنى نابۇت قىلىۋېتىپتۇ... مېنىڭ ھە دەپ ھەپىلىشىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئۆي ئىچى خۇشال بولۇپ كەتتى. كېسەل بالىنىڭ ئاچىسى بۇ ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتتى، ئانىسى دادىسىغا ئېيتتى، دادىسى مېھمانلىرىغا ئېيتتى، مېھمانلار تېخى يېڭىلا كىرىپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بىلەكلىرىنى كېرىپ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرۇشقانىدى.

— سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالامسىز؟ — كېسەل بالا پەس ئاۋازدا سورىدى. چۈنكى ئۇنىڭ جاراھىتىدە لومۇلداپ يۈرگەن جاندارلار ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋەتكەنىدى. مۇشۇ رايوندا تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەم-

① كافكانىڭ بۇ يەردە قىپقىزىل جاراھەت ئاغزىنى قىزىلگۈلگە ئوخشىتىشىدا مەلۇم سىمۋوللۇق مەنىدە بار — (تەرجىماندىن)

www.uyghurkitap.com

مىسى شۇنداق، ئۇلار ھەممىشە دوختۇردىن قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار كونا ئېتىقادىنى ئاللىقاچان يوقاتقان، پوپ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ رىياسالىنى① بىردىن - بىردىن سۆكۈپ تاشلىغان. لېكىن ئۇلار دوختۇرنى ھەممە نېمىنى قىلالايدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىپلىۋەتسە ھەممە دەرد تۈگەيدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. مەيلى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى: مەن ئۆزلۈكۈمدىن ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بارغان ئەمەس. ئەگەر ئۇلار مېنى ئەۋلىيا ئورنىدا كۆرسە، مېنىڭمۇ شۇنداق قىلماي ئىلاجىم يوق. مەن دېگەن ياشىنىپ قالغان يېزا دوختۇرى، مېنىڭ ئايال خىزمەتكارىمنى بىرى تارتىۋالدى. مەن يەنە قانداق ياخشىلىقتىن ئۈمىد كۈتەتتىم! شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىدىكىلەر يېزىنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن بىللە كېلىپ، مېنىڭ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋەتتى. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار خور ئۆمىكىنى باشلاپ كېلىپ ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، تولىمۇ ئاددىي ئاھاڭدا مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتقۇزغىلى تۇردى.

سالدۇرۇۋەتسەڭ كىيىمىنى،
ساقايتىدۇ بىزنى داۋالاپ،
ساقايتالمىسا ئەگەر بىزنى
ئۆلتۈرۈش كېرەك ئۇنى جازالاپ.
ئۇ ناھايىتى ئاددىي بىر دوختۇر،
ئۇ ناھايىتى ئاددىي بىر دوختۇر.

ئارقىدىن ئۇلار مېنى قىسىپ ياڭاچ قىلىپ قويدى. مەن بارماقلىرىم بىلەن ساقىلىمنى سىلاپ، بېشىمنى سىڭايان قىلىپ، بۇ ئادەملەرگە جىمجىت قاراپ تۇردۇم. مېنىڭ تېچ خاتىرجەملىكىم ھەممىدىن غالىپ كەلدى. ئۇلار شۇ تاپتا بېشىمنى قۇچاقلاپ پۇتلىرىمنى چىڭ تۇتۇپ، مېنى كارىۋاتقا بېسىۋالغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا شۇنداق ئىدىم. ئۇلار مېنى تام تەرەپكە، بالىنىڭ جاراھىتىگە يېقىن جايغا قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى - دە، ئىشىكنى تاقاپ قويدى، ناخشا ئاۋازىمۇ توختىدى. ئاينىڭ يۈزىنى بۇلۇت توسۇۋالدى. يوتقان - كۆرپە بەدىنىمنى ئىسسىتتى. ئاتلارنىڭ باشلىرى ئوچۇق تۇرغان دېرىزە ئالدىدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاپ كېتەتتى.

— سىزمۇ بىلىسىز، — دېدى كەمدۇر بىرى قۇلاق تۈۋىمدە، — مەن سىزگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. سىز ئۆز ئايىغىڭىز بىلەن مېڭىپ كەلمىگەن، بەلكى كىملەر تەرىپىدىندۇر چۆرۈپ تاشلىۋېتىلگەنسىز، سىز ماڭا ياردەم بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۆلىدىغان ۋاقتىمدا كارىۋىتىمنىڭ ھەجمىنى كىچىكلىتىۋەتتىڭىز. ئىلاجىم بولسا، كۆزىڭىزنى ئويىۋالسام دەيمەن.

— توغرا دەيسىز، — دېدىم مەن، — دەرۋەقە بۇ بىر ھاقارەت. لېكىن مەن بىر دوختۇر، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ماڭا ئىشىنىڭ، ماڭا دوختۇرلۇق سۈپىتىم بىلەن بىرەر ئىشنى قىلىش ئۇنچىۋالا ئاسانمۇ ئەمەس.

— مۇشۇ بىرنەچچە ئېغىز ئۆزرە بىلەن مېنى قانائەت ھاسىل قىلىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئاھ، مەنغۇ شۇنداق قىلالايمەن. مەن ھەممىگە قانائەت قىلىمەن. مەن بۇ ئالەمگە بىر چىرايلىق جاراھەت بىلەن كەلدىم، بۇ مېنىڭ پۈتۈن تويلۇقۇم.

— ياش دوستۇم، دېدىم مەن، — سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز شۇنىڭدىكى: سىز ھەممە ئەھۋالنى بىلمەيسىز، مەن يىراق - يېقىندىكى نۇرغۇن كېسەلخانىغا بارغان، مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي: سىزنىڭ جاراھىتىڭىز ئانچە ئېغىر ئەمەس. ناھايىتى پالتا بىلەن ئىككى قېتىم چانىلىپ، مۇشۇنداق چوڭ-

① پوپلار كىيىدىغان مەخسۇس كىيىم.

قۇر ئىغىز ئاپتۇ. نۇرغۇن ئادەم گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى تەقدىم قىلىشقا رازى بولۇپ تۇرۇغلۇق، پالتىنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا، ئورمانلاردىكى پالتىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ.

— بۇ دېگىنىڭىز راستمۇ، ياكى قىزىتمام ئۆرلەپ تۇرغاندا مېنى ئالداۋاتامسىز؟

— ھەقىقەتەن شۇنداق، سىز ھۆكۈمەت دوختۇرىنىڭ ئۆز ئابرويىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئېيتقان گېپىنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشەندى ۋە تىنىپ-تىنچلا كۆز يۇمدى. لېكىن ئەمدى مەن ئۆزەمنى قانداق قۇتقۇزۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشۇم كېرەك. ئىككى ئات ھېلىمۇ سادىقلىق بىلەن يىراقتا تۇرىدۇ. مەن ئالمان-تالمان كىيىملىرىمنى، جۇۋامنى، سومكامنى بىر يەرگە يىغدىم، ۋاقىتنى كىيىم كىيىش بىلەن ئۆتكۈزگۈم كەلمىدى. ئەگەر ئىككى ئات كەلگەن ۋاقىتىمدىكىدەك تېز ماڭسا، مەن بۇ كارىۋاتتىن ئۆزەمنىڭ كارىۋىتىمغا سەكرەپ ئۆتۈۋالغاندەكلا بولىمەن. ئاتلاردىن بىرى ئىتائەتمەنلىك بىلەن دېرىزىنىڭ ئالدىدىن چېكىندى. مەن يىغىشتۇرغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدىم. جۇۋام ناھايىتى يىراقتا چۈشۈپ، پەقەت يېڭىلا بىر ئىلغۇچقا مەھكەم ئىلىنىپ قالدى. بۇمۇ ئوبدان بولدى. مەن ئۆزەممۇ سەكرەپلا ھارۋىغا چىقىۋالدىم. تىزگىن سۆرۈلۈپ قالدى. غەلىتە يېرى شۇكى، بۇ ئىككى ئات بىر ھارۋىغا قوشۇلمىغاندەكلا ئىدى. قوش چاقلىق ھارۋا چايقالغىنىچە ئاتلارنىڭ كەينىدىن كېتىپ باراتتى، جۇۋام ئەڭ ئارقىدا سۆرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. قار ئۈستىدە بىز شۇنداق كېتىۋاتاتتۇق. «چۇ!» دەپ ۋارقىرىدىم مەن، لېكىن ئاتلار سوكۇلداپمۇ قويمىدى. بىز قارلىق دالىدا خۇددى مويسىپىت كىشىلەردەك سۆرۈلۈپ ماڭدۇق. بىزنىڭ كەينىمىزدىن بالىلارنىڭ:

شادلىنىڭلار، كېسەللەر،
ياتتى دوختۇر كارىۋاتتا
ھەمرا بولۇپ كېسەلگە!

دېگەن يېڭى توقۇلغان، لېكىن خاتا ناخشىسى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى. مۇشۇنداقلا بولسا، مەن ئۆيۈمگە مەڭگۈ يېتىپ بارالماسلىقىم مۇمكىن، مېنىڭ روناق تاپقان داۋالاش كەسپىممۇ تۈگەيدۇ. ئىزىمنى بېسىپ كېلىۋاتقان بىرى مېنىڭ ئورنىمنى تالىشىۋاتىدۇ، لېكىن بۇنىڭ پايدىسى يوق، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئىزىمنى ياسالمايدۇ. مېنىڭ ئۆيۈمدە ھېلىقى لەنىتى ئاتباقار ئۆزى بىلىگىنىنى قىلىۋاتىدۇ، روسا ئۇنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. مېنىڭ ئۇنىڭدىن نېرىسىنى ئويلىغۇم كەلمەيدۇ. يېشىم ئۇلغىيىپ قېرىپ قالغان ۋاقتىمدا، مۇشۇ ئەڭ بەختسىز زامانىنىڭ قەھرىتان قىشىدا، قىپ-يالىڭاچ پېتىم پانىي ئالەمنىڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ، باقىي ئالەمنىڭ ئاتلىرىنى ھەيدەپ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈيمەن. جۇۋام ھارۋىنىڭ كەينىدە ئېسىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا مېنىڭ قولۇم يەتمەيدۇ، مېنىڭ پۇت-قولى ئەپچىل كېسەللىرىمنىڭ بىرىمۇ ماڭا ياردەم بېرەي دېمەيدۇ. ئالدىنىپتىمەن! راست ئالدىنىپتىمەن! كىشى يېرىم كېچىدە ئۇرۇلغان دەرۋازىنىڭ ئىزىتقۇ ئاۋازىغا بىرلا قېتىم ئىشىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ بالاسىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىكەن!

«تەرجىمەلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىل 4 - سانىدىن

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

ئاپتور ھەققىدە:

ئاۋستىرىيە يازغۇچىسى فرانس كافكا 1883-يىلى تۇغۇلۇپ 1924-يىلى 41 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «ھۆكۈم»، «ئۆزگەرگەندىن كېيىن»، «سۈرگۈنلەر ئورنىدا»، «يېزا دوختۇرى»، «ئاچلىق سەنئەتكارى» ناملىق ھېكايە-پوۋېستلار توپلاملىرى، «سوراق»، «ئامېرىكا»، «قەلئە» ناملىق رومانلىرى بار. كافكا ھايات ۋاقتىدا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئانچە جەلپ قىلالمىغانىدى. پەقەت 50-يىللارغا كېلىپ ئۇنىڭ توققۇز تومىلۇق پۈتۈن ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىنلا غەرب ئەدەبىيات ئوبزورچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ياۋروپا ئەللىرىدە «كافكاشۇناسلىق» بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ ئابرويى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. غەربتىكى ئەدەبىيات ئوبزورچىلىرى ئۇنىڭغا «مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ بىرى... ئۇ ئارىستوفىن، رابلې، سۋىيفتلارنىڭ شانلىق سېپىگە ۋارىسلىق قىلغان خىيالىي ھەجۋىي ئەسەرلەرنىڭ ئاجايىپ ئۇستىسى» دەپ باھا بېرىشتى.

فرانس كافكا غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مودېرنىزمنىڭ «ئىپادىچىلىك» ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەدىئىي ۋاستە يەنى رېئاللىق بىلەن غەيرىي رېئاللىقنى، مۇۋاپىقلىق بىلەن نامۇۋاپىقلىقنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە زىددىيەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

«يېزا دوختۇرى» ناملىق بۇ ھېكايە كافكانىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلىرىدىن بىرى. بۇ ھېكايىسىدە يېزا دوختۇردىن ئىبارەت ئاقكۆڭۈل، ساددا كىشىنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەت سىموۋول قىلىنغان غەلىتە، دەرىز كېسەلنى داۋالاش يولىدا تارتقان رىيازەتلىرىنى ۋە ئاخىرىدا ھەممىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى قارىمىقىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سېكسىيىسى قۇرۇلدى**

يېقىندا ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى سېكرېتارىياتىنىڭ كېڭەيتىلگەن مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئۆزبېكىستاندا ياشاپ، ئىجاد قىلىۋاتقان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى تەكلىپ قىلىندى.

يازغۇچىلار ئىتتىپاقى قارىمىقىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سېكسىيىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە يازغۇچى ئىمىن ئۇسمانوۋ، ئورۇنباسارلىقىغا شائىر تاشپولات نەمەتوۋ، ئەزالىرى بولۇپ روزى قادىرى، سېيىتجان سېتىشوۋ، يەھيا تاھىروۋلار سايلاندى.

(قازاقىستان «كوممۇنىزىم تۇغى» گېزىتىدىن)

**مايتاغدا ھەۋەسكارلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى**

بۇلتۇر 3 - ئايدا يۇقىرىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن قارامايى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى دۇنياغا كەلگەنىدى. بۇ يىل 4 - ئايدا مايتاغ كان رايونىدا ئەدەبىيات، فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت ۋە ھۈسنىخەت ھەۋەسكارلىرى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ھەۋەسكارلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ گۈيتېڭ، بىرلەشمىنىڭ باش كاتىپى ۋۇ چېڭ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابلىمىت سادىق قاتارلىق يولداشلار قاتنىشىپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدىكى بۇ خىل يېڭى ئىجادىيىتىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەبرىكلىدى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز)



جۇ يىگاۋ فوتوسى




ساۋاقداشلار مۇھاكىمىسى

www.uyghurkitap.com



# تارىم

《塔里木》文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1987 - يىل 6 - سان (316 - سان)، 37 - يىل نەشرى

编 辑：《塔里木》编辑部
出 版：新疆人民出版社
印 刷：新疆新华印刷厂
发 行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司（北京 782信箱）
订阅、零售：各地邮局所

تۈزگۈچى «تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو، تېلېفون نومۇرى: 24784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782 - خەت ساندۇقى).
O.P. BOX 782 BEIJING. CHINA

刊 号：58—66新疆维吾尔自治区期刊登记证第 356号
定 价：八角

باسما تاۋاق: 10. ژۇرنال نومۇرى: 66—58. باھاسى: 0.80 يۈەن.
قەرەللىك ژۇرنال نومۇرى: 356.